# خوتەن سىغەن جۇەنكى ئىلمىي ژورنىلى

# 和田师专学报

# THE JOURNAL OF KHOTAN TEACHERS'COLLEGE

ئىجتىمائىي پەن قىسمى

3

1989

# خوتەن سىفەن جۇەنكې ئىلمىي ژۇرنىلى

( ئىجتىمائىي پەن قىسمى )

1989- يىل 3- سان
(ئومۇمىي 16- سان)

خوتەن سىفەن جۇەنكې مەكتىپى گېزىت - ژۇرنال تەھرىر
بۆلۈمى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

خوتەن سىفەن جۇەنكې
ئىلمىي ژۇرنىلى
(ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
1989 - يىل 3 - سان

خوتەن سىفەن جۇەنكې مەكتىپى
گېزىت-ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى
تەرىپىدىن تۈزۈلدى
(ئومۇمىي 16 - سان)

## كىتابخانلار دىققىتىگە

بەت

كۈللىنىۋاتقان خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى ........ ئابدۇللا تۇرسۇن ........ 1
لاياقەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە ئىشلىگەن ........
خىزمەتلىرىمىز ........ ئابدۇللا مەتسېيىت ........ 12
سىياسىي خىزمەت — بارلىق خىزمەتلەرنىڭ جان تومۇرى ........ يەن باۋلېيەن ........ 18
نېمە ئۈچۈن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىمىز ؟ ........
........ تۇرسۇن غېنى ........ 30
سوتسىيالىزمنىڭ تەۋەن باسقۇچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك توغرىسىدا ........
........ ئابدىراخمان مامۇت ........ 43
تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش-
مەسىلىسى توغرىسىدا ........ دولقۇنجان تۇرسۇنىياز ........ 56
مەكتەپلەردىكى سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ........
........ توخان جاپپار ........ 63
پاكۇلتېت مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە پاكۇلتېت مۇدىرى ........ سۈڭ چەنشىڭ ...... 69
«تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى يەر ناملىرى توغرىسىدا ........ شېرىپجان قاسىم ........ 81
ئەدەبىي مىراس «دىۋان سەئدۇللا» ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى توغرىسىدا ........
........ مۇھەممەتتوختى ئەخمەت ........ 96
ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلايلى ...... ئۆمەرجان سېيىت........ 110
جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا ........
........ ئوبۇلھەسەن مىرزا ........ 122
تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىكىسىغا دائىر بىر مەسىلە توغرىسىدا ........
........ ئابدۇرىشىت باھاۋۇدۇن ........ 128
ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىم ........
........ مۇختار سوپۇرگى ........ 137
جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكى ھەققىدە بەزى ئىزدىنىشلىرىم........ئەنۋەر مەترۇزى ......142
ئالىي مەكتەپ كۇتۇبخانىلىرى بىلەن پاكۇلتېتلاردىكى ماتېرىيال بۆلۈملىرىنىڭ مۇ-
ناسىۋىتى توغرىسىدا........ مەتتوختى ئەخمەت........ 146
تەسىرات ۋە يېزىقچىلىق ........ ئابدۇللا سۇلايمان ........ 152
تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە
........ ئابدۇلھەمىت ئىمىن ........ 161
جۇڭگو تارىخىدىكى مىللىي قەھرىمانلار مەسىلىسى توغرىسىدا ........ ۋېي چىيەنجى ... 168

# گۈللىنىۋاتقان خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى

١

ئابدۇللا تۇرسۇن

( مەكتەپ مۇدىرى )

خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى 1978 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن سابىق خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ. خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىنىڭ ئاساسى بولغان سابىق ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپى 1938 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ 51 يىللىق تارىخقا ئىگە. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ يەنئەندىن شىنجاڭغا ئەۋەتكەن پېشقەدەم كومپارتىيە ئەزاسى — يولداش ماجاۋسۇڭ خوتەن سىفەننى قۇرۇشقا قاتناشقان ھەم مەكتەپنىڭ تۇنجى مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتىگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ مەكتەپ 1978 - يىلغىچە بولغان 40 يىللىق تارىخىدا جەنۇبىي شىنجاڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ياراملىق بولغان 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ۋە بىر قىسىم پارتىيە - ھۆكۈمەت خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خوتەن تارىخىدا قۇرۇلغان تۇنجى ئالىي مەكتەپ بولۇپ، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلغان.

خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومى قۇرۇلغان 10 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، خەنزۇ، ژاڭزۇ، قاتارلىق 7 مىللەتتىن جەمئىي 2394 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتى، خەنزۇ تىلى ئەدەبىياتى، خەنزۇ تىلى، تارىخ، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق 7 پاكولتېت تەسىس قىلىنىپ 8 كەسىپ بويىچە ھازىرغا قەدەر 1348 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشماقتا.

پارتىيىنىڭ مەكتەپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىدىكى رەھبەرلىكى ۋە يادرولۇق رولىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ئوقۇتۇش ۋە سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىپ سوتسىيالىستىك يۆنىلىش بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى،

مەكتەپ پارتكومى پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلار ئىدىيەۋى-سىياسى
خىزمىتى، زىيالىيلار خىزمىتى، بىرلىكسەپ خىزمىتى، پارتىيىنىڭ تەشۋىقات نەزەرىيەۋى
خىزمىتى، تەشكىلات خىزمىتى، شۇنىڭدەك ياشلار ئىتتىپاقى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئو-
قۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنى يېتەكلەش خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى.
سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىك
قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق مەكتىپىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا زور رول ئوي-
نىدى. مەكتىپىمىز مەكتەپ پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل
يەكۈنلەپ، مەكتەپ باشقۇرۇش قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ 10 يىل
ئىچىدە غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھەر دەرىجىلىك خىزمەت ئورگانلىرى ئىل-
گىرى-كېيىن تەسىس قىلىنىپ مۇستەھكەملەندى. بىر قانچە قېتىملىق تەرتىپكە سېلىش
ۋە تەڭشەش ئارقىلىق كۈچەيتىلدى. ئورگانلار ۋە خادىملارنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت
تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ پەيدىن-پەي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت مىق-
دارى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ھەر
خىل قائىدە-تۈزۈملەر تۈزۈلۈپ ئەستايىدىل ئىجرا قىلىندى. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە «ئا-
لىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى»، «تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» نى ئۆ-
گىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش چىڭ تۇتۇلدى. قانۇن، ئىنتىزام ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە رى-
ئايە قىلىش تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مۇكاپاتلاش
بىلەن جازالاشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى.

ھەر دەرىجىلىك مەسئۇل كادىرلار ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىرىشىپ ئۆگىنىپ ئالىي مەك-
تەپ باشقۇرۇش ئىلمى ۋە قانۇنىيىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، رەھبەرلىك سەنئىتىنى ئۆس-
تۈرۈپ مەكتەپ تەرەققىياتى جەريانىدا كۈچلۈك رول ئوينىدى. مەمۇرى باشقۇرۇش،
ئىدىيەۋى-سىياسىي خىزمەت ۋە ئارقا سەپ ھەر دەرىجىلىك خادىملار ئىچىدە ئۇنۋان
باھالاش يولغا قويۇلۇپ، 11 نەپەر كىشى ئالىي دەرىجىلىك، 24 نەپەر كىشى ئوتتۇرا
دەرىجىلىك، 28 نەپەر كىشى تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشتى.

مەكتىپىمىزدە دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش پىلانى، ئوقۇتۇش پروگرام-
مىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ئەمەللەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىندى. كەسىپلەرنىڭ تە-
سىس قىلىنىشى، دەرسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، مائارىپ پىراكتىكىسى، جەمئىيەت تەك-
شۈرۈش، ھەربىي تەلىم-تەربىيە، ئەمگەك ۋە تەتىل پائالىيەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك،
مۇۋاپىق ماسلاشقان ھالدا يولغا قويۇلۇپ نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپى ئۈزلۈكسىز تە-
رەققىي قىلدى ۋە مۇستەھكەملەندى. دەسلەپكى يىللاردا كۆرۈلگەن نومۇر يۇقىرى، سۈپەت
تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، دەرسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئو-
قۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش قاتارلىق خىزمەتلەردە
بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى قوللىنىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋە ئىچكىرىدىكى
بىرقىسىم ئالىي مەكتەپلەرگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىلغار خىز-

مەت ئۇسۇللىرى چارە-تەدبىرلىرى قوبۇل قىلىندى. ئوقۇتقۇچىلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ۋە دادىل يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق سوئال چىقىرىش، ئىمتىھان-سىناق ئېلىش، نەتىجىلەرنى باھالاش ئىشلىرىدا ئەستايىدىل يېڭىلاش ئېلىپ بېرىلدى. دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى ۋە مەكتىپىمىزنىڭ ئىمتىھان-سىناقلار توغرىسىدىكى بىر قاتار بەلگىلىمە تۈزۈملىرى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنىش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئاكتىپلىقى كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، نومۇرى يۇقىرى سۈپەت تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىلىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىدە كۆرۈنەرلىك تەرەققىيات بارلىققا كەلدى.

ھەرخىل كەسىپ ۋە ھەر قايسى پەنلەر بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنى سەپلەش، تەربىيەلەش، ئۆستۈرۈش چىڭ تۇتۇلۇپ، كەسپىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن، ئىشەنچلىك ۋە بىر قەدەر لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يېتىشىپ چىقتى. ھازىرقى 160 نەپەر مەخسۇس ئوقۇتقۇچى پۈتۈن مەكتەپ شتاتىنىڭ 45%تىنى تەشكىل قىلىپ مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكىدىن 6 ھەسسە كۆپەيدى. قىسقىغىنە بىرقانچە يىللاردىن بۇيان ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ 60%تى ئىچكىرى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردە بىلىم ئاشۇردى ۋە بىلىم يېتىلدى. مەكتىپىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن خىزمەتتىن ئايرىلىپ مەخسۇس بىلىم ئاشۇرۇش بىلەن خىزمەتتە تۇرۇپ بىلىم ئاشۇرۇش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ ھەرخىل كەسپىي تۈرلەر بويىچە ئوقۇتقۇچىلار ئۇستاز تۇتۇش، شاگىرت تەربىيىلەش شەكلى بىلەن پىلانلىق ھالدا ئۆز-ئارا ئۆگىنىش يولغا قويۇلۇپ دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تىل ئۆتكۈلىدىن ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە، خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى، رۇس تىلى بويىچە A B تىل ئۆگىنىش سىنىپلىرى ئېچىلىپ قەرەللىك ئوقۇتۇش داۋاملاشتۇرۇلدى. غەيرىي سىنىپ خاراكتېرىدىكى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەتتىن ئاۋۋالقى مائارىپ تەربىيىسى خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، پىلانلىق ھالدا ئىلمىي دوكلات ۋە مەخسۇس پەنلەر بويىچە دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ پېداگوگىكا، پىسخولوگىيە، ئوقۇتۇش مېتودى جەھەتتىكى بوشلۇقى تولدۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ لاياقەتلىك دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىر قانچە قېتىم ئېلىپ بېرىلغان ئۇنۋان باھالاش خىزمىتى جەريانىدا 9 نەپەر كىشى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا، 50 نەپەر كىشى لېكتورلۇق ئۇنۋانىغا، 60 نەپەر كىشى ئاسسىستېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇنۋانغا قاراپ ئوقۇتۇشقا تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى ۋە خىزمەت مىقدارى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇش ئارقىلىق ئوقۇتۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچلەر قېزىلىپ ئوقۇتۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى.

ھەرخىل تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى زىچ بىرلەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ھەر قايسى كەسپىي پەنلەر ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشىش ئۈچۈن پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا يىلىغا ئوتتۇرا

ھېساب بىلەن 100 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنىپ 10 يىل ئىچىدە فىزىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە تەجرىبىخانىلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۈسكۈنە بازىلىرى بىر مىليون يۈەنلىك ئەڭ ئىلغار زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن قوراللاندۇرۇلدى. 100 مىڭ كىتاب زاپىسىغا ئىگە كۇتۇپخانا قۇرۇلۇپ، ئەلا سۈپەتلىك جازىلار بىلەن جابدۇقلىنىپ، بىرلا ۋاقىتتا 500 ئوقۇغۇچى كىتاب كۆرەلەيدىغان شارائىت يارىتىلدى. كىتاب ئىسكىلاتى، كىتاب ئارىيەت بېرىش زالى، گېزىت - ژورنال قىرائەتخانىسى ۋە ئاپتوماتىك تېزگىنلىنىدىغان تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە ئوچۇق كىتابلار قىرائەتخانىسى تەسىس قىلىندى. كىتابخانىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقتىغا زىچ ماسلىشىپ ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدى. مەكتىپىمىزدە ئوقۇتۇش بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ۋە يېتىشىشقا پايدىلىق شارائىتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىشى ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، 2 - دەرسخانا پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇشىغا، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىشى ۋە يېتىشىشىغا، كىتابىي بىلىملەرنى ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئايلاندۇرۇشقا يېتەرلىك كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىتلارنىڭ يارىتىلىشى تۈپەيلى مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىدە يىلدىن - يىلغا يېڭى يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى.

قاتماللىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىكنى تۈزىتىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. مەكتىپىمىزنىڭ ھەر يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نۆۋىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەڭ ئاخىردا كەلگەچكە تەبىئىيكى شاللىنىپ قالغان بىلىم سەۋىيىسى نىسبەتەن تۆۋەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتىپىمىز خوتەن ۋىلايىتىدە بولغاچقا، خوتەن ۋىلايىتىگە ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن 50% دىن 40% گىچە ئوقۇغۇچىنى خوتەن ۋىلايىتىدىن قوبۇل قىلغاچقا، بۇ خىل ئەھۋال تۆۋەن نومۇرلۇق ئەمەلىي بىلىم سەۋىيىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان ئوقۇغۇچىلارنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەكتىپىمىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇنداق كونكرېت ئەھۋالى نەزەردە تۇتۇلمىسا، ئۇلار جەمئىيەتكە چىققاندا كارغا كەلمەيدىغان بىزاڭ مالغا ئايلىنىپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ. مۇشۇ تۈپەيلىدىن بىز يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارغا بىرىنچى ئوقۇش يىلى تەبىئىي پەن كەسپلىرىدە بىر ماۋسۇمدىن بىر ئوقۇش يىلىغىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىدىكى مۇھىم تەرەپلەرنى تاللاپ تەكرار ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويدۇق. بۇنداق تەكرار ئوقۇتۇش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ بىلىمىنى مۇستەھكەملەپ، ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينىدى. نەتىجىدە جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ھەر قايسى ۋىلايەتلەر

بۇ خىل تەدبىرنى قىزغىن ئالقىشلاش بىلەن بىللە ئۆز جايلىرىدىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى.

ئوقۇغۇچىلارغا ئىزچىل تۈردە كەسپىي تەربىيە بېرىشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ماھارەت ئىگىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىلدى. مەكتىپىمىز سىفەن خاراكتېرىگە ئىگە ئالىي مەكتەپ بولغاچقا، ئالدى بىلەن كەڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ شەرەپلىكلىكىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش ئىدىيىسىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. پېداگوگىكا، مېتودىكا، پسىخولوگىيە قاتارلىق دەرسلەرنى ياخشى ئۆتۈش بىلەن بىللە مەكتىپىمىزنىڭ «مائارىپ پراكتىكىسى قوللانمىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىللاردىن بۇيانقى مائارىپ پراكتىكىسىنى ئۈنۈملۈك ۋە نەتىجىلىك تاماملىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە كەسپىي ساپاسىدا كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلار بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلار يېڭى خىزمەت ئورۇنلىرىدا باشقا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارغا قارىغاندا ئەمەلىي خىزمەت جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىساسلىق ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجى ئىگەللىنىپ، مەكتىپىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئىقتىسات ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجى ۋە دۆلەتنىڭ 9 يىللىق مەجبۇرى مائارىپ قانۇنىنى يولغا قويۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن مەكتىپىمىز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، جايلارنىڭ پىلانى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، مەكتىپىمىزنىڭ 7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى كونكرېتنى پىلانى ۋە 40 - يىللىق تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلەن ئالايلى: خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىلقى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلىرى 98104 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگىنى 23049 نەپەر بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى ئومۇمى بالىلار سانىنىڭ 25% تىنى ئىگىلەيدۇ. ھالبۇكى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىلقى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى سانى 1559 بولۇپ، ئەگەر شۇ يىلقى ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپ قوينىغا ئېلىنسا، 6666 نەپەر ئوقۇتقۇچى لازىم بولىدۇ. بۇ سان ئەمەلىي بار بولغان ئوقۇتقۇچى سانىنىڭ 4 ھەسسىگە باراۋەر بولۇپ، يېڭىدىن 5000 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەكتىپىمىزنىڭ خوتەن ۋىلايىتى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرىۋاتقان

ھازىرقى ئەمەلىي سەۋىيىسى بويىچە بولغاندا، خوتەن ۋىلايىتىدە 9 يىللىق مەجبۇرى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك ئوقۇتقۇچىنى 40 يىلدا يېتىشتۈرۈپ بېرەلىگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خوتەندىن باشقا جايلارنىڭمۇ ئەھۋالى بۇنىڭدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. مۇشۇنداق كونكرېتنى تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن، مەكتىپىمىز 1984 - يىلى 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ۋەزىپىسىنى تەپسىلى ئورۇنلاشتۇردى ۋە شۇ بويىچە ئىجرا قىلىندى.

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، خىزمەتكە تەقسىم قىلىش ۋە خەلق ئوقۇتۇش ياردەم پۇلىنى تارقىتىش جەھەتتە بىر قاتار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئىسلاھ قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئادەم تەربىيىلەشتە ئەمەلىي ئېھتىياجنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇلدى. 80-يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى كەسپ تەسىس قىلىش ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا مەكتىپىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالىنىلا تەكىتلەپ جايلارنىڭ ئەمەلى ئېھتىياجىغا سەل قارايدىغان بىرتەرەپلىمىلىك ئەھۋالنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈزەتتۇق. شۇنداقلا مەكتىپىمىزنىڭ خوتەن ۋىلايىتىگە جايلاشقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خوتەن ۋىلايىتىگە كۆپرەك نەپ يەتكۈزۈش مەقسىتىدە بىرتەرەپلىمە ھالدا خوتەندىن كۆپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە خوتەننىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، تەخسىمات قىيىن بولىدىغان، ئەكسىچە باشقا جايلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان، خوتەندىن 50% ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش جەريانىدا پەقەت سان قوغلىشىپ سۈپەتكە سەل قارايدىغان، نەتىجىدە خوتەنلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى باشقا ۋىلايەتلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا تۆۋەن بولۇپ، مەكتىپىمىزنىڭ ئومۇمىي سان - سۈپەت تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدىغان ئەھۋاللارنىمۇ تۈزۈتىلدى. مەكتىپىمىز يۇقىرىقى تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئاساسەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، جايلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش توختىمى تۈزۈش تۈزۈمىنى يولغا قويدى ۋە سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى. جايلارنىڭ ھەرقايسى كەسىپلەرگە بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن بۇ يىل خىمىيە كەسپىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلماي، خىمىيە تەجرىبىخانا لابورانتلىرى كەسپىگە بىرسىنىپ قوبۇل قىلدى. خەنزۇ تىلى كەسپىگە بولسا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆپەيتىلدى. 83-يىللىق ئوقۇغۇچىلاردىن باشلاپ خەلق ئوقۇش ياردەم پۇلىنىڭ بىر قىسمى خەلق ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئۆزگەرتىلگەن بولسا، 88-يىللىق ئوقۇغۇچىلاردىن باشلاپ خەلق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

مەكتىپىمىز پارتىيىمىزنىڭ ئادەم تەربىيىلەشتىكى ئىسىل ئەنئەنىسىنى ئىزچىل جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلەشتە چىڭ تۇرغانلىقتىن بۇيىل پايتەختتە مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەرگەن مەزگىللەردە دۇچ كەلگەن زور سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۇنىڭدىن غەلىبىلىك ئۆتتى. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىياسىي- ئىدىيىۋى خىزمەتنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئىنتايىن

ئازساندىكى ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋە ھەق-ناھەقنى پەرقلەندۈرەلمەي خاتا ھالدا نامايىش قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىي پاكىت ئارقىلىق سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇق. يېقىنقى تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسەن سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت ئورگانلىرىنى كۈچەيتىش، زۆرۈر خادىملارنى سەپلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتۇق. 1988-يىلى 10-ئايدا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنى تەسىس قىلدۇق ۋە باشقارمىغا لازىملىق خادىملارنى تولۇق سەپلەپ بېرىشتىن تاشقىرى، يەنە ھەرقايسى فاكۇلتېتلارغا مەخسۇس بىرنەپەردىن ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت خادىمى قويۇلدى. سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارغا سىنىپ مۇدىرلىق ئىش ھەققى تارقىتىلىپ ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقى قوزغۇتۇلدى. مەكتەپ پارتكومىنىڭ بىرنەپەر مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپنىڭ بىرنەپەر مۇئاۋىن مۇدىرى مەكتەپنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىگە كونكرېتنى مەسئۇل قىلىندى. ھازىر مەكتەپ پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت باشقارمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىملىرى سىنىپ مۇدىرلىرى بىرگەۋدە بولۇپ، خىل بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت قوشۇنى بەرپا قىلىندى. ئۇلار مەكتىپىمىزدە كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناماقتا.

مەكتىپىمىز بىرقانچە يىللاردىن بۇيان ماركسىزم-لېنىنىزم ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچى تەربىيىلەشتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ماركسىزملىق پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىسات، ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى، ماركسىزملىق مىللەت تەربىيىسى نەزەرىيىسى، كوممۇنىستىك ئەخلاق ۋە ھەرخىل قانۇن ساۋاتلار يىللىق ھالدا دەرس قىلىپ ئۆتۈلدى. مۇناسىۋەتلىك دەرس مەزمۇنلىرىغا ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە مەزمۇنلىرى سىڭدۈرۈلدى. نۇرغۇن قېتىم سىياسىي ۋەزىيەت ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدىكى دوكلاتلار ئۇيۇشتۇرۇلدى. ھەريىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى جانلىق ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلار ئەھۋالىنى ئاساس قىلغان ھالدا نىشانلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس تېمىلار ئۈستىدە مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ تونۇشى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. مەزمۇنى ئىلمىي، شەكلى خىلمۇ-خىل بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئارقىلىق ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش ۋە تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى ھىمايە قىلىش، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش، تېچ-ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيەتنى قەدىرلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتەردۇق. نەتىجىدە بۇ يىل يازدا يۈز بەرگەن پايتەختتىكى مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ مەزگىلىدە مەكتىپىمىزدىكى بارلىق ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلار ئىدىيە جەھەتتە ھېچقانداق تەۋرەنمەي، بايرىقى روشەن ھالدا بۇ بىر زور سىياسىي سىناقتىن غەلىبىلىك ئۆتتى. نامايىش قىلىش، ئاچلىق ئېلان قىلىش، خاتا تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى چاپلاش، دەرس تاشلاشقا ئوخشاش

خاتا ۋەقەلەر سادىر بولمىدى. ئەكسىچە بارلىق ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلار مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى بىردەك كەسكىن ئەيىپلەپ، مەكتەپنىڭ خىزمەت ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى نورمالنى داۋاملاشتۇردى.

مەكتەپ قۇرۇلغان 10 يىلدىن بۇيان تەنتەربىيە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. مەكتىپىمىزدە مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى بىرلىكتە چۈشۈرگەن «ئالىي مەكتەپلەر تەنتەربىيە بەلگىلىمىسى» نى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ تەنتەربىيە دەرسلىرى ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا تەلەپ بويىچە ئۆتۈلگەندىن باشقا ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى پۇختا ھەم پىلانلىق قانات يايدۇرۇلدى. مەكتىپىمىزدە تەنتەربىيە كافېدراسى قۇرۇلۇپ، تەنتەربىيە دەرسلىرىگە مەسئۇل قىلىنغاندىن تاشقىرى تەنتەربىيە كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ ئاممىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى. «ئالىي مەكتەپلەر تەنتەربىيە بەلگىلىمىسى» دە، ئالىي مەكتەپلەردە 120 دىن 150 گىچە ئوقۇغۇچىغا بىر نەپەردىن تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى سەپلەش لازىم دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ مەكتىپىمىز پىلاندىكى تەنتەربىيە دەرسى بىلەن دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى سەپلەش ۋە تەربىيىلەش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ھازىر مەكتىپىمىزدە باربولغان 14 نەپەر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى 65 نەپەر ئوقۇغۇچىغا بىردىن توغرا كېلىپ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا ئەر مۇئەللىملەر دەرس ئۆتىدىغان، قىز ئوقۇغۇچىلارغا ئايال ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتىدىغان نىشان تامامەن ئىشقا ئاشتى. پىلاندىكى تەنتەربىيە دەرسلىرىگە ئېھتىياجلىق تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى تولۇق سەپلەنگەندىن تاشقىرى 6 نەپەر ئوقۇتقۇچى دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە كونكرېتنى يېتەكچىلىك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۈگۈنكى كۈندە مەكتىپىمىزدە دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە مەشىق دۆيلىرىدىن 8 بولۇپ ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەپتىسىگە 10 سائەت پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. ھەرقايسى دۆيلەرنىڭ 96 نەپەر ئەزاسىغا تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرى، كىيىم-كېچەك ۋە ئوزۇقلۇنۇش جەھەتتىن ئېتىبار بېرىلىپ ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىلمەكتە. ھازىر مەكتىپىمىزدە 40 مودىن ئارتۇق كۆلەمگە ئىگە بولغان تەنتەربىيە مەيدانى بەرپا قىلىنغاندىن باشقا 1000 كۋادرات مېتىر كۆلەمگە ئىگە قىشلىق تەنتەربىيە سارىيى قۇرۇلۇشى باشلاندى. مەكتىپىمىز ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا تەنتەربىيە راسخودى ئاجرىتىپ تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرى ۋە كىيىم-كېچەك تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن بىرقانچە يىللاردىن بۇيان مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققى قىلىشى ۋە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەت مەزمۇنىنى بېيىتىش ۋە جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلاردىن بىرنەچچە خىل تەنتەربىيە مەشىق دۆيلىرى تەشكىل قىلىنغاندىن سىرت ھەرخىل پەن كۇرژۇكلىرى، ئىجادىيەت ئۇيۇشمىلىرى. سەنئەت دۆيلىرى تەشكىل

قىلىندى. بۇلارنىڭ پائالىيەت شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 40 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ كىيىم-كېچەك، مۇزدىكا ۋە زۆرۈر بولغان پائالىيەت ماتېرىياللىرى ھەل قىلىپ بېرىلدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا كۆڭۈل ئېچىش سارىيى قۇرۇلۇپ بىلىيارت، شاھمات، تىكتاك توپ، كالاۋچۇر، تىياۋچى، قارتا قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى يېتەرلىك دەرىجىدە سېلىپ بېرىلدى. قىشلىق، يازلىق كۇلۇبى ياسىلىپ ۋە رېمونت قىلىنىپ، سەھنە ماتېرىياللىرى ۋە ئەلزامانىۋى كىنو قويۇش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ھەر ئايدا 8 قېتىمدىن 12 قېتىمغىچە كىنو كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. يېقىندا مەكتىپىمىز دە 40 توچكىلىق يېڭىق يوللۇق تېلېۋىزور سېتىۋېلىنى قۇرۇپ 30 سىنىپ، 10 بىرلەشمە زالدا ئوقۇغۇچىلار جەمئىي 5 قانالدا تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى، مەكتەپ سەنئەت دۆيى ئورۇنلىغان كونسېرت نومۇرلىرىنى كۆرەلەيدىغان ۋە بېرىلگەن دوكلاتلارنى كۆرۈپ ھەم ئاڭلىيالايدىغان بولدى.

ئارقا سەپ خىزمىتى چاپالىق- تىرىشچانلىقلار ئارقىسىدا ئوقۇتۇش ۋە تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكىگە ئايلاندى. مەكتەپنىڭ نورمال خىزمەت ۋە ئوقۇتۇش تەرتىپى، تەلىم-تەربىيە ئۈنۈمى ۋە مەكتەپنىڭ ئىزچىل تەرەققىياتى ئارقا سەپ خىزمىتىنىڭ كۈچلۈك كاپالىتىگە مۇھتاج. مەكتەپنىڭ تاماق، داۋالاش، سۇ، توك، يورۇتۇش ۋە ئىسسىنىش، تازىلىق، ساپ ھاۋا، گۈزەل ئازادە مۇھىت ۋە تۇرالغۇ ئۆي ۋە باشقا خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ۋاستىلىرى مەكتەپنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرت-شارائىتى بولۇپ مەكتەپ تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. 10 يىلدىن بۇيان ئارقا سەپ خادىملىرى چاپالىق تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئالىي مەكتەپ تەلىم تەربىيە خىزمىتىنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكىگە ئايلاندۇردى. سۇ، توك، يورۇتۇش، ئىسسىنىش ئىشلىرىنىڭ 24 سائەت ئىچىدە توختاپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. مەكتەپ ھەر ئايدا ئومۇمىي تاماق پۇلىنىڭ 23% باراۋىرىدە ياشقۇرۇش راسخودى چىقىم قىلىپ، تاماقخانا ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىپ، تاماقنىڭ تۈرى كۆپ، سۈپەتلىك ۋە ئەرزان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. تازىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىق دەرىجىسىنى يىلدىن-يىلغا ئاشۇرۇش بىلەن 86-يىلدىن 88-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا خوتەندە پەيدا بولغان، كېيىنچە ئاپتونوم رايونى بويىچە تارقالغان يۇقۇملۇق جىگەر ياللۇغى كېسىلىنىڭ مەكتەپتە تارقىلىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىندى. ئوقۇتۇش ۋە ئولتۇراق ئۆي بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى. كۆل-گىيا، باغۇ-بوستانلىق، كىشىگە راھەت بېغىشلايدىغان ساپ ھاۋالىق گۈزەل مۇھىت بەرپا قىلىندى. ئارقا سەپ خىزمىتىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت خاراكتېرىگە ئاساسەن ھەرقايسى مۇلازىمەت تۈرلىرى بويىچە كىرىم ياكى چىقىمنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ ئىش ھەققىنىڭ يۇقىرىسىغا چەك قويماسلىق، ئىش ھەققىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى تولۇقلاپ بەرمەسلىك پىرىنسىپىنى ئىجرا قىلىش

ئارقىلىق مۇلازىمەت سۈپىتى يىلدىن-يىلغا ياخشىلاندى. ئارقاسەپ خىزمىتىنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرەك بولۇشى نەتىجىسىدە ھەرساھە خىزمەتلىرىمىزدە خۇشاللىنارلىق تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى.

10 يىلدىن بۇيان مەكتىپىمىزنىڭ قۇرۇلۇش تەرەققىياتى پىلانلىق ئىلگىرى سۈرۈلۈپ ئوقۇتۇش، ئادەم تەربىيىلەش ۋە تۇرمۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلاندى. مەكتىپىمىزنىڭ ھازىر ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 180 مو بولۇپ مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىن 4.5 ھەسسە كېڭەيدى. دەسلەپكى ئۆي كۆلىمى ئاران 6 مىڭ كۋادرات مېتىر بولسا بۈگۈنكى كۈندە يېڭىدىن ئوقۇتۇش بىناسى، ياتاق بىناسى، تاماقخانا، كۇتۇپخانا، يازلىق كىنوخانا، تەنتەربىيە سارىيى، گولو، مۇنچا، ماشىنا ئەترىتى ۋە بىرقاتار مۇلازىمەت ئۆيلىرى قاتارلىقلار سېلىنىپ ئومۇمى ئۆي كۆلىمى 5 ھەسسە كۆپىيىپ 30 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتتى. مەكتەپنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش، ساپ ھاۋا، گۈزەل مۇھىت يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. مەكتەپنىڭ 40% يېرىنى كۆكەرتىش پىلانىغا ئاساسەن 6 ئورۇندا 12 مو باغ بىنا قىلىندى. 300 مېتىردىن ئارتۇق يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە كۆككە تاقاشقان سۆۋادان تېرەك قاتىرى ۋە 250 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كاتتا تال جازىسىدا كەڭ سايە تاشلاپ تومۇز ئىسسىقتا ھوزۇر بېغىشلايدىغان تال بوستانلىقى، باھاردىن قىشقىچە ئۈزۈلمەي ئېچىلىپ تۇرىدىغان رەڭگا-رەڭ ئەتىرگۈللۈكلەر بەرپا قىلىندى. نەزەرباغ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى كۆچەتلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا مەكتىپىمىزنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش جەھەتتە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ شەھەر بويىچە ئەڭ گۈزەل جايغا ئايلاندى.

مەكتىپىمىز پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 3-ئومۇمى يىغىنىدىن بۇيانقى فاڭجېن، سىياسەتلەرنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن-ئاخىر ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئاساس قىلىپ، ھەرساھە خىزمەتلەرنى ئوقۇتۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئومۇمى يۈزلۈك، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، رەھبەرلىكنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1988-يىلى 8-ئاينىڭ 3-كۈنى دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى مەكتىپىمىزنىڭ نەتىجىلىرىگە يۈكسەك باھا بېرىپ تەقدىرنامە ئارقىلىق تەقدىرلىدى ۋە 300 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى.

مەكتىپىمىز 10 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەت تەجرىبە ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، كېيىنكى مۇساپىغا ئۈمىد ۋار خۇشال قەدەم تاشلىدى. بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 10 يىلدا ھازىرقى نەتىجىلەر ئاساسىدا مەكتىپىمىزنى تەرەققىي قىلغان، مۇكەممەل، سوتسىيالىستىك زامانىۋى ئالىي مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

1-سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ھەقىقى ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز. ئادەمنى قانداق تەربىيىلەپ يې-

تىشتۈرۈش مائارىپتىكى، بولۇپمۇ ئالىي مائارىپتىكى تۈپ مەسىلە. سوتسىيالىستىك ئالىي مەكتەپلەر ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولغان، لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ باش ۋەزىپىسى قىلىشى كېرەك. بۇ بىز ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغان ئاساسىي قائىدە. بىز مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىمىزنى يۇقىرىقى ئاساسىي قائىدە بويىچە توغرىلاپ، قىزىللاشقان ھەم مۇتەخەسسىسلەشكەن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش نىشانىنى چوقۇم ئەمەلىيلەشتۈرىمىز.

2-پارتىيىنىڭ مەكتەپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش-پارتىيىنىڭ تەلىم-تەربىيە فاكۇلتېتىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئالىي مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. شۇڭا، پارتىيىنىڭ قوشۇنىنى ياخشى تەرتىپكە سېلىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەرمىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ مەكتەپنى ياخشى باشقۇرىمىز. پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، پارتكومنىڭ چوڭ ئىشلارنى تۇتۇش، چوڭ سىياسەت، چوڭ فاكۇلتېتلارنى تۇتۇش، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىنى مەھكەم ئىگىلەپ زور مەسىلىلەردە تەدبىر بەلگىلەش رولىنى ئويناش، پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇش، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتكە ئوبدان رەھبەرلىك قىلىش، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇش، كادىرلارنى ئوبدان باشقۇرۇش، ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش جەھەتتە كۈچلۈك قوللاپ، يېتەرلىك شەرت-شارائىتىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز. فاكولتېتلاردا فاكولتېت مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سىياسىي يادرولۇق ۋە جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرىمىز.

3-مەكتەپنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى، باشقۇرۇش خىزمىتىنى، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئارقا سەپ خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇتۇپ ئادەم يېتىشتۈرۈش، مۇلازىمەت قىلىپ ئادەم يېتىشتۈرۈش، باشقۇرۇپ ئادەم يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش ۋە ئۆز-ئۆزىگە مۇلازىمەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن جەمئىيەت تەربىيىسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا ئوزۇقلىنىش، چېنىقىش، ساغلام يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز.

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: دوتسېنت شىرپجان قاسىم)

# لاياقەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز

ئابدۇللا مەقسۇت

(مەكتىپىمىزنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

مەكتىپىمىز قۇرۇلغان 11 يىلدىن بۇيان پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلغان غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشتۇق.

## 1 - ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى

مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى سانى مەكتىپىمىز دەسلەپكى قۇرۇلغان مەزگىلدىكى 56 نەپەردىن كۆپىيىپ ھازىر 159 نەپەرگە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دوتسېنت ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 17 نەپەر بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار سانىنىڭ 11%نى، لېكتورلار 49 نەپەر بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار سانىنىڭ 10%نى، ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلار 60 نەپەر بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار سانىنىڭ 37%نى تەشكىل قىلىدۇ. مەكتىپىمىزدە جەمئىي 337 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 48%نى تەشكىل قىلىدۇ.

مەكتىپىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇپ كەسپىي سەۋىيىسىنى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. 1978 - يىلىدىن ھازىرغىچە تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى بويىچە بىلىم ئاشۇرغانلار 5 نەپەرگە، قېرىنداش ئالىي مەكتەپلەردە بىلىم ئاشۇرغانلار ياكى ئومۇمىي پەنلەر بويىچە بىلىم ئاشۇرغانلار 67 نەپەرگە، خىزمەتتە تۇرۇپ بىلىم ئاشۇرغانلار 43 نەپەرگە، قىسقا كۇرس ۋە لېكسىيە سۆزلەش يىغىنلىرىغا قاتناشقانلار 34 نەپەرگە يەتتى. داۋاملىق سەۋىيە ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ۋە ئوقۇتۇشنى ئەتراپلىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۇلارنى تىل ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا تەشكىللەپ، پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىلدى. خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش بويىچە 3 قارارلىق كۇرستا 147 نەپەر، ئېنگلىز تىلى ئۆگىنىش بويىچە 90 نەپەر ئوقۇتقۇچى بىلىم ئاشۇرغانىنىڭ سىرتىدا، سىفەن خاراكتېرلىق بولمىغان ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ تەلىپىدىن چىقالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، مېتودىكا كەسىپلىرى

بويىچە 40 نەپەر ئوقۇتقۇچى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. مەكتىپىمىزدە ياش ئوقۇتقۇچىلار بىرقەدەر كۆپ بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيەسى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشنى كۈندۈلۈك ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى دەپ قاراپ، ئۇلارنى يېتەكلەشكە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى ئاجرىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ دەرس تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش ۋە ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبە ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا پەيدىن-پەي ئاساس يارىتىلدى.

## 2 - كەسپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى

مەكتىپىمىز يېڭى قۇرۇلغان ۋاقىتتا 2-پاكۇلتېت - 2 كەسىپ بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 84 نەپەر ئىدى. 11 يىلدىن بۇيان يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەدرىجىي ھالدا كەسپىي قۇرۇلمىلار كۆپەيتىلىپ ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە، تارىخ، تىل-ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلى قاتارلىق 7 پاكۇلتېت ۋە سىياسىي نەزەرىيە كاپېدراسى، تەنتەربىيە كاپېدراسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇغۇچى سانى 890 نەپەرگە يەتتى.

ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، دەرسلىك ماتېرىياللار قۇرۇلۇشى ۋە تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشى ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا مەكتىپىمىزدە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇش بىلەن بىرلىكتە دەرسلىك ماتېرىياللار قۇرۇلۇشى ۋە تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. 1978-يىلدىن بۇيان مەكتىپىمىزدە تۈزۈلگەن دەرسلىك پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى 84 خىلغا، تەرجىمە قىلىنغان دەرسلىك پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى 46 خىلغا، كۆچۈرۈپ باستۇرۇلغان دەرسلىك 10 خىلغا، رەتلەپ تۈزۈلگەن دەرسلىك 35 خىلغا، دەرس مەزمۇنىدىكى فىلىم 627 خىلغا (071 سائەتلىك) يەتتى. 53.26700 يۈەن سەرىپ قىلىپ 12153 پارچە دەرسلىك ماتېرىيالى (ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت 7616 پارچە، تەبىئىي پەنگە ئائىت 4535 پارچە) سېتىۋېلىندى ۋە 14274 پارچە جاگيى بېسىلدى.

ھازىر مەكتىپىمىزدە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مېخانىكا ئىسسىقلىق تەجرىبىخانىسى، ئېلېكترو-ماگنىت تەجرىبىخانىسى، ئوپتىكا تەجرىبىخانىسى، مانتىيورلۇق ئىلمىي تەجرىبىخانىسى، رادىئوتېخنىكا تەجرىبىخانىسى، ئانالىز خىمىيە تەجرىبىخانىسى، ئورگانىك خىمىيە تەجرىبىخانىسى، ئېنئورگانىك خىمىيە تەجرىبىخانىسى، فىزىكا-خىمىيە تەجرىبىخانىسى، ئانالىز تارازا تەجرىبىخانىسى، ئۆسۈملۈك جۇغراپىيە تەجرىبىخانىسى، تۇپراقشۇناسلىق جۇغراپىيە تەجرىبىخانىسى، گېئولوگىيە-گېئومورفولوگىيە تەجرىبىخانىسى، مېترولوگىيە-كىلىماتولوگىيە تەجرىبىخانىسى، كارتوگرافىيە ۋە گېئودېزىيە تەجرىبىخانىسى، تىل تەجرىبىخانىسى ھەمدە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش سىستېمىسى تەسىس قىلىندى. ئېلېگە

ئېلىكتىرلەشكەن ئوقۇتۇشتا سىنئالغۇ فىلىمى قويۇش تورى قۇرۇلۇپ، ئۇنىۋىرسال ئېلىكتىرلەشكەن سايمانلار 24 خىل (2867 دانە) غا يېتىپ، ئومۇمىي سوممىسى 400 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. دەرسلىككە ئائىت جەمئىي 971 سائەتلىك 627 خىل سىنئالغۇ فىلىمى بولۇپ، بۇلار ئىچىدە سىياسەت دەرسلىكىگە ئائىت سىنئالغۇ فىلىمى 32 خىل، 40 سائەتلىك؛ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە ئائىت سىنئالغۇ فىلىمى 89 خىل، 224 سائەتلىك؛ تارىخ دەرسلىكىگە ئائىت سىنئالغۇ فىلىمى 111 خىل، 94 سائەتلىك؛ جۇغراپىيە دەرسلىكىگە ئائىت سىنئالغۇ فىلىمى 76 خىل، 59 سائەت-لىك؛ فىزىكا دەرسلىكىگە ئائىت سىنئالغۇ فىلىمى 87 خىل، 65 سائەتلىك؛ خىمىيە دەرسلىك-كە ئائىت سىنئالغۇ فىلىمى 70 خىل، 51 سائەتلىك؛ ماتېماتىكا دەرسلىكىگە ئائىت سىنئالغۇ فىلىمى 8 خىل، 18 سائەتلىك؛ تەنتەربىيە دەرسلىكىگە ئائىت سىنئالغۇ فىلىمى 26 خىل، 45 سائەتلىك، پەن-تېخنىكا ۋە باشقا پەننىي بىلىملەرگە ئائىت سىنئالغۇ فىلىمى 28 خىل، 31 سائەتلىك؛ دەرسلىككە مۇناسىۋەتلىك فىلىم 97 خىل، 314 سائەتلىك؛ خۇەندىك فىلىمى 5840 خىلدىن ئارتۇق.

ئومۇمەن، مەكتىپىمىزدە ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلدۇرۇلىدىغان ئەمەلىي تەجرىبە ئۇسكۇنىلىرى يىلدىن-يىلغا مۇكەممەللىشىپ، ھەرقايسى كەسپىي دەرسلەر مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ 90% ئەتراپىدا تەجرىبە ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

## 3. ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتى ۋە كۇتۇبخانا قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى

مەكتىپىمىزدە تەسىس قىلىنغان ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا دەرسخانا ئىچى بىلەن دەرسخانا سىرتىنى بىرلەشتۈرۈش، نەزەرىيىۋى بىلىم بېرىش بىلەن ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش -- ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇنلارنىڭ بىرسىدۇر.

بىرقانچە يىلدىن بۇيان مەكتىپىمىزدە ئىجتىمائىي پەن كەسىپلىرى جەمئىيەتتىن ئۆگىنىش، جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى، تەبىئىي پەن كەسىپلىرى زاۋۇت، كارخانىلار ۋە تەجرىبىخانىلار ئارقىلىق نەزەرىيىۋى بىلىمنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. ھازىرغىچە 6 قارار ئوقۇغۇچى (9 سىنىپ) يېزىلارغا، يېزا باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارغا ۋە بىرقىسىم زاۋۇت- فابرىكىلارغا بېرىپ، ھەپتىدىن تەكشۈرۈپ ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرۇلدى. ئۇلار كەڭ يېزىلارنىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسىنى بىۋاستە كۆردى. تەكشۈرۈش دوكلادى، زىيارەت خاتىرىلىرى قاتارلىقلارنى يازدى.

تەبىئىي پەنلەر بويىچە 3 قېتىم دالا تەكشۈرۈش پراكتىكىسى، ئاسارە-ئەتىقىلەرنى كۆرۈش ۋە تەجرىبىخانىلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش چىڭ تۇتۇلدى. مەكتىپىمىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن 243 مىڭ خەتلىك بىر توپلام ئىشلىدى. بۇ توپلامغا 108 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ 350 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلدى، ئۇنىڭدىن باشقا «جەمئىيەتنى ئۆگىنىش

گېزىتى» تەسىس قىلىنىپ، 9 يىل گېزىتتا 120 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ 150 پارچە ئەسىرى ئېلان قىلىندى. فىزىكا تەجرىبىخانىلىرى ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، «ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ئۇرنى» تەسىس قىلىپ ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلار ئارقىلىق بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيىتى ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بېرىلدى.

كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشى يىلدىن-يىلغا مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، باشقۇرۇش ئىلمىيلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇ-تۇش ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇلدى. ھازىر مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتاب جۇغلانمىسى 101 مىڭ 750 نۇسخىدىن ئارتۇق. كۇتۇپخانىنىڭ ئارىيەت بېرىش بۆلۈمى، ئۆزتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن گېزىت-ژۇرناللار بۆلۈملىرى، كاتالوگ تۈزۈش بۆلۈمى، تىكىش-تۇپلەش بۆلۈمى، سېتىۋېلىش، پىلانلاش، لايىھەلەش بۆلۈمى، خەنزۇچە ئۇنىۋېرسال كىتابلار بۆلۈمى قاتار-لىق ئورۇنلار ئوقۇتۇش ئۈچۈن قىزغىن خىزمەت قىلماقتا. 350 نۇسخىدىن ئارتۇق ھەر-خىل يېزىلتتىكى گېزىت-ژۇرناللار كەڭ ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پايدىلىنىش ئېھتىياجىنى قامداپ كەلمەكتە.

4 - ئىلمىي تەتقىقات ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتى ئىزچىل چىڭ تۇتۇلۇپ، ئوقۇتقۇ-چىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋەجەمئىيەت ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىلدى

مەكتىپىمىز ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، كەڭ ئوقۇتقۇ-چىلارنى ئوقۇتۇش مەقسىدى، ئوقۇتۇش مېتودى ۋە ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىشقا پائال يېتەكلەپ كەلدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئوقۇتقۇچىلار ئۆزى سۆزلەۋاتقان دەرسلىك مەزمۇنى ۋە مېتودىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ماتارىپ ئۈچۈن پايدىلىنىش ۋە يېتەكچىلىك قىممىتىگە ئىگە بولغان 401 پارچە ئىلمىي-نەزەرىيىۋى ماقالە يېزىپ ئېلان قىل-دۇردى. مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن بويىچە 2 قىسىم نەشر قىلىنىپ ھازىرغىچە 16 سان چىقىرىلدى. ئوقۇتقۇچىلار يازغان ئىلمىي ماقالىلاردىن مەكتىپىمىز-نىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغىنى 214 پارچە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغىنى 137 پارچە، خەنزۇچە ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغىنى 32 پارچە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 1 پارچە بول-دى. ئايرىم ئوقۇتقۇچىنىڭ پايدىلىنىش كىتابى نەشرىيات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. يۇقىرىدا سانى ئېيتىلغان ئىلمىي ماقالىلارنىڭ بەزىلىرىدە ئوتتۇرىغا قو-يۇلغان تەكلىپ ۋە لايىھەلەر، شەرھىلەر ئىدارە-ئورگانلار، زاۋۇت-كانلار تەرىپىدىن قوللىنىلىپ، ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولغانلىقى ئىسپاتلاندى.

5 - ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش پىلانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى

مەكتىپىمىز، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا قويۇلىدىغان سۈپەت تەلىپى (دەرس تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش، تاپشۇرۇق بېرىش تەكشۈرۈپ تۈزگەر-

تىش، دەرستىن سىرتقى كونسۇلتاتسىيە قاتارلىقلار) ۋە بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپە، خىزمەت نورمىسى ھەممە ھەرقايسى ھالقىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەرنى ئېنىق كۆرسەتتى، ھەپتىدە 4 سائەتتىن ئارتۇق ئۆتىلىدىغان دەرسلەر بولسا، ھەر ھەپتىدە 2 قېتىم، ئۇنىڭدىن ئاز ئۆتىلىدىغان دەرسلەردە ھەپتىدە بىر قېتىم تاپشۇرۇق بېرىپ ئۆزگەرتىش، مائارىپ ئىلمىي، تارىخ، پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىسات، مىللەت نەزەرىيىسى، قانۇن ۋە ئەخلاق دەرسلىرىدە، ماۋسۇمدا بىر قېتىمدىن ئىككى قېتىمغىچە ماقالە يازدۇرۇپ تەكشۈرۈپ ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى بېرىلىپ ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىنى ھېساپ خۇلاسە قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇش بىلەن بىرگە ھەر يىلى 2 قېتىمدىن ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس تەييارلىقى، سىنىپتا دەرس سۆزلىشى، تاپشۇرۇق بېرىپ ئۆزگەرتىشى، كونسۇلتاتسىيە قىلىشى ۋە ئىمتىھان- سىناق ئېلىشى قاتارلىق ئوقۇتۇش ھالقىلىرىغا قارىتا پاكولتېت. باشقارما سوئال چىقىرىپ نومۇر قويۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھەر بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ شۇ بىر يىللىق ئوقۇتۇشىغا باھا بېرىلدى ۋە تەجرىبە- ساۋاقلار يەكۈنلەندى.

مەكتىپىمىزنىڭ ھەرقايسى پاكولتېتلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە «نومۇر پاخاللىقى» يۈز بېرىپ، بىر سىنىپتىلا نەچچە ئون ئەلاچى چىقىدىغان، ئەلاچىلار، ياخشىلار، ئوتتۇراھاللار ۋە لاياقەتسىزلەر ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق بولمايدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. 3 – 4 يىل ئىلگىرى ساقلانغان بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا ئوقۇتۇشنى تەتقىق قىلىش ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمەتلىرى پىلانلىق، تەشكىللىك ئىشلەندى. ئوقۇتقۇچىلار كەسپىي يىغىنلار ۋە ھەرخىل مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئۆز قاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىمتىھان سوئالى چىقىرىشنى ۋە ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ جەھەتتىكى تۈزۈملەرنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم دەرىجە قاتلىمىدىكى پەرقلەر روشەن ئىپادىلىنىدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت مىقتارى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلىشى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. مەكتىپىمىز 1982-يىلدىن باشلاپ مائارىپ بۆلۈمىنىڭ يوليورۇقىغا ۋە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «يولغا قويۇش چارىسى»غا ئاساسەن بۇ تۈزۈمنى يولغا قويغان ئىدى. يىللاردىن بۇيان بۇ تۈزۈمنى 3 قېتىم ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ باردى. خىزمەت مىقتارى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا ئىزچىللاشتۇرۇش پرىنسىپى ۋە ئۇسۇللىرى مەكتەپ رەھبەرلىكى تەرىپىدىن ئېنىق كۆرسىتىلىپ «بەلگىلەش، خاتىرىلەش، ئېنىقلاش، ھېسابلاش، باھالاش» ئۆتكەللىرى بويىچە سۈپەت بىلەن سان، ئۇنۇم بىلەن پەرق ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، خۇلاسە چىقىرىلدى. بۇنىڭدا «داش قازان» تامىقى يېيىشكە قارشى تۇرۇپ، سۈپەت ۋە سان جەھەتتىن ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغانلار مۇكاپات پۇلى ئالدى، خىزمەت مىقدارىنى ئورۇنلىيالمىغان ئوقۇتقۇچىلار باھالاش- مۇكاپاتلاش ئوبيېكتى بولالمىدى. بۇ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپلىقى قوزغۇتۇلۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

ئوقۇتۇش سۈپىتىگە يىلمۇ - يىل كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەكتىپىمىزنىڭ تە-

تەربىيە، ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. ھەرقايسى پاكولتېتلاردا ئۆتۈلىدىغان كەسپىي تەنتەربىيە دەرسى چىڭ تۇتۇلۇش بىلەن بىرگە، ئەتىگەن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىمۇ چىڭ تۇتۇلدى. ھەپتىدە 5 كۈن (ھەركۈنى ئىككى يېرىم سائەت) بارلىق ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇلغاندىن سىرت، ھەرقايسى پاكولتېتلاردا ئايرىم- ئايرىم ھالدا قىز- ئوغۇللارنىڭ تەنتەربىيە كوماندىلىرى تەشكىل قىلىنىپ، ھەر ماۋسۇمدا پاكولتېتلار ئارا 3 قېتىم، يىلىغا 6 قېتىم لەنچۈر، پەيچۈر ۋە يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئارقىلىق مەكتىپىمىزنىڭ ئەتىگەن سىرتقى پائالىيەتلىرى جانلاندۇرۇلۇپ، ساغلام تەن ئارقىلىق، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

يۇقىرىدىكى 6 تۈرلۈك ئاساسىي خىزمەتلەر بىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمىز بولۇپ، ھازىرغىچە قوبۇل قىلىنغان 2490 نەپەر ئوقۇغۇچىغا، 1499 نەپەر ئوقۇش پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلارغا مەسئۇلىيەتچان ۋە تەلەپچانلىق بىلەن پەن بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، ئۇلارنى ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، ئىنتىزامچان، غايىلىك كىشىلەردىن قىلىپ يېتىلدۈرۈشىمىزدىن ئايرىلالمايدۇ.

بىز ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدۇق. ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئەھۋالىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە 1988-يىلى كۈچ تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدا ئىشلەۋاتقان 666 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىرقېتىمدىن ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقتۇق، تەكشۈرۈش خۇلاسىمىزگە ئاساسلانغاندا ئەلا دەرىجىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلار 228 نەپەر بولۇپ 34،2%نى؛ ياخشى دەرىجىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلار 346 نەپەر بولۇپ 51.9%نى؛ ئوتتۇرا دەرىجىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلار 76 نەپەر بولۇپ 11.5%نى؛ لاياقەتسىزلەر 14 نەپەر بولۇپ 2.1%نى تەشكىل قىلغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىن بىرمۇنچىسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار بويىچە ئوقۇتۇش سېپىدە ئىلغار باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. خىزمەت نەمۇنىچىسى ۋە «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» بولۇپ ئىشلىگەن. بىرقىسىملىرى رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان.

بىز ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش بويىچە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمىزنى خۇلاسىلىغاندا، ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ خېلى نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى، تەلەپتىن تېخى يىراق ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلماقتىمىز. بىز نەتىجىلىرىمىز ئالدىدا قانائەتلەنمەي، تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئىزچىل يەكۈنلەپ، تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملارنى، جۈملىدىن ياراملىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىمىز.

1989- يىل ئۆكتەبىر

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتوختى ئەخمەت)

# سىياسىي خىزمەت بارلىق خىزمەتلەرنىڭ جان تومۇرى

يەن باۋلىيەن

سوتسىيالىستىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، خوتەن سىفەن جۇەنكې مەكتىپى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قاتار قارار ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، لاياقەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئۆزىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىپ، كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش، مۇلازىمەت قىلىپ ئادەم تەربىيىلەش، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش ۋە مەكتەپنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش داۋامىدا بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنىڭ سىفەن جۇەنكې مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەلۇم تۆھپە قوشۇپ، 1988 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر سىفەن جۇەنكې بولۇپ باھالىنىپ، دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىنىشىغا ئېرىشتى. خوتەن سىفەن جۇەنكېنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مەكتەپ باشقۇرۇشتا نەتىجىگە ئېرىشىشتىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنى ئەسلەپ خۇلاسىلىغىنىمىزدا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىش ۋە كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، تۆۋەندە مەكتىپىمىزنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى قوللانغان بىر نەچچە تەسىرات ۋە ئىشلەش ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1 - پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ يادرولۇق، جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش. پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ يادرولۇق، جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ئاساسەن رەھبەرلىك بەنزىسى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. مەكتەپنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىش - بارالماسلىقتىكى ئاچقۇچ بىر ياخشى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق. خوتەن سىفەن جۇەنكې مەكتىپىدە پارتكومدىن ھەر قايسى پارتىيە ياچېيكىلىرىغىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا باشلامچىلىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ ۋە ئىجرا قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزى كومىتېت بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكىنى ساقلاپ، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش

پېكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن،
سىياسەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق باشلامچىلىق بىلەن تەشۋىق قى-
لىپ ۋە ئىجرا قىلىپ، شۇ ئارقىلىق بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئو-
قۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پار-
تىيىنىڭ مەكتەپكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ يادرولۇق،
جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. 1988 - يىلى بېشىدا، فاكۇلتېتى
قاتارلىق كىشىلەر بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش سەپسەتىلىرىنى ھەدەپ غالجىرلىق بىلەن
تارقىتىپ، «ئوقۇغۇچىلار دولقۇنى» نى ئوچۇق، ئاشكارا قوزغىتىپ، پارتىيىگە كۈچ
كۆرسەتتى. 1988 - يىلى شىنجاڭدا «15 - ئىيۇن» كۈنى يۈز بەرگەن مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ۋەقەسى ۋە 1989 - يىلى
ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن ئوقۇغۇچىلار دولقۇنى، مالىمانچىلىقى، بېيجىڭ-
دا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ، ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «19 - ماي» ئۇرۇش،
چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچىلىك ۋەقەسى ۋە پارتىيە، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى-
گە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، مەكتەپ پارتكوم ئەزالىرى مەيدانى مۇس-
تەھكەم، بايرىقى روشەن بولغان ھالدا باشلامچىلىق بىلەن تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا
چىڭ تۇردى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇردى، مالىمانچىلىققا ۋە توپىلاڭغا قارشى
تۇرۇشتا چىڭ تۇردى. پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن مەمۇرىيەت رەھبەرلىك
بەنزىسى ئەزالىرى پاكولتېت بىلەن سىنىپلاردىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدى-
يەۋى - سىياسىي خىزمىتىنى ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ شەخسەن ئۆزلىرى تۇتۇپ، بارلىق
پارتىيە ئەزالىرى ۋە كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تۆت ئا-
ساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش تەش-
ۋىقى خىزمىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتىپىمىزدىكى
كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن مالىمانچىلىق مەزگىلىدە بىر-
سىمۇ كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلمىدى، مەكتەپ ئىچىدە بىرمۇ چوڭ - كىچىك خەتلىك
گېزىت كۆرۈلمىدى، بىرمۇ قانۇنسىز تەشكىلات قۇرۇلمىدى، بىرمۇ كىشى دۈشمەن را-
دىيوسىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىمىدى، بىرمۇ سىنىپ دەرس توختاتمىدى، پۈتكۈل مەكتەپ-
نىڭ ئوقۇتۇش، خىزمەت ۋە تۇرمۇش تەرتىپى رەتلىك بولدى، بارلىق پارتىيە ئەزا-
لىرى ۋە ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىدىيە جەھەتتە،
سىياسىي جەھەتتە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك
بىردەكلىكنى ساقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭنى تىنى-
چىتىشتا قوللانغان بىر قاتار توغرا ھەل قىلغۇچ سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئەمە-
لىي ھەرىكىتى بىلەن قەتئىي ھىمايە قىلىپ، ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئوقۇت-
قۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پرولېتارىياتلىق مۇستەھكەم مەيدانى ۋە
يۈكسەك سوتسىيالىزملىق ئېڭىنى ئىپادىلىدى.

مەكتىپىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ يادرولۇق، جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە ئۈلگىلىك رول ئوينىدى.

مەكتەپ پارتكومى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىغا تايىنىپ ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەردى. مەكتىپىمىزدە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 3 دەرىجىلىك تەشكىلىي ئورگانلىرى قۇرۇلۇپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشكە، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە پائال تەشكىللەپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارغا پارتىيىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بەردى. «ئۈچتە ياخشى» بولۇشنى نىشان قىلىپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارغا ئەخلاقى، ئەقلى ۋە جىسمانى جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلىش توغرىسىدا تەربىيە ۋە ياردەم بەردى. بولۇپمۇ ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى پارتىيە تەشكىلىي ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سىياسىي فوداۋيەنلەر ۋە سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ كونكرېت ياردىمى ئارقىسىدا ساۋاقداشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈرلۈك تەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىپ سىنىپتىكى بارلىق ساۋاقداشلارنى ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانى جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ھەر قايسى ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئىتتىپاق دەرسى تەربىيىسى ئېلىپ باردى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ماسلىشىپ «5 بولۇش»، «4 گۈزەل»، «3 نى قىزغىن سۆيۈش»، «ئۈچتە ياخشى بولۇش»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش» ۋە تۈرلۈك ئەدەبىي - سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئەنە شۇنداق پايدىلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قىزىقىشى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى پەيدىن - پەي ئۆستۈرۈلۈپلا قالماستىن بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت ياشلىرىنى پارتىيە تەشكىلاتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئالىي سىفەن جۈەنكې مەكتىپىدىن ئىبارەت بۇ ئۇنۇملۇك تۇپراقتا ئۆزلىرىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

2 - كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانى جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى

سۈرۈش. مەكتەپ پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتى، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ئارماقلىرى ھەر قايسى پاكۇلتېتلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بارلىق ئوقۇتقۇچىلار پۈتكۈل ئوقۇتۇش خىزمەتلىرى داۋامىدا كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئاڭلىق ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بەردى. كىتاب ئوقۇتۇشنىڭ «ئادەم تەربىيىلەش» تىكى مۇھىم يول ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش ۋە كوممۇنىزملىق دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرۈشتە پۈتكۈل ئوقۇتۇش خىزمىتى داۋامىدا ئادەم تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئاڭلىق ئېلىپ بېرىشقا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى تولۇق تونۇۋالدى.

مەكتەپ پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتىنىڭ كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش نىشانىنى ئېنىق، پوزىتسىيىسى قەتئىي بولۇپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلارغا تايىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت مەكتەپ باشقۇرۇش كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشنى مائارىپ ئىدىيىسىنى توغرىلاپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى قىلىپ، مەكتەپ بويىچە كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەيدىغان جامائەت پىكرى ۋە كەيپىياتىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈپ، ياخشىلارنى ۋاقتىدا تەقدىرلەپ، ناچارلارغا تەنقىدى تەربىيە بەردى. مەكتەپ يەنە كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەشنى ئىلغارلارنى باھالاش، ئۇنۋانىنى ھەم ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى قىلدى.

بۇ يىل 9 - ئايدا، مەكتىپىمىز مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە ۋىلايەتلىك مائارىپ سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى باھالىغان چاغدا كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش نەتىجىسىنى مۇھىم بىر شەرت قىلىپ، كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەشتە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، دوتسېنتى يولداش ئىمىن راشىدىن، ماتېماتىكا پاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى يولداش مەريەم توختىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى بويىچە ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى قىلىپ باھالىدى. ئىلمىي ئىشلار باشقارمىسى كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش خىزمىتىنى ھەر ئوقۇش يىلىدا بىر قېتىم خۇلاسىلاش ۋە سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ بېرىپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلەپ ۋە مۇكاپاتلاپ تۇردى. ھەر قايسى پاكۇلتېتلارمۇ كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەشنى خۇلاسىلاش ۋە سېلىشتۇرۇپ باھالاش خىزمىتىنى تۈزۈم قىلىپ مۇقىملاپ ئىجرا قىلىپ كەلدى.

ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى دائىملىق ئوقۇتۇش پائالىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئاستا - ئاستا تەسىرلىنىش جەريانىدا كوممۇنىزملىق غايە، ئەخلاق، ئىتقات ۋە ئىنتىزام تەربىيىسى ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ۋە

ئەڭ ئاساسىي ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ھەر قايسى كەسىپلەردىكى ئىندىيىۋى تەربىيىنى كەسپىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرسخانا ئوقۇتۇشىغا بىرلەشتۈرۈش يولى بىلەن ئېلىپ بارغاندا ئوقۇغۇچىلار تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. ماتېماتىكا پاكولتېتىنىڭ ئايال ئوقۇتقۇچىسى ئازاقكۆل ئانالىز ماتېماتىكىدىن دەرس ئۆتۈشتە، ماتېماتىكىلىق تۈپ قائىدىلەر ئارقىلىق دەرستە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارغا، قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەندە ۋە ئۈزلۈكسىز تىرىشقاندا ئەلاچىلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەربىيە بېرىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىدى، ئۆزىنىڭ سىنىپىمۇ كۆپ قېتىم ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى بولۇپ باھالاندى. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ماتېماتىكا پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن خىزمەت ئورنىدا كاپىدرا مۇدىرى، ئىلمى مۇدىرى، خوجىلىق مۇدىرى! ئىتتىپاق ياچېيكا شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتقانلار 15%نى ئىگەللىگەن، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنىڭ 70%تى ئوقۇتۇشتىكى تايانچلاردىن بولۇپ قالغان. جۇغراپىيە پاكولتېتىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى دولقۇن ئابدىلىمىت دەرس ئوقۇتۇش داۋامىدا كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەشتە چىڭ تۇردى. ئۇ «جۇڭگو تەبىئىي جۇغراپىيىسى» دەرسىنى سۆزلىگەندە ئېلىمىزدىكى مول تەبىئىي بايلىق مەنبەسىنى تونۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى. ئېلىمىزنىڭ نەچچە 10 يىلدىن بۇيان خۇاڭخې دەرياسىنى تىزگىنلەشتە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى سۆزلەپ ئوقۇغۇچىلاردا مىللىي ئىپتىخارلىق ھېسسىيات ۋە مىللىي غۇرۇرنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدىكى ئۇلۇغ ئىجادىيەتلەرنى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ۋە ئىلگىرىلەش قەدىمىنى كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئالاھىدە ئىجادىي كۈچىنى تونۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا توغرا غايە ھەم كىشىلىك تۇرمۇش قاراشنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدا تەربىيە بەردى.

جۇغراپىيە پاكولتېتىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى ئۆمەرجان «گېئولوگىيە» دەرسىنى سۆزلىگەندە، ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتىنىمىزنىڭ مول يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تونۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى مول يەر ئاستى بايلىقلىرى پەقەت سوتسىيالىزم دەۋرىدىلا خەلققە ھەقىقىي مەنسۇپ بولالايدىغانلىقى، خەلقنىڭ قولىدا بولالايدىغانلىقى ھەممە خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتالايدىغانلىقى، تولۇق ئېچىش، پايدىلىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. ئوقۇتقۇچى تۇرسۇنتوختى ئىقتىسادى نەزەرىيە دەرسىنى ئۆتكەن چاغدا، ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىپ، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. جوغراپىيە پاكولتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، بولۇپمۇ ئوقۇتۇش جەريانىدا كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ئوقۇغۇچىلار ھەر جەھەتتىن ناھايىتى تېز ئالغا باسقانلىقى ئۈچۈن جوغراپىيە پاكولتېتى مەكتەپ بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، مەكتەپ پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ھەم مۇكاپاتلىنىشىغا ئېرىشتى.

تەنتەربىيە ئالىي مەكتەپ تەلىم-تەربىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى. ئۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەن-سالامەتلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنى قابىلىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش، ئەخلاقلىق قىلىپ چېنىقتۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كوللېكتىۋىزىملىق روھىنى يېتىلدۈرۈش. جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، قىيىنچىلىقتىن قورقماي ئىلگىرىلەيدىغان ئىنقىلابى ئىرادىسىنى تاللاش، تەشكىلى ئىنتىزام كۆزقارىشىنى كۈچەيتىش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەكتىپىمىزنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ھەربىر ئوقۇغۇچىنى ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانىي جەھەتتىن تەرەققى قىلغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدىغان ئىز باسارلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇردى. مەكتىپىمىز 1978-يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، تەنتەربىيە ئوقۇتۇشتا مائارىپ مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان ئوقۇتۇش پىروگراممىسى بويىچە پىلان بولۇش، سۈرئەت بولۇش، مۇنتىزىم بولۇش، دەرس تەييارلىغى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئوشاش قاتلامدىكى سىفەن جۈەنكې مەكتەپلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەھۋال ياخشى بولۇپ كەلدى. «دۆلەتنىڭ تەربىيە تۈزۈمى»نى ئىجرا قىلىش، «چېنىقىش ئۆلچىمى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە يېقىنقى ئۈچ يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۆلچەمگە يېتىشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 50% ئەتراپىدا بولۇپ كەلدى. ھەر يىلى ۋەكىللەر كاماندىسىنى مەشىق قىلدۇرۇشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇپ، 86-يىلى ۋە 88-يىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇلۇپ، ئوغۇل-قىز ئىككى ئوقۇغۇچى 4 ئادەم قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يورغىلاپ مېڭىش بويىچە ئەڭ يۇقىرى رېكوتىنى بۇزدى، ئىككى قىز ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىللەر دۆيىگە تاللىنىپ، سەندۇڭ ۋە دالىيەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتى. ھەر يىلى پىلان بويىچە مۇسابىقە پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى تۈرلەردىن رادىئو گىمناستىكىسى، يېنىك ئاتلېتىكا، ۋاسكېتبول، پۇتبول، خەلقئارا شاخمات قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مۇسابىقە ئېلىپ

بېرىلىپ، ھەر يىلى مۇسابىقە ۋە مەشىقتە 80% دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى قاتناشتۇرۇلدى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەتىگەنلىك ۋەدەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكىلا ھەم ئاممىۋى
تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن-ساغلاملىقىنى ئاشۇ-
رۇش ۋە ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانى جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققى قىلىشىنى ئىل-
گىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

3. ماركسىزم - لېنىنىزملىق نەزەرىيە دەرسىنى ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت
بېرىش، مەكتىپىمىزدە پەلسەپە، سىياسىي-ئىقتىسات، مىللەت نەزەرىيىسى، پارتىيە تارىخى،
قانۇن بىلىملىرى قاتارلىق ماركسىزم - لېنىنىزملىق نەزەرىيە دەرسلىرى تەسىس قى-
لىنغان ئىدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، يۇقىرىدىكى دەرسلەرنى ئوقۇتۇش ئارقىلىق،
تىرىشىپ ئوقۇغۇچىلار ماركسىزم-لېنىنىزملىق ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر، مەيدان ۋە ئۇسۇ-
لىنى مۇكەممەل ئىگىلەش، پرولېتارىياتلىق دۇنيا قارىشىنى پەيدىن-پەي تۇرغۇ-
زۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى،

قانداق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى سوتسىيالىستىك ئالىي مەكتەپلەردە بىرىن-
چى ئورۇندا تۇرىدىغان مەسىلە.

ماركسىزم - لېنىنىزملىق نەزەرىيە دەرسىنى ياخشى ئوقۇتۇش سوتسىيالىستىك تۆتنى
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ
مۇھىم كاپالىتى. شۇڭا مەكتەپ پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتى بۇنى دائىم مۇزاكىرە قىلىپ،
كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. ئوقۇتقۇچىلار بو دەرسلەرنى ئاساسى
دەرسلەر قاتارىدا ياخشى ئوقۇتۇپلا قالماستىن بەلكى بۇدەرسلەرنىڭ سىياسىي خاراك-
تېرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، بىلىم بېرىشكە كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن بەلكى كىتاب ئوقۇ-
تۇپ ئادەم تەربىيەلەشكىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ماركسىزم - لېنىنىزم كافېدىراسى مىل-
لەت نەزەرىيىسى دەرسى ئوقۇتۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، كافېدىرادىكى ئەڭ
مۇنەۋۋەر ياش ئوقۇتقۇچى دولقۇننى بۇ دەرسنى بېرىشكە بەلگىلىدى. يولداش دولقۇن
دەرس بېرىش داۋامىدا ھەرمىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارچۇقىنى ئاسرىغاندەك
ئاسراش توغرىسىدا تەربىيە بەردى.

ئۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كۆپلىگەن جانلىق ئەمەلى پاكىتلار ۋە سوتسىيا-
لىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقىلىق ئو-
قۇغۇچىلارغا پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭ-
غاندىلا ئاندىن ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادى ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنالايدىغانلىقى ۋە
گۈللىنەلەيدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈردى. پەلسەپە دەرسنى سۆزلەش ئارقىلىق ئو-
قۇتقۇچىلار بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئوقۇغۇچىلار دولقۇنى، مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقى-
لابى توپىلاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ياش ئوقۇغۇچىلارنى ماركسى-
زملىق ئىلمى دۇنيا قارىشىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلىۋېلىش ۋەبۇ-

قېتىمقى ۋەقە داۋامىدا ياخشى ئارزۇسىدىن ئەكسى تەرەپكە مېڭىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت تەجرىبە ساۋاقلارنى توغرا قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى دائىم تەتقىق قىلىش ۋە ياخشىلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. دەرسخانىدا دەرس سۆزلەش ماركسىزملىق نەزەرىيە دەرسىنى ئوقۇتۇشتىكى مۇھىم شەكىل، لېكىن بىردىن-بىر شەكلى ئەمەس. ئوقۇتقۇچى دەرس بېرىشتە دەرسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دائىم ئوقۇغۇچىلارنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، تاپشۇرۇق بېرىش، ئىلمىي ماقالە يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، مەخسۇس تېمىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىش، مەخسۇس تېمىدىكى لېكسىيە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ھەرخىل شەكىللەر ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا كۈچلۈك ئىدىيىۋى تەربىيە بەردى. قانۇن بىلىملىرىدىن دەرس ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار بېيجىڭدىكى مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى قانۇنغا ئەمەل قىلىش ھەققىدە ئىخلاس بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشقا كۆڭۈل قويۇپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇشى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، تەربىيە بېرىش مەقسىتىگە يەتتى. ھەرقايسى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ تۈرلۈك دىسسىرتاتسىيە تېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ماقالە يېزىشقا ئو- ر . . ردى. يۇقىرىدىكىدەك ئوخشاش ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس مەزمۇنىغا بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشتۇرۇپلا قالماستىن بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت بىلىمى قاتارلىقلار جەھەتتىكى سۈپىتىمۇ بىر قەدەر زور دەرىجىدە ئۆستى. ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزم-لېنىنىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسى بېرىش ۋاقتىدا يەنە سىستېمىلىق نەزەرىيە ئۆگىنىش بىلەن مەخسۇس تېمىدىكى لېكسىيىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن نەزەرىيە جەھەتتىكى ھەق-ناھەق ۋە ئوقۇغۇچىلاردىكى مۇجمەل تونۇشلار ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇشتا بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى مەزدانىلىق بىلەن ياخشى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلىش. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەربىيىلەش مەقسىدى-سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىدىيە جەھەتتە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە بايرىقى روشەن بولغان ھالدا قەتئىي قارشى تۇرۇشتىن سىرت يەنە ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى مەردانىلىق بىلەن ياخشى تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامراپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ناھايىتى زور زەربىگە ئۇچرىدى. ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بەلگىلۈك پۇتلىكاشاڭ پەيدا قىلدى. لېكىن مەكتىپىمىزدە پارتكوم سېكرېتارلىرىدىن تارتىپ مەكتەپ مۇدىرلىرى-

ىمچە كادىرلار ئوقۇتقۇچىلاردىن قارتىپ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگىچە ئادەم تەربىيەلەشنى مەكتەپ خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى مەردانىلىق بىلەن ياخشى تۇتۇپ، مەكتەپتە ئادەم تەربىيىلەيدىغان بىر ياخشى مۇھىت شەكىللەندۈرۈلدى. تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەر ئورنىتىلىپ، ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش چىڭ-گىتىلدى. ئىنتىزام باشقۇرۇش ۋە تۇرمۇش باشقۇرۇش، جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنى ۋە تاماقخانىنى باشقۇرۇشتىمۇ ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان قائىدە-تۈزۈملەر تۈرغۇ-زۇلدى.

باشقۇرۇشنى چىڭىتىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭۈلدىكىتۈزىلىق كۆزقارىشى، تەش-كىل-ئىنتىزام كۆزقارىشى، ئىجتىمائىي ئەخلاق كۆزقارىشى، ئاممىۋى كۆزقاراش ۋە ئەمگەك كۆزقارىشى يېتىلدۈرۈلدى. 1982-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، ھەرقايسى يەسلەردىكى ئۆگىنىشى نەتىجىسى لاياقەتسىز بولغان، ئوغرىلىق قىلغان، ئىمتى-ھاندا ساختىپەزلىك قىلغان، ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ ئۇرۇش-جېدەل قىلغان، مەكتەپ-نىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلغان 16 نەپەر ئوقۇغۇچىغا مەكتەپتىن ھەيدەش، بۇيرۇق بىلەن ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈش، مەكتەپتە قالدۇرۇپ سىناش قاتارلىق ئوخشىمىغان چارىلەر كۆرۈلدى. ئوقۇغۇچىلارنى قاتتىق باشقۇرۇش ئارقىلىق، مەكتەپنىڭ ئوقۇ-تۇش تەرتىپى يەنىمۇ ياخشىلاندى. ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

1988-يىل 9-ئايدا مەكتەپ قۇمۇل، تۇرپان، قىزىلسۇ، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق 7 ۋىلايەت ئوبلاستىكى 174 ئورۇنغا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ مەكتىپىمىزدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن 666 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا خىزمەت ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق جەھەتتىكى ئىپادىسى ئەلا بولغانلار 228 كىشى بولۇپ تەكشۈرۈلگەن ئادەم سانىنىڭ 34.2 پىرسەنتى خىزمەت ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق ئىپادىسى ياخشى بولغانلار 346 نەپەر بولۇپ 51.9% نى خىزمەت ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق ئىپادىسى ئادەتتىكىچە بولغانلار 76 كىشى بولۇپ 11.5% خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغانلار 652 نەپەر بولۇپ 97.9% خىزمەتنىڭ ھۆد-دىسىدىن چىقالمىغانلار 14 كىشى بولۇپ 2.1% نى ئىگىلىگەن. ئەمەلىيەتتە باشقۇرۇش خىزمى-تىنى ياخشى ئىشلىگەندە، مەكتەپ ئىستىل ۋە ئىنتىزامى ياخشى، يېتىشتۈرۈپ چىقىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولىدىغانلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئې-رىشكىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

5-مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش.

(1) مەكتەپ پارتكوم ۋە مەمۇرىيىتى رەھبەرلىك بەنزىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، تىنچ ئىتتىپاقلىق سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش — شىنجاڭدىكى 14 مىليون ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولۇپ، ئوقۇتۇش قاتارلىق ھەرساھە خىزمەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىكەنلىكى-نى تونۇق تونۇپ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى تۆت

ئاساسىي پرىنسىپتا باشلامچىلىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداپ كەلدى.

(2) ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، ھەممە كىشىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسى ۋە «ئىككىدىن ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى بولۇش، ھەممە كىشى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى بىلىش، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى سۆزلەش، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ياخشى ئىش قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مەكتەپتە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش پىلانى تۈزۈلۈپ، كۆرەش نىشانىسى ۋە تەدبىرلىرى توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە پارتىيە ياچېيكىلىرى بىرلىك قىلىنىپ، ھەر جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن ئۆگىنىش قىلىش قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ئۆگىنىشنى تۈزۈملەشتۈرۈش، دائىملىق ئىشقا ئايلاندۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مەكتەپ پارتكومى دائىم ئۆگىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى ئاڭلاپ، تەجرىبىلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىپ تۇردى. ئۆگىنىش داۋامىدا بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تولۇق قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر بىر كىشىدە ئۆگىنىش ماتېرىيالى بولۇش، ئۆگىنىش خاتىرىسى يېزىش، ئۆگىنىش تەسىراتىنى سۆزلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلار سىنىپ مۇدىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىخلاس بىلەن ئۆگەندى ۋە مۇزاكىرىدە قىزغىن پىكىر قاتناشتۇردى. 172 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى مىللەت نەزەرىيىسىدىن ئېلىنغان ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ھەممىسى لاياقەتلىك ئۆلچەمگە يەتتى.

(3) بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە مەركەزلىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن دائىملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

(4) يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇنلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش خىزمىتى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇلۇپ، ھازىرغىچە مەكتىپىمىزدىكى 74% ئورۇن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ئورۇنغا ئايلاندى.

مەكتەپ پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن بەرپا قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاش ۋە تەقدىرلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەچكە، مەكتىپىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۆرۈنەر-

لىك نەتىجىگە ئېرىشتى ھەمدە ئۈزلۈكسىز ھالدا چوڭقۇر تەرەققى قىلدى.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتى ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتۇق. ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تونۇشى يەنىمۇ ئۆستى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ھەر مىللەت خەلقى بىر - بىرىدىن ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن كۈنسايىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. مەكتەپ پارتكومى ۋە بۆلۈم، باشقارما - پاكولتېتلاردىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولۇپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز ئارا ئىشىنىش، ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش، ئۆز ئارا قوللاش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ئەپۇ قىلىش ئومۇمى كەيپىياتقا ئايلاندى.

مەكتىپىمىز ئىدىيىۋى - سىياسى خىزمەتنى كۈچەيتىش جەھەتتە كۆپلىگەن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بولۇپمۇ مەكتىپىمىزدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇ يىل ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر مەيدان جىددى كۈرەش داۋامىدا قاتتىق سىياسى سىناققا بەرداشلىق بېرىپ، باشتىن - ئاخىر بايرىقى روشەن ھالدا مالىمانچىلىققا قارشى تۇرۇپ، مالىمانچىلىقنى توسۇش، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. لېكىن بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئىدىيىۋى - سىياسى خىزمەت سۇسلىشىپ قالغانلىقى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى قاتارلىق ئېغىر خاتالىقلار تۈپەيلىدىن، مەكتىپىمىزنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسى خىزمەتلىرىدە يەنە نۇرغۇن ئاجىزلىقلار ساقلاندى.

سىياسى خىزمەت بارلىق خىزمەتلەرنىڭ جان تومۇرى. مەكتىپىمىزنىڭ خىزمەتلىرىدە تۆت ئاساسى پرىنسىپتا باشتىن - ئاخىرى چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىدىيىۋى - سىياسى خىزمەتنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشىمىزنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، پارتىيىنىڭ مەكتەپكە بولغان توغرا رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مەكتەپتىكى مۇستەھكەم سىياسى يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسى خىزمەتنىڭ ئىلمى تۈزۈلمىسىنى تىكلەپ، ئىدىيىۋى - سىياسى خىزمەتكە ئەترابلىق ھالدا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىدىيىۋى - سىياسى خىزمەت قوشۇنىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ مەكتىپىمىزدە ئىزچىللاشتۇرۇلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز، پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارت، نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تايىنىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇ-

غۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلە-
شىمىز؛ كادىرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىمىز ھەققىي رەۋىشتە كۈچەيتىشىمىز لازىم. بىز
يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى
تەربىيىسى ھەم پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى تەربىيىسى، سوتسىيالىزم
ۋە كوممۇنىزملىق غايە، ئەخلاق ۋە ئىنتىزام تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇت-
قۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق سا-
پاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ
ئىدىيىسى ۋە مەكتىپىمىز ئوقۇتۇش قاتارلىق ھەر ساھە خىزمەتلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك
مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىنى بويلاپ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوت-
سىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش
ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

ئۆمەرجان مەنسۇر تەرجىمىسى

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: شىرىپجان قاسىم)



# نېمە ئۈچۈن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىمىز

تۇرسۇن غېنى
( مەكتەپ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى )

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى مەسىلىسى، ئەزەلدىن تارتىپ ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ نوقتىسى بولۇپ كەلدى. دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئەشۇنداق بولدى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدىمۇ شۇنداق بولۇپ كەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا، دانا رەھبەرلىكى بولغانلىقتىن ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئاندىن ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدى. بۇ بىر ئىلمىي يەكۈن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا بۇرۇنلا ئىسپاتلانغان ئىدى. لېكىن، بۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچىلار دولقۇنى ۋە مالىمانچىلىق، مالىمانچىلىقنىڭ ئەكسىل ئىنقىلابىي توپىلاڭغا تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا، بۇ مەسىلە يەنە كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىغا بېقىنمىغان ھالدا يېڭىۋاشتىن ئۆتكۈر ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇۋاتقان كىشىلەر، ئۆزلىرىنىڭ ماقالىسى ۋە چوڭ-كىچىك دازىباۋلىرىدا ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە قارىماي، ئاق-قارىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، پاكىتنى بۇرمىلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، قانداقتۇر كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىختىن ھازىرغا قەدەر «قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى چىرىكلىك، مۇستەبىتلىك، ۋەتەن ساتقۇچىلۇق» دەپ جۆيلىدى. بەزىلىرى ھەتتا «كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم» دەپ ۋالاقشىدى. بەزىلىرى چوقان كۆتۈرۈپ، «40 يىللىق سوتسىيالىزم كىشىلەرنى بىزار قىلىۋەتتى» دېدى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى دولقۇن كۆتۈرۈپ غالجىرلىقتا ئۇچچىغا چىقتى. ئەمەلىيەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ دېگىنىدەكمۇ؟ بىز تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىپ، شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىدىكى تارىخى پاكىتلارنى ئەسلەپ، ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ زادى قانداقلىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

## 1- جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى.

بۇ تارىخنىڭ يەكۈنى، شۇنداقلا بىر تەۋرەنمەس ھەقىقەتتۇر. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيانقى تارىخ شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى: ئېلىمىزدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن باشقا بىرەر سىياسىي پارتىيە ۋە گورۇھ ئىنقىلاب ئۈچۈن چىقىش يولى تېپىپ بېرەلمىگەن ياكى ھەر قانداق باشقا سىياسىي پارتىيە ۋە گورۇھ جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى.

بىرىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئالغا بېسىش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

19-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىن كېيىن چەتئەل جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلىشى بىلەن، جۇڭگو پەيدىن-پەي يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودانلىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ خىل جەمئىيەتتە، جۇڭگو خەلقى جاھانگىر، فېئوداللىزم ۋە دەلال كاپىتالىزمنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشىگە ئۇچرىدى، جۇڭگو خەلقى جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە فېئوداللىزمنىڭ ئېزىشىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەتنى خەلقنى قۇتقۇزۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىدىن كېيىنكىلار بېسىپ، قىلچىمۇ تىز پۈكمەي قەھرىمانە كۈرەش قىلدى. مەسىلەن. 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى خۇڭ شيۇچۈەن رەھبەرلىك قىلغان تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭى، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى كاڭ يۇۋېي، ليەڭ چىچاۋ قاتارلىقلار قوزغىغان ۋۇشۇي قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى، بولۇپمۇ ئۇلۇغ ئىنقىلاب پېشىۋاسى سۇن جوڭشەن ئەپەندى 1911-يىلى قوزغىغان شىنخەي ئىنقىلابى قاتارلىقلار. شىنخەي ئىنقىلابى گەرچە چىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، 2 مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان فېئودال پادىشالىق تۈزۈمىگە خاتىمە بەرگەن بولسىمۇ لېكىن جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودالىق خاراكتېرى ئۆزگەرمىدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىسى ئورۇنلانمىدى. دېمەك يېقىنقى ئەسىردىن بۇيان جۇڭگو خەلقى ئېلىپ بارغان بىر قانچە قېتىملىق قوزغىلاڭ ۋە ئىنقىلاب، تارىختا گەرچە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە رول ئوينىغان بولسىمۇ لېكىن چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى ۋە فېئوداللىزمنىڭ بىرلىشىپ باستۇرۇشى ئاستىدا، ئالدى-كېيىن بولۇپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى جۇڭگودا، مەيلى شۇچاغدىكى گومىنداڭ بولسۇن ياكى بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سىياسىي گورۇھلىرى بولسۇن ھېچ قايسىسى دۆلەتنى ۋە مىللەتنى قۇتقۇزۇش يولىنى تېپىپ بېرەلمىدى ۋە تاپالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جۇڭگونى قۇتقۇزۇش يولى جاھانگىرلىك ۋە فېئوداللىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈزۈل-كېسىل ئاغدۇرۇش ۋە شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا خەلققە كۆرسىتىپ بەردى.

1921-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلدى. ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن ئۆز-ئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى

ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قىياپىتىدە زور يېڭىلىنىش بولدى. پارتىيىمىز داغدۇغۇلۇق ئىشچىلار ھەرىكىتىنى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى كۆرۈشىنى قوزغاپ تېز ئارىدىلا جۇڭگو خەلقىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن رەھبىرى كۈچىگە ئايلاندى.

1922-يىلى، 7-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 23-كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شاڭخەيدە مەملىكەتلىك 2-قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. شۇنداقلا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 2-قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاپنامىسى»نى ماقۇللىدى ۋە ئېلان قىلدى. پارتىيىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب پروگراممىسىنى ئىشلەپ چىقتى.

قۇرۇلتاي خىتاپنامىسى جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ پارتىيىسى»، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى: «ئىچكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، مىلىتارىستلارنى يوقىتىپ، ئىچكى تىنچلىقنى ئورنىتىش»؛ «خەلقئارا جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش»؛ «جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەقىقىي دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش»تىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى «پرولېتارىياتنى تەشكىللەپ، سىنىپىي كۆرەش ۋاستىسى ئارقىلىق، ئىشچى-دېھقانلار دىكتاتۇرىلىقىدىكى سىياسىنى بەرپا قىلىپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىپ، پەيدىن-پەي كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت». مانا بۇ پارتىيىنىڭ ئەڭ تۆۋەن پروگراممىسى ۋە ئەڭ ئالىي پروگراممىسى ئىدى.

قۇرۇلتاي يەنە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 2-قۇرۇلتىيىنىڭ قارار نامىسى»، «دېموكراتىك بىرلىكسەپ توغرىسىدىكى قارار نامىسى»، «3-ئىنتېرناتسىئونالغا قاتنىشىش توغرىسىدىكى قارار نامە» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى»نى ماقۇللىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 2-قۇرۇلتىيى ئىشلەپ چىققان دېموكراتىك ئىنقىلاب پروگراممىسى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 80 نەچچە يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا ئۇزۇل-كېسىل قارشى كۆرەش پروگراممىسى بولۇپ، ئۇ جۇڭگو ئىنقىلابىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى نېگىزلىك زىددىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ ۋە شەرھلەپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ تۈپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئەمەلىيەتتە جۇڭگو ئىنقىلابى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچ بويىچە ماڭىدىغانلىقىدىن ئىبارەت زور مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

دېمەك پارتىيىمىزنىڭ 2 چوڭ كاڭلىڭى (پروگراممىسى): يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جۇڭگودا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولغاندىلا، ئاندىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئالغا بېسىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ بەردى.

ئىككىنچى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولغانلىقتىن ئاندىن ئىجادىي ھالدا ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېتنى ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆز-ئارا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، توغرا لۇشەن، فاڭجېن سىياسەتلىرىنى، ۋە توغرا جەنلۈي، سىلۇيىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاب جەريانىدا، ماۋزېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي زىددىيىتى، ئىنقىلابنىڭ ئىستىقبالى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، كىمگە تايىنىش، كىم بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، كىمگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت ئىنقىلابنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى ئۇچۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

1927-يىلى چوڭ ئىنقىلاب مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ قانلىق قىرغىن سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىمىز يەر ئىنقىلابى ۋە قورال ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىرغىن سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى؛ كېيىن يولداش ماۋزېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، يېزىلاردا ئىنقىلابىي بازىلارنى قۇرۇپ، يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش، قورال ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ شۇنداقلا پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە يەر ئىنقىلابىنىڭ نەزەرىيىلىرىنى؛ ياپونغا قارشى تۇرۇپ مىللىي بىرلىك سەپنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت سىلۇيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ياپونغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، ياپونغا قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت بىر قاتار فاڭجېن سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا، پارتىيە ۋە خەلق ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، خەلق ئۇرۇشىنىڭ نەزەرىيىسى، ياپونغا قارشى تۇرۇش بازىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق نەزەرىيىلىرىنى شەرھىلەپ بەردى. ھەمدە بۇ بىر ئاساستا يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ باش لۇشيەنى مەيدانغا كەلدى. ئازاتلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە، قەتئىي قارشى كۈرەش قىلىپ، بىر سۇڭ يەرنىمۇ تالىشىشتىن ئىبارەت سىلۇيى فاڭجېنى، جاھانگىرلار ۋە بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قەغەز يولۋاس نەزەرىيىسى، ئون چوڭ ھەربىي ئىشلار پرىنسىپى ۋە ستراتېگىيىلىك ھۇجۇم قىلىش تەلىماتى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىنقىلابىي بىرلىك سېپىنى كېڭەيتىپ، يەر ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نەزەرىيىسى؛ سىياسەت ۋە سىلۇيى پارتىيىنىڭ ھاياتى نەزەرىيىسى؛ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى ۋە ئىنقىلابنىڭ بۇرۇلۇش نەزەرىيىسى قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو ئىنقىلابى دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ

رەھبەرلىكى ۋە مۇشۇ نەزەرىيە، لۇشىيەن، فاڭجېن سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، 28 يىللىق قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنداقلا يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقلارنى تۈزىتىش، نۇرغۇن جاپا مۇشەققەت ۋە قىيىن - خەتەرلەرنى يېڭىش ئارقىسىدا قولغا كەلدى.

ئۈچىنچى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولغاندىلا ئاندىن ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، كۈچلۈك ئىنقىلابىي بىرلىك سەپنى قۇرۇپ چىقىپ، قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق دۈشمەننى يەڭگىلى بولىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىدى. شۇنداقلا شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەي، پۈتۈن نىيىتى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سىياسىي پارتىيە. شۇنداقلا خەلقنىڭ دۈشمەنگە قارشى ئىگىلمەي - پۈكۈلمەي كۈرەش قىلىشقا دادىللىق ۋە ماھىرلىق بىلەن رەھبەرلىك قىلالايدىغان پارتىيە. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى كەچۈرمىشلىرىدىن مۇشۇ پاكىتنى كۆرەلىگەچكە، پارتىيە ئەتراپىدا كەڭ بىرلىك سەپ تۈزۈپ ئېلىمىز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن قۇدرەتلىك سىياسىي ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇردى. قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق، سان - ساناقسىز پارتىيە ئەزالىرى ئۆزىنى قوربان قىلىپ ئەڭ ئاخىرى 3 چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى جۇڭگونى قۇرۇپ چىقتى. خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرىكى بولغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بولمىسا، جۇڭگونىڭ مۇستەقىل ۋە ئازات بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگونىڭ سانائەتلىشىشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 1963 - يىل نەشرى 3 - توم 567 - بەت) دېمەك يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى. بۇ تارىخنىڭ يەكۈنى.

### 2 - جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ شانلىق غەلىبىسى بولمىغان بولاتتى

ئازاتلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن بۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچىلار دولقۇنى، مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىل ئىنقىلابىي توپىلاڭ جەريانىدا ئاز ساندىكى بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا چىڭ تۇرغان كىشىلەر «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىرئازمۇ ياخشىلىقى يوق» دەپ ھاقارەتلەپ، «40 يىللىق سوتسىيالىزم كىشىلەرنى بىزار قىلىۋەتتى» دەپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىدى. بۇ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ھۇجۇم قىلغانلىق. شۇنداقلا تارىخنى بۇرمىلىغانلىق.

بىز تۆۋەندە ئەمەلىي تارىخىي پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى!

سىياسىي جەھەتتە: پارتىيىمىز مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىپ ۋە مۇستەھكەملەپ، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ جۇڭگو تارىخىدىن بۇيان ئەزەلدىن بار بولۇپ باقمىغان، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان يېڭى ھاكىمىيەتتۇر. بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەيۋەندىن باشقا پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىنىڭ بىرلىكىنى ئاشۇردۇق ۋە مۇستەھكەملەپ، كونا جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز-ئارا بۆلۈنۈشۈپ كېتىش، بۆلگۈنچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتتۇق. ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ چوڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇردۇق ۋە مۇستەھكەملىدۇق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ھەرقايسى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلىرى ۋە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن تەشكىل تاپقان تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە دۆلەت سىرتىدىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ بىرلىك سېپىنى كۈچەيتتۇق ۋە كېڭەيتتۇق. بۇ زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشىمىز ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك ئاساس يارىتىپ بەردى.

نەزەرىيە جەھەتتە: سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ماركسىزم ۋە لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆز-ئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا، ماركسىزملىق نەزەرىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈسۈندا زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. مەسىلەن: ئىدىيىنى ئازات قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى توغرىسىدىكى كۆز قاراش؛ سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆزىمىزنىڭ يولىدا مېڭىش توغرىسىدىكى كۆز قاراش؛ سوتسىيالىزمنىڭ تۈپكى ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى كۆز قاراش؛ سوتسىيالىستىك ئىقتىساد پىلانلىق ئاساسىدىكى تاۋار ئىقتىسادى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى كۆز قاراش؛ ئىسلاھات سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكى، ئىشىكنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى كۆز قاراش: سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەت ۋە روھىي مەدەنىيەت سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى كۆز قاراش؛ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى كۆز قاراش قاتارلىقلار،

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ماركسىزم-لېنىنىزم زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلدى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ مەملىكىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ماركسىزم-لېنىنىزمغا قوشقان زور تۆھپىسىدۇر.

40 يىللىق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش جاپالىق، مېۋىسى شانلىق بولدى. بىز كونا جۇڭگو نەچچە مىڭ يىلدا قولغا كەلتۈرەلمىگەن تەرەققىياتقا ئېرىشتۇق. تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقنى قىسقارتتۇق. ھەر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى ئورنى ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە.

1988-يىلى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 تىرىللىيون 385 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، دۇنيا بويىچە 8-ئورۇنغا ئۆتتى (يېقىنقى ئۈچ يىلدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە پېرېۋوت نىسبىتىگە سۇندۇرغاندا 367 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى) ۋە بۇ جەھەتتە ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە ۋە ئەنگلىيىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇلغان دۆلەت ئىقتىدارىمىزنىڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرمۇ ئېتىراپ قىلماقتا.

1951-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان 30 نەچچە يىل داۋامىدا، جۇڭگونىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 11.5% ئېشىپ، دۇنيا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن كۆپ يۇقىرى بولدى. 1950-يىلدىن 1988-يىلغىچە ئېلىمىزدە قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تۈرلەر 4393 كە يەتتى. يىغىندىن كۆپەيگەن مۇقىم مەبلەغ 1 تىرىللىيون 561 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يەتتى. ھازىر دۆلىتىمىزدە مۇستەقىل، تۈرى بىر قەدەر تولۇق بولغان سانائەت سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. قاتناش تىرانسپورت جەھەتتە، مەملىكەت بويىچە تۆمۈر يول قاتنىشى مۇساپىسى دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 21 مىڭ 800 كىلومېتىردىن كۆپىيىپ 50 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشتى. خەلق ئاۋىئاتسىيە قاتنىشىدا، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق ھاۋا يوللىرىدىن 350 ى ئېچىلىپ ھەر تەرەپكە راۋان قاتنايدىغان ھاۋا يولى شەكىللەندى، پوچتا تېلېگراف ئالاقىلىشىش جەھەتتە مەملىكەت بويىچە پوچتا يوللىرى ۋە يېزا پوچتا لىنىيىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 706 مىڭ كىلومېتىردىن 5 مىليون كىلومېتىرغا يەتتى ۋە 6 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھاۋا پوچتا يولى 309 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، 200 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. دۇنيا بانكىسىنىڭ ماتېرىيالى بويىچە ھېسابلىغاندا، 1987-يىلى جۇڭگونىڭ ياساش سانائىتىنىڭ ئېشىش قىممىتى تەخمىنەن 200 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. بۇ جەھەتتە ئامېرىكا، ياپونىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، فېدېراتىپ گېرمانىيەدىن قالسا دۇنيا بويىچە 5-ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزى مۇھىم سانائەت مەھسۇلات بۇيۇملىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىمۇ دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر دۇنيادىكى 3-ئورۇندىن 1-ئو-

رۇلغا ئۆتتى؛ پولات مەھسۇلاتى 5-ئورۇندىن 4-ئورۇنغا ئۆتتى؛ نېفىت 5-ئورۇندا، تېلېۋىزور مەھسۇلاتى 2-ئورۇندا تۇرىدۇ. توك چىقىرىش مىقدارى 7-ئورۇندىن 4-ئورۇنغا ئۆتتى. جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى كۆپ چاغلاردا دۇنيا يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن تېز بولدى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى. 1987-يىلىغا كەلگەندە جۇڭگونىڭ ئاشلىق، گۆش، پاختا، رەخت مەھسۇلاتى دۇنيا بويىچە 1-ئورۇنغا، چاي مەھسۇلاتى 2-ئورۇنغا، دادۇر، سۇ مەھسۇلاتى 3-ئورۇنغا ئۆتتى. ياش جۇمھۇرىيىتىمىز ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، 1 مىليارد 100 مىليون خەلقنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ئېھتىياجىغا ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلدى، بۇ قالتىس نەتىجە. لېكىن جۇڭگودا نوپۇس كۆپ بولغاچقا، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارىنى نوپۇس بويىچە ھېسابلىغاندا، 50-يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن خېلى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە تېخى يېتەلمەيدۇ. ئەمما ئومۇمەن ئالغاندا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىدىن خېلى يۇقىرى.

40 يىللىق پاكىت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگومۇ بولمىغان بولاتتى؛ سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن جۇڭگونى قۇتقازغىلى، راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى جەھەتتە:

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 10 يىلدا بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرغانلىقىمىزدىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇق. مەملىكىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىدىن 6 مىليون 192 مىڭ كىشى، ئاسپىرانتتىن 154 مىڭ كىشى تەربىيىلەندى. بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 37 يىلدا مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 30 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىمۇ داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مەسىلەن: ئاتوم ئېنېرگىيە-تېخنىكىسى، بىئولوگىيە پېنى، يېزا ئىگىلىك پېنى، يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى، ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسى، توشۇغۇچى راكېتا تېخنىكىسى، سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى قاتارلىقلار، بۇلار ئېلىمىزنىڭ يۇقىرى پەن-تېخنىكا جەھەتتە دۇنيانىڭ ئىلغار سېپىگە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەدەبىي-سەنئەت جەھەتتە: ئېلىمىزدىكى كۆپلىگەن يازغۇچىلار، شائىرلار سوتسىيالىستىك ئەدەبىي-سەنئەت نىشانىسىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاز بولمىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى. بەزىلىرى

ھەتتا خەلقئارادا مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. مەملىكىتىمىزنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، ھەر قايسى تۈرلەردە كۆپلىگەن شان - شەرەپلەر قولغا كەلدى.

خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتە:

1988 - يىلى ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىليون 401 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە، مىللىي كىرىم 1 تىرىليون 177 مىليارد يۈەنگە يەتتى. مال باھاسى ئامىللىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1949 - يىلىدىكىنىڭ 9.8 ھەسسىسىگە، مىللىي كىرىم 1949 - يىلىدىكىنىڭ 18 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. 1949 - يىلى ئېلىمىزنىڭ شەھەر جىڭ ئاھالىلىرىنىڭ ئورتاق كىرىمى 100 يۈەن بولغان بولسا، 1952 - يىلى ئاھالىلارنىڭ كىرىمى كۆپىيىپ، 155.5 يۈەنگە يەتتى. 1949 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 56.8% ئاشتى. 1978 - يىلى ئاھالىلارنىڭ كىرىمى 378.2 يۈەن بولۇپ، مال باھا ئامىللىرىنى چىقىرىۋېتىپ 1952 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 55.5% ئاشتى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئاھالىلارنىڭ كىرىم قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ ئۆلچەملىك ماتائاشنىڭ مۇتلەق مىقدارى مۇكاپات، قوشۇمچە پۇل كىرىمىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا: 1988 - يىلى ئاھالىلارنىڭ ئورتاق كىرىمى 1269 يۈەن بولۇپ مال باھا ئامىللىرىنى چىقىرىۋېتىپ، 1978 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا بىر ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. 1949 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 11 ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى خەلقلەرنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇشتەك مۇھىم مەسىلە ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. دېمەك، خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يىلدىن - يىلغا يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە.

خەلقئارادا پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ جاھانگىرلىك ۋە زومىگەرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا، قوراللىق ئىغۋاگەرچىلىكىگە قارشى كۆرەش قىلىپ، ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداپ، دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىنى كۆپ قېتىم قوغداش كۆرىشىنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ كۈچ قۇدرىتى ۋە ئارمىيىنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلىمىز سوتسىيالىستىك مۇستەقىل ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇشتىن ئىبارەت تاشقى دىپلوماتىيە فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، تىنچلىقتا بىرگە تۇرۇش 5 پىرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلىپ، پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمىدا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى 130 دىن ئارتۇق دۆلەتلەر بىلەن تاشقى دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. دۇنيادىكى 260 دىن كۆپ سىياسىي پارتىيە بىلەن بېرىش-كېلىشنى يولغا قويدى. خەلقئارادىكى ئىشلاردا مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرماقتا. خەلقئارادىكى ئورنى كۈندىن-كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. شىياڭگاڭ، ئاۋمېن نىڭ تىنچلىق بىلەن ھەل بولۇشى ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، دۆلەت كۈچىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچەي-

گەۋدىلەنگەنلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بىز سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بۇ، ھەممىگە ئاياندۇر. بۇ دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا ماڭغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بۇنى قانداقمۇ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرئازمۇ ياخشى يېرى يوق»، «40 يىللىق سوتسىيالىزم كىشىلەرنى بىزار قىلىۋەتتى» دېگىلى بولسۇن؟ بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى، دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدۇ. 1980-يىلىدىن 1986-يىلىغىچە پۈتۈن دۇنيا دائىرىسىدىكى مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 2.3% بولغان. بۇنىڭدىن ئامېرىكىنىڭ 2.4% ياپونىيىنىڭ 3.7% ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى 9 دۆلەتنىڭ 4.1% بولغان. 1979-يىلىدىن 1988-يىلىغىچە ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىرقاتلىنىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىي 9.6% بولۇپ، دۇنيادىكى باشقا دۆلەت ۋە رايونلاردىن خېلى يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان. بۇ دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ناھايىتى ئېنىقكى، بىزنىڭ نەتىجىلىرىمىزنى ئىنكار قىلغۇچىلار يامان غەرەزدىكى كىشىلەردۇر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى چېتىنىڭ بىرىچە ئىنكار قىلىشتىكى مەقسىدى ئەكسىل ئىنقىلابىي توپىلاڭنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پەيدا قىلغان جامائەت پىكرى بولۇپ، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ھوقۇق تارتىۋېلىپ، جۇڭگودا كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، جاھانگىرلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت. قاتتىق سىناقتىن ئۆتكەن جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا قەتئىي يول قويمايدۇ.

**3. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.**

دېموكراتىك ئىنقىلاب ئۆز ۋاقتىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە مۇھتاج بولغان. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمۇ ئوخشاشلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە مۇھتاج.

بىرىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولغاندىلا، ئاندىن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك نىشاندا چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، شۇنداقلا جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، جۇڭگو سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، پارتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنى پارتىيىنىڭ خاراكتېرى

ۋەزىپىسى، مەقسىتى بەلگىلەنگەن.

پارتىيىمىز 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش جەريانىدا بايرىقى روشەن ھالدا سوتسىيالىزم نىشانىمىزدا چىڭ تۇرۇپ ھەرخىل ئىنتايىن مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىرياقلىق قىلىپ كەلدى. مەسىلەن: بىر مەركەز ئىككى ئاساسىي نۇقتىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن مۇئەييەن مەزگىل مۇئەييەن دائىرە ئىچىدىكى سىنىپىي كۆرەشنىڭ مۇناسىۋىتى؛ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنىڭ مۇناسىۋىتى؛ ماركسىزم لېنىنىزمنى ئۆزدۆلىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى؛ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش بىلەن 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى؛ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىرياقلىق قىلىش قاتارلىقلار بۇ مۇناسىۋەتلەرنى ئەگەر ياخشى ھەل قىلمىغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز قىڭغىر يولغا مېڭىپ كېتىپ، ئىلگىرى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىز قولدىن كېتىدۇ ھەتتا تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى ئەكسىل ئىنقىلابىي توپىلاڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىرياقلىق قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە تايانغاندىلا ئاندىن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى بىز گەرچە ئازبولمىغان ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان بولساقمۇ ئەڭ ئاخىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ نىشانىسىنى توغرا يولغا باشلاپ، ئىلىمىز خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئىككىنچى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولغاندىلا ئاندىن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى توغرا تونۇپ ۋە تەتبىقلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن سىياسەتلىرىنى ستراتېگىيىلىك تاكتىكىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەرخىل خاتا ئىشلارنى تۈزۈتۈپ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى داۋاملىق غەلىبىگە يېتەكلىگىلى بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەتبىقلىنىشى ۋە راۋاجى بولۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆز-ئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى؛ شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى تونۇپ يېتىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ لۇشيەن فاڭجېن سىياسەتلىرىنى، شىراتېگىيىلىك تاكتىكىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىش-

لەرنىڭ غەلىبىسىنى داۋاملىق قولغا كەلتۈرەلەيمىز. دېموكراتىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تارىخىنى ئەسلەيدىغان بولساق پارتىيىمىزنىڭ ھەربىر قەدەمدىكى غەلىبىسى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت، جەنلوۋى سىلوۋيىسىنىڭ توغرا بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەگەر مۇشۇنداق توغرا يېتەكچىلىك بولمىغان بولسا ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قېلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىلاجىسىز قالغان بولاتتۇق.

ئۈچىنچى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا ئاندىن بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق ھەركەتلەندۈرۈپ ئىتتىپاقلىشىشقا، بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىچ ئىتتىپاقلىق سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

كوممۇنىستىك پارتىيە جۇڭگودىكى ھەرمىللەت خەلق مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، شۇنداقلا پۈتۈن نىيەت پۈتۈن قەلب بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر مەقسىتى قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىنىڭ بارلىق مۇھىم سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ ئالىي ئۆلچەم قىلغان، لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «ئاممىنىڭ جۇشقۇن ئىجادىي كۈچى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئامىلى.» بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزغا ئەگەر كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر ئاكتىپلىق ھالدا قاتناشمايدىغان بولسا غەلىبە قازانغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ئەگەر كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن كۈچلۈك يادرولۇق كۈچ ۋە تەشكىلىي كۈچنى بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ، نەتىجىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايمىز. شۇڭا ئۇ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر مەركەز ئىككى ئاساسىي نۇقتىنى مەھكەم ئەستە ساقلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، يىراق كەلگۈسى مەنپەئەت بىلەن نۆۋەتتىكى مەنپەئەتنى، ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن قىسمەنلىك مەنپەئەتنى دۆلەت كوللېكتىپ شەخسىي مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر ياقلىق قىلىپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى تەقسىماتتا ئادىل بولماسلىقتىن ئىبارەت مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن ياخشى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغۇتۇپ، كەڭ بىرلىك سەپنى قۇرۇپ، چىقىپ ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىچ بولغان، ئىتتىپاق بولغان، سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغدىغىلى بولىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت 10 يىللىق مالىمانچىلىق ۋە بۇ يىل ئەتىياز ياز ئارىلىقىدىكى ئوقۇغۇچىلار دولقۇنى مالىمانچىلىق ۋە مالىمانچىلىق

تەرەققى قىلىپ ئەكسىل ئىنقىلابى توپىلاڭغا ئايلىنىشتىن ئىبارەت ئاچچىق ساۋاقلار بىزنىڭ ئېسىمىزدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر تىچ بولغان، ئىتتىپاق بولغان سىياسى ۋەزىيەت بولمايدىكەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، بۇ قايتا قايتا ئىسپاتلانغان تارىخى ھەقىقەت.

ئۈچىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكى بولغاندىلا ئاندىن تېچلىققا پايدىلىق بولغان خەلقئارا مۇھىتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى دۆلەت ئىچىدە تىچ بولغان، ئىتتىپاق بولغان بىر سىياسى مۇھىتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن بەلكى تىنچلىققا پايدىلىق بولغان خەلقئارا مۇھىتنىڭ بولۇشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مۇستەقىل ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان تېچلىق تاشقى دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، تېچلىقتا بىرگە تۇرۇش 5 پىرىنسىپىنى ئاساسىدا دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەر بىلەن دوستلۇق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى راۋاجلاندۇردى. ئالدى بىلەن ئىلىمىز پۈرۈلتارىياتلىق ئىنتېرناتسىئونالىزمنى قەتئى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى پۈرۈلتارىيات، ئىزىلگۈچى مىللەتلەر ۋە خەلقلەر، شۇنداقلا بارلىق تىنچلىقنى سۆيگۈچى، ھەققانىيەتنى ياقلىغۇچى تەشكىلات ۋە زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئورتاق ھالدا جاھانگىرلىككە، زومىگەرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇپ، دۇنيا تېچلىقىنى قوغدىدى. ئۈچىنچى دۇنيادىكى دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ ئىقتىسادى جەھەتتىكى گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بىز زومىگەرلىك قىلمىدۇق، شۇنداقلا ھەرقانداق دۆلەتنىڭ بېسىم ئىشلىتىشىگە مۇتلەق بوي ئەگمىدۇق. ھەرقانداق دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەرگە بېقىندى بولمايمىز. پارتىيىمىز توغرا بولغان تېچلىق تاشقى دىپلوماتىيە فاڭجىندا چىڭ تۇرغانلىقتىن، خەلقئارادا جاھانگىرلىككە زومىگەرلىككە ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كەڭ بىرلىك سەپ شەكىللىنىپ، خەلقئارا ۋەزىيەت دۇنيا خەلقىگە ۋە دۇنيا تېچلىقىغا پايدىلىق بولغان تەرەپكە قاراپ تەرەققى قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان خەلقئارا مۇھىتقا ئىگە قىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى بولمىغان بولاتتى. بۇ تارىخنىڭ يەكۈنى.

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت توختى ئەخمەت)

# سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك توغرىسىدا!

ئابدۇراخمان مامۇت

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلىشىغا ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەر-يېزىلىرىدا ئىشچى ياللاپ تىجارەت قىلىدىغان خۇسۇسىي كارخانىلار بارلىققا كېلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىرخىل ئىگىلىك شەكلى بولۇپ قالدى ھەم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىدى. بەزى كىشىلەر خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ يولغا قويۇلىشى ئېكسپلۇئاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقۇتۇشقا خىلاپ كېلىدۇ دەپ قارىماقتا؛ يەنە بەزى كىشىلەر خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ يولغا قويۇلىشى نەتىجىسىدە كاپىتالىزم قايتا تىرىلەمدۇ قانداق دېگەن ئەندىشىدە بولماقتا. نۆۋەتتە ئۇنى قانداق تونۇش سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى مۇھىم نەزەرىيۋى مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇڭا بۇ مەسىلىنى ئىدىيە جەھەتتە ئايدىڭلاشتۇرۇش سوتسىيالىستىك تووار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە ئىجاتچانلىقىنى قوزغاش، يۇشۇرۇن كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكى**

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان سوتسىيالىستىك مەملىكىتىمىزنىڭ ئىگىلىكى ئەسلىدىلا قالاق، نوپۇسى كۆپ بولۇپ، ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، گەرچە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئالغاندا يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن ھەم تەكشىسىز. ھازىرقى سانائەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش، تارماقلىرىدىن قارىغاندا، يۈكسەك دەرىجىدە ماشىنىلاشقان ۋە ئاپتوماتلاشقان ئىشلەپچىقىرىشمۇ، يېرىم ماشىنىلاشقان ۋە يېرىم ئاپتوماتلاشقان ئىشلەپچىقىرىشمۇ، قول ئەمگىكى ۋە ئۇلاغ كۈچىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىشمۇ بار؛ ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىن قارىغاندا، دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا شارائىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئىچكى ئۆلكە ۋە چەت- ياقا رايونلارنىڭكىدىن يۇقىرى. دېمەك، مەملىكىتىمىزدە ھازىر ئىجتىمائىيلىشىش سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان ئىشلەپچىقىرىشقا ماس كېلىدى-

غان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ، ئىجتىمائىيلىشىش سەۋىيىسى تۆۋەن ۋە ئىجتىمائىيلاشمى-
غان ئىشلەپچىقىرىشقا ماس كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمۇ مەۋجۇت. بۇ ھال
مەملىكىتىمىزدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى بىلەن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىنى ئاساسى
گەۋدە قىلغان ھالدا يەككە ئىگىلىك، جۇڭگو-چەتئەل شېرىكچىلىكىدىكى ئىگىلىك (دۆلەت
كاپىتالىزم ئىگىلىكى)، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە ھەمكارلىق ئىگىلىك قاتارلىق كۆپ خىل
ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە
گە مەملىكىتىمىزنىڭ ئاھالىسى كۆپ بولغاچقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ۋە تۇرمۇش
ۋاستىلىرىغا بولغان ئېھتىياجىمۇ ناھايىتى كۆپ ھەم خىلمۇ-خىل. بۇمۇ ئوبيېكتىپ جە-
ھەتتە كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرىنى ۋە كۆپ خىل باشقۇرۇش شەكىللىرىنى قول-
لىنىپ، بۇ خىل ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇشنى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كەڭ
ئېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا ئومۇ-
مىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ
بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئىگە. مەن بۇ ماقالىدە كۆپ
خىل ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرى بولغان خۇسۇسىي ئىگىلىك ئۈستىدە توختىلىمەن.
سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرۇشى ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالى بى-
لەن يەككە ئىگىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى بىلەن مۇقەررەر باغلىنىشقا ئىگە.
پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، سوتسىيالىستىك پىلانلىق
تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە
تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ يەككە ئىگىلىكى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىل-
دى. 1985-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەر-يېزىلى-
رىدا گۇۋاھنامىسى بار يەككە سودا-سانائەت ئائىلىلىرى 11مىليونغا، سودا خادىملىرى
20مىليونغا يېقىنلاشتى. يېقىنقى 10يىللىق ئىسلاھات تارىخى شۇنى تولۇق ناماين
قىلدىكى، يەككە ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنى-
شى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى قۇرۇلۇشتا تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان مۇھىم رول-
لارغا ئىگە. بىز ئۇششاق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا
بىرقاتار ئىقتىسادى شارائىتلارنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن، تاۋار ئىگىلىكى-
نىڭ قىممەت قانۇنىيىتى ۋە رىقابەت قانۇنىيىتى مۇقەررەر رول ئوينايدۇ، ئۇ ئۇش-
شاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئۈزلۈكسىز ھالدا تېخنىكا يېڭىلاشقا، سۈپىتىنى ئۆستۈ-
رۈشكە، باشقۇرۇشنى ياخشىلاشقا، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە، كۆلەملىك
ئۈنۈمگە ۋە تېخىمۇ كۆپ پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. تاۋار ئىگىلىك-
نىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، رىقابەتتە پايدىلىق ئورۇندا تۇرغان كىشىلەر ئال-
دىن بېيىيدۇ. ئۇلارنىڭ قولىغا بارغانسىرى تېخىمۇ كۆپ پۇل ۋە ئىشلەپچىقىرىش
ۋاستىلىرى جۇغلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا

ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق شارائىت ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى مۇئەييەن كۆلەملىك ئىگىلىك ھازىرلانغاندىلا ئاندىن ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلمىغان، نوپۇسى، جۇملىدىن ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئاھالىسى كۆپ بولغاچقا، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسى گەۋدە قىلىنغان شارائىت ئاستىدا خۇسۇسىي ئىگىلىككە يول قويۇش ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قولىغا جۇغلانغان ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە يەتكىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى تەھلىللەردىن كۆرۈپ ئېلىشقا بولىدۇكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپى، يەككە ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئاساسدۇر. يەككە ئىگىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە راۋاجلانغان شارايىت ئاستىدا خۇسۇسىي ئىگىلىك زورلۇق بىلەن چەكلىنىدىكەن مۇقەررەر ھالدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زىيان يېتىدۇ. شۇڭا ھازىرقى شارايىتتا خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنىشىغا يول قويۇش ھەم ئىلھام بېرىش لازىم.

**2 ـ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ خاراكتېرى**

مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك — ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا خۇسۇسىلار ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ۋە ياللانما ئەمگەكنى ئاساس قىلغان ئىگىلىكتۇر. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق: خۇسۇسىلار كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ، ئاساسەن ياللانما ئەمگەككە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشتىكى مەقسىتى تېخىمۇ كۆپ قوشۇمچە قىممەتكە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ تىجارەت دائىرىسى، ياللايدىغان ئىشچى سانى چەكلەنمەيدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تەقسىمات شەكلى جەھەتتە ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولىدۇ. ئەمما دۆلەت باج ئېلىش قاتارلىق چارىلارغا ئاساسەن ئۇنىڭ كىرىمىنى تەڭشەيدۇ. خۇسۇسىي ئىگىلىك ياللانما ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا كاپىتالىزم خاراكتېرىدىكى ئىگىلىك تەركىبى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، سوتسىيالىزم شارايىتىدا، ئۇ ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى ئىگىلىككە مۇقەررەر ھالدا باغلىنىدۇ ھەم ئۇنىڭ غايەت زور تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك يەككە ئىگىلىككىمۇ، كاپىتالىستىك خۇسۇسىي ئىگىلىككىمۇ ئوخشىمايدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان يەككە ئىگىلىك بىلەن خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ۋە ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىغا خۇسۇسىلار ئىگىدارچىلىق قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت: 1) يەككە ئىگىلىك بىلەن خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ بىر پۈتۈن كۆلىمىدىن قارىغاندا، يەككە ئىگىلىكنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك بولىدۇ؛ خۇسۇسى ئىگىلىك بولسا ئىشچى ياللاش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت كۆلىمى يەككە ئىگىلىككە قارىغاندا كەڭ بولىدۇ؛ 2) كونكرېت كارخانىدىن قارىغاندا، يەككە ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى ئاساسەن خوجايىنىنىڭ شەخسى ئەمگىكى ياكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ؛ خۇسۇسى كارخانىلارنىڭ كىرىمى بولسا ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ؛ 3) ياللانما ئىشچى سانى ۋە كارخانا كۆلىمىدىن قارىغاندا، يەككە ئائىلىلەرنىڭ ياللىغان ئىشچىسى ئاز بولىدۇ، كارخانىسىنىڭ كۆلىمى كىچىك بولىدۇ. يەككە ئائىلىلەر «بىردىن - ئىككىگە قەدەر ياردەمچى تەكلىپ قىلىدۇ، ئۈچتىن بەشكە قەدەر شاگىرت ئالىدۇ». خۇسۇسى كارخانىلار ياللانما ئىشچى سانى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمى جەھەتتە يەككە تىجارەتچىلەردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كاپىتالىستىك خۇسۇسى ئىگىلىك بىلەن قانداق ئورتاقلىقلارغا ۋە پەرقلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى خۇسۇسى ئىگىلىك بىلەن كاپىتالىستىك خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ ئورتاقلىقى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تاۋار ئىگىلىكىنى گەۋدە قىلىدۇ، ھەر ئىككىلىسىدە خوجايىنلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا تايىنىپ يالانما ئىشچىلار ياراتقان قوشۇمچە قىممەتنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ. گەرچە مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى خۇسۇسى ئىگىلىك بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ خۇسۇسى ئىگىلىكى مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈپ ئېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى تۈزۈمدە تۇتقان ئورنى ئوخشىمايدۇ. كاپىتالىستىك خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك كاپىتالىزمنىڭ ۋە كاپىتالىستىك يالانما مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىدۇر. سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە گەرچە ۋېنجۇ شەھىرىدىكى دىڭشەن ئاياغ زاۋۇتىغا ئوخشاش 1350 نەپەر ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىشچى ياللىغان خۇسۇسى كارخانىلار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ پايدىلىق تولۇقلىمىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ ھەم سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ غايەت زور تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش دائىرىسى ۋە كۆلىمى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ

كونترولىقى ئاستىدا بولىدۇ.

ئىككىنچى، ياللىغۇچى بىلەن ياللانغۇچىنىڭ ئىجتىمائى، ئىقتىسادى، سىياسىي ئورنى ئوخشىمايدۇ. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ياللانما ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم بولغان بولۇپ، ئۆمۈر بويى كاپىتالىستلارغا ياللىنىدۇ. كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتى ياللانما ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئاساسىغا تىكلىنىدۇ. ياللىغۇچى بىلەن ياللانغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى - قارىمۇ - قارشى ئىككى سىنىپنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ سىياسىي جەھەتتە ئېزىش - ئېزىلىش مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادى جەھەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش مۇناسىۋىتى ھېسابلىنىدۇ؛ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ياللىغۇچى بىلەن ياللانغۇچى سىياسىي جەھەتتە باراۋەر ھوقۇققا ئىگە. ياللىغۇچى بىلەن ياللانغۇچىنىڭ ھەر ئىككىلىسى دۆلەتنىڭ خوجايىنىدۇر. ياللىغۇچىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىمتىيازىغا تايىنىپ، ياللانغۇچىلارغا بولغان ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنى كۈچەيتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇن - پەرمانلىرى يول قويغان شارائىتتا بىرلەشكەن بىر خىل توختام مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ياللانغۇچىدا ياللىغۇچىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە پاش قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئىقتىسادى جەھەتتە، ھازىرقى ياللانما ئىشچىلار ھېچنېمىسى يوقلار بولماستىن، بەلكى ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئەزالاردۇر. دۆلەت خۇسۇسى ئىگىلىكتىكى ياللانما ئىشچىلارنىڭ خوجايىنلىق ئورنى ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەتىنى ئومۇمى مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنى ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەتىنى قوغدىغانغا ئوخشاش قوغدايدۇ ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن خۇسۇسى كارخانىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىدۇ. ئۇلارغا ياللانغان ئىشچىلار ماھىيەتتە شاگىرت ۋە ياردەمچى ئىشچىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كارخانا ئىگىلىرىنىڭ يېقىن دوستى، بەزىلىرى ئۇرۇق - تۇققانلىرى ۋە بەزىلىرى مەخسۇس تەكلىپ قىلىنغان كىشىلەردۇر. ئاز ساندىكى خۇسۇسى كارخانا ئىگىلىرى گەرچە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى جىسمانى ئەمگەككە قاتناشمىسىمۇ لېكىن كارخانىلارغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا خۇسۇسى كارخانا ئىگىلىرى بىلەن ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ھەمكارلىشىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان يولداشلارچە مۇناسىۋەتتۇر. دېمەك، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ خوجايىنلىرى ئەمگەك قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىما خاراكتېرگە ئىگە، ياللانما ئىشچىلار بولسا دۆلەتنىڭ خوجايىنى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى بولۇشتەك ئىككى ياقلىما خاراكتېرگە ئىگە.

ئۈچىنچى، كىرىم تەقسىماتى جەھەتتە ماھىيەتلىك پەرقلەرگە ئىگە. كاپىتالىزم

شارايىتىدا ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى كىرىمىنىڭ ئۆلچىمى ئەمگەك كۈچىدىن
ئىبارەت تاۋارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كېتىدىغان ئىجتىـ
مائى زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئەمگەك كۈچى بازىرىدىكى تە-
مىنلەش - تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىشچىـ
لارنىڭ ئىش ھەققى پەقەت ئۆزلىرى ياراتقان قىممەتنىڭ بىر قىسمى ياكى ئەمگەك
كۈچىنىڭ قىممىتىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئىشچىلار ياراتقان قىممەتنىڭ مۇتلەق كۆپ
قىسمىنى كاپىتالىستلار ھەقسىز ئىگىلىۋالىدۇ؛ ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى خۇسۇسى
ئىگىلىكتە ياللانما ئىشچىلارنىڭ كىرىم ئۆلچىمى ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش خىلدىكى
ئومۇمى مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش ئۆلچىمىنى ئا-
ساس قىلغان ھالدا يۇقىرى - تۆۋەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. خۇسۇسى كارخانىلاردىكى
ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى بولسا ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇنقى تۈزۈلگەن توختامنىڭ مەز-
مۇنىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ، بەزى كارخانىلاردا بولسا ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ
مىقدارى بويىچە ئىش ھەققى ھېسابلاپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. باھا جەھەتتە،
دۆلەت ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، بازاردىكى مال باھاسىنى ئاساسەن مۇقىملاشتۇرىدۇ؛
پۇل پاخاللىشىشتەك ئەھۋاللارنى ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە تىزگىنلەيدۇ. خۇسۇسى كارخا-
نىلاردىكى ياللانما ئىشچىلار ياراتقان ئۆز ئىش ھەققى قىممىتىدىن ئارتۇق بىر قىسىم
قىممەتمۇ پۈتۈنلەي خۇسۇسى كارخانا ئىگىلىرىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتمەيدۇ.
كارخانا ئىگىلىرى شۇ يىلى ياراتقان پايدىنىڭ بىر قىسمىنى يۇقىرىغا باج سۈپىتىدە
تاپشۇرىدۇ. ئەڭ يۇقىرى باج نىسبىتى 60% بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يىل بويى باج
تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تاپاۋىتى 50 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنلىرىدىن ئېشىپ
كەتكەن قىسمىغا قارىتا 10% دىن 40% گىچە قوشۇپ ئېلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتىكى ئەڭ
يۇقىرى باج نىسبىتى 84% كە يېتىدۇ. خۇسۇسى كارخانىلار باج تاپشۇرغاندىن كېيىنـ
كى پايدىنىڭ 50% دىن يۇقىرىسىنى كارخانىنىڭ كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشـ
غا سەرپ قىلسا، يەنە بىر قىسمىنى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى خەلقلەرگە ۋە
قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە خالىسانە ياردەم قىلىدۇ. خۇسۇسى كارخانىلارنىڭ ئەسلى
دىكى مەبلىغىنىڭ ھەممىسى كارخانا ئىگىلىرىنىڭ جاپاغا چىداپ ئىشلەپچىقىرىشى ئار-
قىلىق توپلىغان ئەمگەك مېۋىسىدۇر. ئۇلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتى بەزى چاغلاردا نورمال
ئەمگەك ۋاقتىدىن خېلىلا ئېشىپ كېتىدۇ، ئۇلار نورمال ئەمگەك ۋاقتى ئىچىدە ئىشچىـ
لار بىلەن بىللە ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشتىن بوش ۋاقىتلىرىدا كار-
خانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلار
بىلەن شۇغۇللىنىدۇ: ھېسابات قىلىدۇ، تاۋارلارنى ساتىدىغان بازار ۋە ئۇچۇر ئىگىلەيـ
دۇ، خام ئەشيا سېتىۋالىدۇ. خۇسۇسى كارخانىلار بازار رىقابىتىدە يېڭىلىپ قالسا ياكى
تاۋارلىرى بېسىلىپ قالسا، بۇنىڭ ھەممىسىگە خۇسۇسى كارخانا ئىگىلىرى مەسئۇل بو-
لىدۇ. شۇڭا خۇسۇسى كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئىش

مەقسەتتىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. تەقسىمات جەھەتتىكى بۇ پەرق خۇسۇسىي كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تىجارەت قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر.

ئۈچىنچى، جۇغلانما مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ئوخشىمايدۇ.

كاپىتالىستىك خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى مەبلەغ كاپىتالىستلارنىڭ ئۆز ئەلكەدىكى يالانما ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، مۇستەملىكىلەرنى تالان - تاراج قىلىش، بېقىندا دۆلەت ۋە باشقا رايونلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەرىنى شوراش ئارقىلىق جۇغلىنىدۇ. كاپىتالىستلارنىڭ قولىدىكى ئەسلى مەبلەغنى كاپىتالىستلار ئۆزى ئىشلەپ تاپقان دېگەندىمۇ ئۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كاپىتاللاشقان قوشۇمچە قىممەت بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، كاپىتالىستلارنىڭ قولىدىكى بارلىق كاپىتالنى (مەبلەغنى) ئەمگەكچىلەر ياراتقان؛ ئېلىمىزدىكى خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مەبلىغى بولسا خۇسۇسىي كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ئۆز كىرىمى، ئامانەت پۇلى ۋە دۆلەت بانكىسىدىن ئالغان قەرز پۇلى قاتارلىقلاردىن كېلىدۇ. خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئەسلىدىكى مەبلەغنىڭ ھەممىسى كارخانا ئىگىلىرىنىڭ جاپاغا چىداپ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق توپلىغان ئەمگەك مېۋىسىدۇر.

بەشىنچى، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ يۈزلىنىشى ئوخشىمايدۇ.

كاپىتالىستىك خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ يۈزلىنىشى - كاپىتالىستلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى پايدىسىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، رىقابەت داۋامىدا رەقىبىنى يوقىتىپ، يالانما ئىشچىلار ياراتقان قوشۇمچە قىممەتنى شەپقەتسىزلەرچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ نەتىجىدە كاپىتالىزمنىڭ ھەر خىل زىددىيەتلىرىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، كاپىتالىزمنىڭ مۇقەررەر ھالدا يوقىلىشىغا ۋە سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەر ھالدا غەلىبە قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ؛ مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ يۈزلىنىشى بولسا بىر پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ ھەم سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ پىلانلىق يېتەكچىلىك قىلىشىغا ۋە چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى سوتسىيالىزم شارائىتىدا خۇسۇسىي ئىگىلىك نۇرغۇن جەھەتلەردە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىككە بېقىنىدۇ، سىياسىي، مەدەنىيەت، ئەخلاق، قانۇن قاتارلىق جەھەتلەردە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، مانا بۇ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ زۆرۈر، پايدىلىق تولۇقلىمىسى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

يۇقىرىقى تەھلىللەردىن كۆرۈپ ئېلىشقا بولىدۇكى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك يەككە ئىگىلىككىمۇ، كاپىتالىستىك خۇسۇسىي ئىگىلىككىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۆلەت كاپىتالىزمى خاراكتېرىدىكى ئىگىلىك شەكلىدۇر.

## 3. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ رولى

يېقىنقى بىر قانچە يىللىق ئىسلاھات ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنىشى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، بازارلارنى جانلاندۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كېڭەيتىش، خەلقنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە پائال روللارغا ئىگە:

1) سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن، تۈۋار ئىگىلىكى تېخى تەرەققىي قىلمىغان شارائىتتا، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويغاندا، ئوخشاش بولمىغان ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قولىدا تارقىلىپ يۈرگەن مەبلەغ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئۇششۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇسۇسىي ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، باشقۇرۇش كۆلىمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمى جەھەتتە يەككە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، بۇھال تۈۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تىزلىتىپ، ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىشتا پايدىلىق رول ئوينايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنى مىسالغا ئالساق، 12 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1987- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قۇرۇلغان خۇسۇسىي كارخانا 352 بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىشلەۋاتقانلار 5439 كىشىگە، رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 16 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. دېمەك خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى تارقاق مەبلەغنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماي، ئامىمنى بىرقىسىم قىس تۈۋارلار بىلەن تەمىنلەشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

2) خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنىشى بازارلارنى جانلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇشقا پايدىلىق. خۇسۇسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كارخانا ئىگىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى تېخنىكا بىلىدىغان، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر، بازار ئۇچۇرىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان، ئىقتىسادىي ئىشلارغا كاللىسى ئىشلەيدىغان قابىل ئادەملەردۇر. ئۇلار تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىدە ئاساسەن خەلق تۇرمۇشى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان بازىرى ئىتتىك تۈۋارلارنى تاللايدۇ. ياكى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئاسانلا سەل قارايدىغان قىس مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرۇش پائالىيىتى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ يېتىشمەسلىكلىرىنى تولدۇرۇپ، بازارنىڭ مال مەنبەسىنى كېڭەيتىپ ۋە بېيىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۆپخىل ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قامدىيالايدۇ. ۋېنجۇشەھىرى پىڭياڭ ناھىيىسىنىڭ تېڭ جياۋ رايونىدىكى بىر يەككە سودىگەر 1984-يىلى مەملىكەت بويىچە 3. چوڭ كې-

رېپتىشىن زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغانلىقىنى بايقايدۇ، ئۇ گېرىپتىشىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ياخشى كۆرىدىغان زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇمى ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ئۆزى 60 مىڭ يۈەن جۇغلاپ ۋە 20 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، 53 ئىشچى يالىلاش ئارقىلىق بىر شەخسى گېرىپتىشىن زاۋۇتى قۇرىدۇ، ئايدا 2500 چى گېرىپتىشىن ئىشلەپ بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

3) خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنىشى ئەمگەك كۈچى مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىش، شەھەر - يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئۆشۈق ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىشقا پايدىلىق. دۆلىتىمىز نوپۇسى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئاھالىسى كۆپ چوڭ دۆلەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىقتىسادى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ يېزىلاردا ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئۆسۈپ، زور بىر تۈركۈم ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرى بارلىققا كەلدى؛ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، رىقابەت جەريانىدا بەزى كارخانىلار ۋەيران بولۇپ، بۇ كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان بىر قىسىم ئىشچىلار ئىشسىز قالدى. ئەمما سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى قالاق بولغاچقا، ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار بۇ زور مىقداردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. ھازىر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىۋاتقان بۇ زور مىقداردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش گەۋدىلىك ئىجتىمائى زىددىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ چىقىش يولى - ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ يوللىرىنى كەڭ ئېچىش، ئىلگىرىكىدەك تامامەن دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ھۆددىگە ئېلىشى ۋە بىر تۇتاش تەخسىم قىلىشىغا تايىنىدىغان ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ئۈزۈل - كېسىل بۇزۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ياخشى رول ئوينىدى. ھازىر مەملىكەت بويىچە مەھسۇلات قىممىتى سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىدە 1% نى ئىگىلىمەيدىغان خۇسۇسى كارخانىلار 3 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. بۇنىڭدىن كېيىن خۇسۇسى ئىگىلىك داۋاملىق تەرەققى قىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت بويىچە سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 10% نى ئىگىلىسە، ئۇ ۋاقىتتا ھازىرقى نىسبەت ئاساسىدا ئېيتقاندا 36 مىليون ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، نۆۋەتتە خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنىشى ئىشقا ئورۇنلىشىش

دائىرىسىنى كېڭەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

4) خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنىشى دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخستىن ئىبارەت 3 تەرەپنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. خۇسۇسىي ئىگىلىك دۆلەتنىڭ باج يىغىۋېلىش يوللىرىنى كۆپەيتىدۇ، كوللېكتىپنىڭ جۇغلانمىسىنى ئاشۇرىدۇ، شەخسلەرمۇ (كارخانا ئىگىسى ۋە ياللانما ئىشچىلارمۇ) كىرىمىنى كۆپەيتىپ، ئائىلىسىنى بېيىتىش يولىغا ئىگە بولىدۇ. شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لاۋشەن، پىڭدۇ، جىياۋنەن ۋە لەيشىدىن ئىبارەت 4 ناھىيىسىدىكى ئىشچى ياللاپ ئىگىلىك باشقۇرغان 9 كارخانىنى تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا 1982 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە مەھسۇلات قىممىتى، باج، كوللېكتىپقا قالدۇرۇلغىنى، كارخانا ئىگىسى ۋە ياللانما ئىشچىلارنىڭ كىرىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەسسىلەپ ھەتتا نەچچە ئون ھەسسىلەپ ئاشقان، تەپسىلاتى جەدۋەلگە قارالسۇن.

شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ 4 ناھىيىسىدىكى 9 كارخانىنىڭ كىرىم تەقسىمات جەدۋىلى

| يىل / ئورۇن / تۈر | 1982 | 1984 - يىل | ئېشىش سوممىسى (ھەسسە سانى) |
|---|---|---|---|
| ساپ مەھسۇلات قىممىتى | 456000 يۈەن | 1064000 يۈەن | 1.33 |
| يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج | 35000 يۈەن | 1147000 يۈەن | 31.80 |
| كوللېكتىپقا قالدۇرۇلغىنى | 117000 يۈەن | 1012000 يۈەن | 7.76 |
| كارخانا ئىگىسىنىڭ كىرىمى | 6000 | 305000 يۈەن | 50.80 |
| ياللانما ئىشچىلارنىڭ دارامىتى | 4000 | 8.800 يۈەن | 1.20 |

5) خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنىشى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىشىغا، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ. خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار مۇقەررەر ھالدا ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئىزدىنىپ ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرىدۇ. بۇ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارغا قارىتا بىر خىل بېسىم پەيدا قىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

6) خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنى-

شى ئىقتىسادلىق خادىملارنىڭ ئېقىپ تۇرۇشىغا ۋە يېتىشىپ چىقىشىغا پايدىلىق. خۇسۇسى كارخانىلار مەلۇم تېخنىكا ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە ھەر خىل قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تەرەپ - تەرەپلەردىن تەكلىپ قىلىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئارتۇق - كەمىنى تولدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە قەدەممۇ - قەدەم كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنداقلا بەزى كارخانا ئىگىلىرىمۇ تېخنىكا ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە ياكى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدا ئالدىنقى قاتاردىكى كىشى ياكى ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئىقتىدارلىق كارخانىچى بولغاچقا، ئىقتىسادلىق خادىملارنىڭ تەربىيىلىنىپ چىقىشىدا مۇئەييەن پايدىلىق روللارنى ئوينايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خۇسۇسى ئىگىلىك سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىگىلىك تەركىبى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ.

**4 - سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ نۇقسانلىرى**

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى خۇسۇسى ئىگىلىك بەربىر خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك بىلەن ياللانما ئەمگەكنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇقەررەر يۇسۇندا بەزى نۇقسانلارنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: بەزى خۇسۇسى كارخانا ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەت پەرەسلىك قىلىشى، خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ قارىغۇلۇق خاراكتېرى، ئىستىخىيىلىكلىكى ۋە تۇراقسىزلىقلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت پىلانىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بىز بۇ تەرەپلەرنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم.

خۇسۇسى كارخانا ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەت پەرەسلىك قىلىشى ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: 1) بەزى خۇسۇسى كارخانا ئىگىلىرى يۇقىرى نورمىدىكى پايدىنى قوغلىشىپ، قانۇنغا خىلاپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ جەمئىيەتنىڭ ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، ھەتتا كىشىلەرنىڭ ھاياتىغىمۇ خەۋپ يەتكۈزىدۇ. ئالايلى: مەھسۇلاتلارنى قول ئۇچىدىلا ئىشلەپ، ياخشى ئىشلىگەن قىياپەتكە كىرگۈزىدۇ، باج ئوغرىلاش، مال باھاسىنى ئۆستۈرۈش، ئالدامچىلىق قىلىش قاتارلىق ناچار ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ 2) بەزى خۇسۇسى كارخانا ئىگىلىرى يۇقىرى نورمىدىكى پايدىنى قوغلىشىپ، پارىخورلۇق قىلىش يولى بىلەن دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ۋە ئومۇمى مۈلۈكچىلىك كارخانىلىرىدىكى كادىرلارنى چىرىتىدۇ، ناتوغرا ۋاستىلار ئارقىلىق ئومۇمى مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلار بىلەن خام ئەشيا، بازار، مەبلەغ، تېخنىكا كۈچى قاتارلىقلارنى تالىشىدۇ؛ 3) بەزى خۇسۇسى كارخانا ئىگىلىرى يۇقىرى نورمىدىكى پايدىنى قوغلىشىپ، ياللانما ئىشچىلارغا رەھىمسىز مۇئامىلە قىلىدۇ. مەسىلەن: ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ ۋە ئەمگەك سىجىللىقىنى ئۆستۈرىدۇ، ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلاپ بەرمەي،

ئەمگەك مۇھاپىزىتى (ئىستىراخوۋانىيە) نى يولغا قويماي، بەزى ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئىش ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ، ياللىغۇچىلار ياللانما ئىشچىلارغا پەقەت بىر قېتىملا 500 يۈەن نەپىقە پۇلى بېرىدۇ، بەزى ياللىغۇچىلار ھەتتا توختامدا «ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلىنىشىغا ياكى ئۆلۈپ كېتىشىگە، داۋالىنىش راسخودىغا پۈتۈنلەي مەسئۇل ئەمەس» دەپ بەلگىلىگەن. 4) بەزى خۇسۇسى كارخانا ئىگىلىرى يۇقىرى نورمىدىكى پايدىنى قوغلىشىپ، تەبىئى بايلىق مەنبەلىرىنى تالان-تاراج قىلىپ، ئىكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزىدۇ، بايلىق مەنبەلىرىنىڭ غايەت زور دەرىجىدە ئىسراپ بولىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر چەكلەنمەيدىغان بولسا ناھايىتى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ قارىغۇلۇقلىقى ۋە ئىستىخىيىلىكلىكى ئاساسەن باھاسى يۇقىرى، پايدىسى كۆپ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئالمان-تالمان ئاتلىنىشىدا، باھاسى تۆۋەن، پايدىسى ئاز مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ تۇراقسىزلىقى ئاساسەن قىسقا مۇددەتلىك ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئىشچى ياللاپ ئىگىلىك باشقۇرغان كارخانا ئىگىلىرى خۇسۇسى ئىگىلىككە قارىتىلغان سىياسەتتىن خاتىرجەم بولالماي، دائىم ئۆزىنىڭ «تەركىبى»نىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن، قىلغان ئىشىنىڭ سوتسىيالىزم بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە جۈرئەت قىلالماي كۆپ مىقداردىكى مەبلەغنى ئىستېمالغا ئىشلىتىدۇ. خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ بۇخىل تۇراقسىزلىقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان خۇسۇسى ئىگىلىك ئىككى ياقلىما رولغا ئىگە: بىر تەرەپتىن، ئۇ دۆلەت پىلانى، خەلق تۇرمۇشىغا ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پائال رولغا ئىگە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ دۆلەت پىلانىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا زىيانلىق بولۇپ، ياللانما ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىتىش، بازارلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، دۆلەت پىلانىغا زەربە بېرىشكە ئوخشاش پاسسىپ روللارغىمۇ ئىگە. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش نۇقتىسىدىن قارىغاندا خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ يەنىلا نۇقسانلىرىدىن پايدىسى كۆپ، شۇڭا ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنىشىغا يول قويۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشىمىز لازىم. نۆۋەتتە بىز قوللانغان يول قويۇش، ئىلھام بېرىش، پايدىلىنىش، چەكلەش يېتەكلەش، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش فاڭجېنى توغرا. لېكىن بۇ توغرا فاڭجېنىنى ئىزچىل ئەمەلىلەشتۈرۈش ئۈچۈن، شۇنىڭغا مۇناسىپ كونكرېت سىياسەت ۋە قانۇنلارنى بەلگىلەش لازىم

خۇسۇسى ئىگىلىككە دائىر كونكرېت سىياسەت ۋە قانۇن-تۈزۈملەر تۆۋەندىكى

مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم.

1، «خۇسۇسى كارخانىلار قانۇنى»نى تۈزۈپ چىقىش، خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ پائال رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ مۇۋاپىق راۋاجلىنىشىغا يول قويۇش لازىم.

2، دۆلەت ئوخشاش بولمىغان رايون، تارماق، كەسىپلەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىشچى ياللاش، باج ئېلىش، مال-مۈلۈك، باھا ئەمگەك ئىش ھەققى قاتارلىقلارغا مۇۋاپىق بىرقاتار سىياسەتلەرنى بەلگىلىشى، خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنى ئېنىق بەلگىلىشى، ئۇلارنى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەدبىر بەلگىلەشكە يېتەكلىشى لازىم.

3، دۆلەت باج جۇملىدىن «ئىشچى ياللاش بېجى» ۋە «ياللانغۇچىلارنىڭ دارامىتىگە قاراپ ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجى» باھا، پايدا نورمىسى قاتارلىق ئىقتىسادى پىشاڭلاردىن پايدىلىنىپ، خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ يۆنىلىشىنى كىرىم تەقسىماتىنى ۋە تەرەققىيات كۆلىمىنى باشقۇرۇشى ۋە تەڭشىشى لازىم.

پەقەت مۇكەممەل باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزىمىنى بارلىققا كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ سوتسىيالىزمغا پايدىلىق ئىلغار رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى، ھەم ئۇنىڭ سوتسىيالىزمغا پايدىسىز پاسسىپ رولىنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە چەكلەپ، خۇسۇسى ئىگىلىكنى سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ھۆسەيىن رۇزى)

# دۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدا

دولقۇنجان تۇرسۇنىياز

بۇ يىل ئەتىياز ۋە ياز ئارىلىقىدا، بۇتۇن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوقۇغۇچىلار دولقۇنى، مالىمانچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتىگە تېزلا تەسىر كۆرسەتتى. بېيجىڭدە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىلا، 5-ئاينىڭ 19-كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر ئوچۇم يامان نىيەتتىكى كىشىلەر شاڭخەيدە نەشىر قىلىنغان «جىنسىي تۇرمۇشقا دائىر ئۆرپ-ئادەتلەر» ناملىق ئەسكى كىتاب مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، مەركەزنىڭ بۇ مەسىلىنى ئاللىقاچان توغرا ۋە ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ بولغىنىغا قارىماي، رايونىمىزدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ، ئۇلارنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېسىپ كىرىشكە قۇتراتتى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر ئوچۇم لۈكچەكلەر تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ يۇقىرىقى ئورگانلارغا بېسىپ كىرىپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش قاتارلىق چېكىدىن ئاشقان جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. گەرچە بۇ ۋەقە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاقىلانىلىق بىلەن جىددىي تەدبىر قوللىنىشى، كەڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر-جەڭچىلىرىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، ھەمدە ھەققانىيەتنى، ئادالەتنى ياقىلايدىغان، تىنچلىقنى، خاتىرجەملىكنى قەدىرلەيدىغان كەڭ ئاممىنىڭ زىچ ماسلىشىشى ئارقىسىدا تېزلىكتە تىنجىتىلغان، چوڭ زىيان كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا كەلتۈرگەن زىيىنىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. بۇ قېتىمقى ۋەقە نورمال جەمئىيەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ۋە خىزمەت تەرتىپى، جۈملىدىن نورمال ئوقۇ-ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ھەم بازار تەرتىپىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشى، كىشىلەرنىڭ ئېدىيىسىنى زور دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىش رولىنى ئوينىدى. قىسقىسى، بۇ قېتىمقى ۋەقە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىق سالدى.

بۇ ۋەقەنىڭ ساۋاقلىرى بىزگە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ھازىرقى شارائىتتا، بايرىقىمىز روشەن ھالدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، خىلمۇ-خىل بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر-ئېقىملىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مىللىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدىكى تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتىنى چوڭقۇر ۋە ئۇزاققىچە چىڭ تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئومۇمىيلىققا بولغان دىققەت ئېتىبارىمىزنى ھەرگىز ئاجىزلىتىپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتتى. بولۇپمۇ بۇ قېتىم بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن ئالىي مەكتەپلەردىكى كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېقىنقى مەزگىللەردە قىلغان ئۈچ قېتىملىق مۇھىم سۆزىنى، پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرىنى، قالايمىقانچىلىقنى چەكلەش، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىشقا دائىر ماتېرىياللارنى، يولداش جاۋ زىياڭنىڭ پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەل قىلغۇچ پەيتتە، مالىمانچىلىقنى قوللاش، پارتىيىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشتەك خاتالىقلىرىغا دائىر ھۆججەتلەرنى ھەمدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى يولداش جياڭ زېمىننىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق كۆپچىلىك بىردەك تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەشنىڭ نە قەدەر مۇھىملىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالدى.

بىزگە مەلۇمكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1979-يىلىلا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ: «جۇڭگودا 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيىۋى-سىياسىي جەھەتتە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تۈپ شەرتى.»① دەپ كۆرسەتكەنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىزنى داۋاملىق تۈردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئېلىمىزنىڭ 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىزنىڭ لازىملىقى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا، گۇمانلىنىشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى. لېكىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتا دېگەندەك ئەھمىيەت بېرىلمىدى ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇلمىدى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ خەلقنى، ئوقۇغۇچىلارنى، كادىرلارنى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەشتە تۈپ ئىدىيە قىلىنمىدى. ئەكسىچە ئۇ، «بىر خىل ئۆلچەملىك سۆز» سۈپىتىدە ھۆججەت-

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 259-بەت.

لەردە نەقىل كەلتۈرۈلۈش، رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدە تىلغا ئېلىنىش بىلەنلا چەكلەندى ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۇنى «قېلىپلىشىپ قالغان سۆز»، «قۇرۇق سۆز» دەپ قارىدى، ھەمدە سوتسىيالىزم يولىداچىڭ تۇرۇشنىڭ نىشانى يوق، خەلق دېموكراتىيەسى دىكتاتۇرىسىداچىڭ تۇرۇشنىڭ ئوبيېكتى يوق، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى ۋاھاكازا» دېيىدىغان مۇجمەل تونۇشلار ۋە مەسخىرە قىلىش مۇقاملىرى بىرمەزگىل تازا ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر-ئېقىملىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يامراپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ۋە ئونمىليونلىغان ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ھاياتى، قان تەربەدىلىگە كەلگەن خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىل ئىنقىلابى توپىلاڭ يۈز بەردى. بۇ تارىخى ساۋاقنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نوقتىسىدىن ئالغاندا، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىشىدىكى ئورتاق سىياسىي ئاساس، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى. جۈملىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىزنىڭمۇ ئەڭ مۇھىم سىياسىي ئاساسى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا سەل قارالغانلىقتىن مىللەت نەزەرىيىسى ساھەسىدىكى بەزى يولداشلار ئارىسىدىمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ سىياسىي ئاساسى مەسىلىسىدە مۇجمەللىك كۆرۈلۈپ، بەزى ئېغىش ۋە تەۋرىنىشلەر يۈز بەردى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ سىياسىي ئاساسى — تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە، گۇمانلىنىشقا ھەمدە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ!

### 1-سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش — ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىپ راۋاجلىنىشىنىڭ مۇقەررەر يولى ئىكەنلىكى مەسىلىسى

تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتا ھەممىدىن ئاۋۋال سوتسىيالىزم يولىداچىڭ تۇرۇش كېرەك. چۈنكى سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىپ راۋاجلىنىشىنىڭ مۇقەررەر يولى. دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر سوتسىيالىزم يولىغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، بۇ ماركسىزم — لېنىنىزم كۆرسىتىپ بەرگەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «بارلىق مىللەت سوتسىيالىزم يولىغا ماڭىدۇ، بۇنىڭدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، لېكىن بارلىق مىللەتلەرنىڭ مېڭىش ئۇسۇلى تامامەن بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمايدۇ. دېموكراتىيىنىڭ بۇنداق ياكى ئۇنداق شەكلىدە، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ بۇنداق ياكى ئۇنداق تىپىدە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش سۈرئىتىدە ھەربىر مىللەت ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.»① لېنىننىڭ بۇ يەكۈنىدىن بىز، ھەرقانداق دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ سوت-

① «لېنىن ئەسەرلىرى» 23-توم، خەنزۇچە نەشرى، 64-، 65-بەتلەر

سىيالىزمغا مېڭىش جەريانىدىكى تاللىغان ئۇسۇلىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى
ئېنىق كۆرىۋالالايمىز. سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك
سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تۈپ
مەنپەئەتى، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ گۈللىنىپ راۋاج تېپىشىنىڭ تۈپ يولى. شۇنداقلا مەملە-
كىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ئۇزۇل-كېسىل ھەل قىلىشنىڭمۇ مۇقەررەر يولى. بىزنىڭ مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولۇپ
جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە مىللەتنى قۇدرەت تاپ-
قۇزۇشتا سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ پارلاق يولنى تاللىغان، بۇنى ئۆزگەرتىشكە ۋە
ئۇنىڭدىن ۋازكېچىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ. مانا بۇ—ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەل-
قىنىڭ 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى بىۋاسىتە تەجرىبىلىرىدىن چىقىرىلغان تەۋ-
رەنمەس يەكۈن، شۇنداقلا دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيانقى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇ-
لۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىسپاتلىغان ئەڭ تۈپ تارىخىي تەجرىبە. ئېلىمىزدىكى ھەرمىل-
لەت خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش يولىدىكى ئۇلۇغۋار كۆرەشلەردا-
ۋامىدا، پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكتىپ
ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەندى. نۆۋەتتە، بىز ئېلىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىغا ئوخشاش ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىدىمۇ بۇجايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاسا-
سەن ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئىسلاھات ئېلىپ بارماقتىمىز. بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز مەيـ-
لى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولسۇن، مەيلى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولسۇن
ئۇ بىزنىڭ تۈپ تۈزۈمىمىزنى، يەنى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىل-
مايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى، راۋاجلاندۇرۇشنى ۋە ئۆز-ئۆزىنى ئۆزلە-
لىكىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بولۇپ،
تۆت ئاساسىي پىرىنسىپ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە جان-
لاندۇرۇشنىڭ مەقسىتى سوتسىيالىزم يولىدىن چەتنەش ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىزم يولى-
نى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە جانلاندۇرۇشتۇر.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەجرىبىلىرى شۇنى چوڭقۇر ئىسپات-
لىدىكى، ئەگەر سوتسىيالىزمدىن چەتنىگەندە مۇقەررەر ھالدا يېرىم مۇستەملىكە ۋە يې-
رىم فېئوداللىق تۈزۈمدىكى كونا جەمئىيەتكە چېكىنىش يۈز بېرىدۇ. ئېلىمىز خەلقى، بولۇپ-
مۇ ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرى بۇنداق چېكىنىشنى خالىمايدۇ ۋە چېكىنىشكە ھەرگىز
يول قويمايدۇ. چۈنكى بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىزم تۈزۈمى
شارائىتىدىلا مىللىي مەسىلە ئۇزۇل-كېسىل ھەل قىلىنىپ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك
ئورنى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. ھەرمىللەت خەلقى باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆز ئارا
ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا باسىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە سوتسىيالىزم تۈزۈمى

مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىستىقلاللىقى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئاساس يارىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر تەرەپتىن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىنىق يول ئېچىپ بېرىدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۆتكەندە ئىنتايىن ئاز ساندىكى بەزى كىشىلەر كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىگىز بىنالىرى، كۆرۈلۈشتىكى «ئالا-يېشىل دۇنيا»سىغا قاراپ مەس بولۇپ كېتىپ «سوتسىيالىزم كاپىتالىزمغا يەتمەيدۇ» دەپ داۋراڭ سالدى. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىنىڭ، ئۆز مىللىتىنىڭ ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان ئەۋزەل تۈزۈمنىڭ قەدىر-قىممىتىنى توغرا تونۇۋالالماي، كاپىتالىزمنىڭ بەزى نەرسىلىرىگە قايمۇقۇپ قېلىپ، دۆلەت ۋە كىشىلىك قەدىر-قىممىتىگە قارىماستىن، ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنۇپ ئۇلارغا خۇشامەت قىلدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتتى. بۇخىلدىكى كىشىلەر بۇقېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ «ئىسلاھات» نىقابىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن «ئىسلاھات» غەرپتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئەندىزىسى ئارقىلىق نەچچە ئون مىليونلىغان ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەن سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ئىبارەت. بۇقېتىمقى توپىلاڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل مەزمۇنغا ئىگە بەزى شوئارلار بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بۇنداق يالغان ئىسلاھات ئارقىلىق سوتسىيالىزمنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدىغان جىنايى ھەرىكەتلەرگە ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇ.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ھازىر مەملىكىتىمىز ئىختىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە، جۈملىدىن پەن-تېخنىكا جەھەتتە تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردەك ئىلغار ئەمەس، بۇ-پاكىت. لېكىن ئۇنى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك قالاق فېئودال ھۆكۈمرانلىق ۋە جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۈيىل خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 40 يىل بولدى. بۇ 40 يىلدا بىزغايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلەن بولغان پەرقىنى بارغانسېرى كىچىكلەتتۇق. ئەگەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە بىرقاتار خاتالىق ئېلىپ بېرىلغان، كېڭەيتىۋېتىلگەن ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر بولمىغان بولسا تەرەققىيات سۈرئىتىمىز بۇنىڭدىنمۇ تېز بولغان، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىز بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغان بولاتتى. بىز بۇ 40 يىلدا بەزى ئەگرى-توقاي يوللارنى ماڭغان بولساقمۇ، لېكىن بۇ جەرياندا كونا جۇڭگونىڭ نەچچە ئون يىلغا، نەچچە يۈز يىلغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئالغا باستۇق. مانا بۇ پاكىتنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ۋە ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىش ئىنتايىن خاتا.

بىزگە مەلۇملۇق، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى، جۈملىدىن تۈرلۈك شەرت-

شارائىتلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا شۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ۋە شەرت-شارائىتلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ كاپىتالىزم تارىخىنى 1776-يىلدىكى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، ھازىرغىچە 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى. ياپونىيىنىڭكىنى مېيجى يېڭىلىقىغا كۆچۈشتىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، ھازىرغىچە 110 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولدى؛ ئەنگلىيە تېخىمۇ قېرى كاپىتالىستىك مەملىكەت. بىزنىڭ سوتسىيالىزمىمىزغا ئەمدى تېخى 40 يىل بولدى. بىزنىڭ سوتسىيالىزم تارىخىمىزغىمۇ ئەنە شۇنداق 100 يىل 200 يىل ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ۋاقىت بولغاندا تەرەققىياتىمىز تېخىمۇ تېز بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مەملىكەتلەر ئىگىلىكىنىڭ غەيرى نورمال راۋاجلىنىش ئالاھىدىلىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت نوپۇس جەھەتتىنلا سېلىشتۇرساق بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدۇ. ھازىر ئېلىمىز نوپۇسى 1 مىليارت 107 مىليون 200 مىڭغا يېتىپ، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، ئىتالىيە، كانادا، ئىسپانىيە، ئاۋستىرالىيە، رومىنىيە، دېموكراتىك گېرمانىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، پورتۇگالىيە، شىۋىتسارىيە ۋە شىۋېتسىيە قاتارلىق 17 دۆلەت نوپۇسىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ كېلىدۇ. بۇسان دۇنيا نوپۇسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىشىنى چۆچۈتىدۇ. مانا بۇ نوپۇسنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئالدى بىلەن ئىستېمالچى بولۇپ يەيدۇ، كېيىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قورسىقىنى توق، كىيىمىنى پۈتۈن قىلىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۆجىزە. مانا بۇلاردىن ئېلىمىزنىڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلەن بولغان پەرقىنىڭ خېلى زور ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ھازىر مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ، ئازسانلىق مىللەتلەر بولسا بۇ دەسلەپكى باسقۇچنىڭمۇ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرىۋاتىدۇ. گەرچە ئازاتلىقتىن كېيىن بىرقىسىم ئازسانلىق مىللەتلەر كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى، دۆلەت ۋە ئالغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدا تۇرىۋاتقان مىللەتلەر، جۈملىدىن ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچلىرىدا تۇرىۋاتقان مىللەتلەرمۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بىرقانچە تارىخىي باسقۇچتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ سوتسىيالىستىك مىللەتكە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مىللەتلەر ئارىسىدا ئەنئەنىۋىي كۆزقاراشلارنىڭ تەسىرى يەنىلا ساقلىنىپ تۇرىۋاتىدۇ. ئالايلى، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆتمۈشتىكى فېئودال خوراپاتلىق ۋە دىنىي جەۋرى زۇلۇمنىڭ ئاسارىتىدىن تېخى تەل-تۆكۈس قۇتۇلۇپ كەتكىنى يوق؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى يەنىلا نامرات، بەزى ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ناتوغرا ئىگىلىك كۆزقارىشى، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشقا سەل قاراش، سوداسېتىقنى پەس كۆرۈش ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلمەسلىككە ئوخشاش مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تەرەققىيات سەۋىيىمىزگە قاراپ، ئۇنى

تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دا: «سوتسىيالىزم تۈزۈم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈپ تۈزۈمى. سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.» ① دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىل ئىنقىلابىي توپىلاڭ جەريانىدا بەزى كىشىلەر ئىچكى-تاشقى جەھەتتە ئۆزئارا ماسلىشىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئىنتايىن ئازساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى ۋە مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى بەزى مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ زىددىيەت پەيدا قىلىپ، قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتكە بۇزغۇنچىلىق سېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرمىللەت خەلقى كۆزى روشەن ھالدا چوڭ ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بىت-چىت قىلدى. بۇ پاكىت ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى، خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

دېمەك، بىز ئەمەلىيەت ئارقىلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ كاپىتالىستىك تۈزۈمدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىشىمىز، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش داۋامىدا قولغا كەلگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز، ئۇلارغا كۆز يۇمىدىغان، ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن دادىل كۆرەش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت توختى ئەخمەت)

① «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 11-بەت

# مەكتەپلەردىكى سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا

تۇخان جاپپار
( مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىن )

كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك مەكتەپلەردە -ئەلبەتتە، دۆلىتىمىز ئۈچۈن سوتسىيالىستىك يۆلۈنۈشتە چىڭ تۇرالايدىغان، ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانى، ئىستېتىكا، ئەمگەك ... قاتارلىق جەھەتلەردە ئەتراپلىق تەرەققى قىلغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ھەم قىزىللىلاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان ئىز باسارلاردىن تەربىيلەش مەقسەت قىلىنىدۇ. بىراق يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە، خوددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقانىدەك: «بىزنىڭ يېقىنقى ئون يىللىق تەرەققىياتىمىز ناھايىتى ياخشى بولدى. بىزنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكىمىز — مائارىپ جەھەتتە كۆرۈلدى. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت بوشاپ كەتتى. مائارىپنىڭ تەرەققىياتى يېتەرلىك بولمىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئىختىسات خوشاللىنارلىق ھالدا راۋاجلانغان، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ياخشىلانغان ئەھۋالدا، خەلققە جۇملىدىن كومپارتىيە ئەزالىرىغا، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتمىدۇق، مۇشۇ ئەنئەنە بولسىلا چىرىكلىككە تاقابىل تۇرالايمىز، پېشقەدەم كادىرلار پەرزەنتلىرىنى ئوبدان باشقۇرالايدۇ، بىز سوغاققانلىق بىلەن ئويلاپ، بۇ جەھەتتىكى سەۋەنلىك يول پاخاللىق قاتارلىق مەسىلىلەردىمۇ ئېغىر، دېگەن قاراشقا كەلدۇق» دەپ يەكۈنلىگىنىگە ئوخشاش، ئۇزۇن يىل داۋامىدا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، كوممۇنىستىك روھ ۋە پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى تەكىتلەش، پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەنىدىكى تۆت ئاساسىي پىرىنسىپلار بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلمىگەچكە، مائارىپ ساھەسىدىمۇ «ئىدىيە جەھەتتە چىرىكلەشمەش، ئەخلاقى جەھەتتە بۇزۇلۇش، ئىقتىسادى جەھەتتە چىرىكلەشمەش»، تەك ناچار خاھىشلار مەيدانغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ياش ئوقۇغۇچىلار بۇ قىسمەنلىكىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنمەي، ئۇمۇملۇقنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالماي كۆزدە كىلىك قىلىپ ئالدىراپ نامايىشقا چىقتى، بىر قىسىم يامان ئادەملەرنىڭ قوترىتىشى بىلەن مەركەزدە بىر مەيدان سىياسىي توپىلاڭنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپ بولدى. مانا بۇ قانلىق ۋەقە، ئاچچىق ساۋاق بىزنى بىر قېتىم چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلدى. ھەممە بىزگە نىسپەتەن تېزدىن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا ئاداشماي مېڭىشىمىزغا بېرىلگەن سىگنال بولدى. مۇشۇ سەۋەپتىن پارتىيىمىز مەركەزدىن باشلاپ جايلارغىچە كەڭ كۆ-

لەملىك سىياسىي - ئىدىيىۋىي تەربىيەنى كۈچەيتىپ، سەۋەنلىكنى، كەمچىلىكنى ۋاقتىدا تۈزۈتۈپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ھەققىدە چاقىرىق چىقاردى. شۇڭا بىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى يولداشلار مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ئۆگىنىش ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، سىياسىي ئوكۇنۇشلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئاڭ سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ياخشى ئىشلارنى تەشۋىق قىلىپ، ناچار كەيپىياتلارنى ئەيىبلەپ، ئاڭلىقلىقىمىزنى، ئاكتىپچانلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، نەزىرىيىۋى سەۋىيىمىزنى، قانۇن سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى تەسىر بېرىشنىڭ شەرتىنى ھازىرلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچىلارغا بولغان سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ساپ سىياسىي ھاۋاغا ئىگە ئىجتىمائىي مۇھىتنى يارىتقىلى بولىدۇ.

مەكتەپلەردە ھەممە كىشى ئوقۇغۇچىلارغا سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە تىرىشىشى لازىم.

1. سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى بىۋاسىتە ئىشلىگۈچى خادىملار، شۇنداقلا تەشۋىقات بۆلۈم، سىياسىي باشقارما، ئىتتىپاق تەشكىلاتى قاتارلىق ئورۇنلار ئۆز ئارا ماسلىشىپ ھەممە ئىشنىڭ جان تومۇرى بولغان سىياسىي خىزمەتنى چىڭ تۇتۇش. ئەستايىدىل ئىشلەش، پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىشى لازىم. بىر مەزگىل 4 ئاساسىي پرىنسىپ ئۈستىدىن تەكىتلەنمەي، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى سەل ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىلمەي سىياسىي خىزمەتنىڭ ئۆزى ۋە رولى ئىتتىۋازغا ئېلىنمىدى، سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت قورۇلىشى، پرىنسىپلىرى تاشلاپ قويۇلدى. بۇ خىزمەتنى ئىشلىگۈچى خادىملارمۇ ئۆز خىزمىتىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەندەك، بۇ خىزمەتكە ئەندى ئېتىۋار بېرىلمەسمۇ بولىدىغاندەك ھېس قىلىپ قالدى، سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ بوشاپ قېلىشى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىغا، جەمئىيەت كەيپىياتىغا يامان تەسىر بەردى، دۇنيا قارىشى تېخى مۇستەھكەم تىكلىنىپ بولالمىغان ياشلار بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، يامان ئادەملەرنىڭ سەپسەتىسىگە ئېشىنىپ كېتىپ پارتىيىمىزنىڭ دانالىقىدىن گۇمانلىنىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىنكار قىلدى. شۇڭا پارتىيىمىز سىياسىي خىزمەتكە تازا ئېتىۋار بەرمىگەنلىك سەۋەنلىكىنى ۋاقتىدا تونۇپ، سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت قورۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بۇ خىزمەتنى ئىشلىگۈچى خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي خىزمەتنىڭ ئۆزىنى ۋە رولىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. شۇنداق ئىكەن، مەكتىپىمىزدىكى سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىگۈچى يولداشلار ئۆز خىزمىتىنىڭ پۈتۈن، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ مۇھىتى، ئىجتىمائىي كەيپىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم خىزمەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئىشلەشكە تېگىشلىك زۆرۈر خىزمەتلەرنى تەدبىرلىك ھالدا ئەستايىدىل ئىشلەش شەرت.

سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت ئىدېئولوگىيە كاتېگورىيىسىگە كىرگەچكە، ئۇنى ئىشلەشتە تارىخىي ۋە رېئال ۋەقەلەرنى، ئىجابىي ۋە سەلبىي پاكىتلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ جانلىق، ئەمەلىي بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، شەكىلنىڭ خىلمۇ - خىل بولۇشىغا ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئالايلى: ياخشى ئىش، ياخشى كەيپىياتلارنى تەشۋىق قىلىش، تەنقىت ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىت قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بەزى ئەھۋاللارنى شەخسلەر بىلەن سىردىشىش ئارقىلىق مەسىلە ھەل قىلىشمۇ ياخشى چارە. ئۇنىڭدىن باشقا سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئىگە كىنو، تېلېۋىزور، لوشاڭ، كونسېرتلارنى كۆرۈشكە تەشكىللەپ تەسىرات سۆزلەشكە، بەزى يامان ئەھۋاللارنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىش كېرەك. ئۆتكەندە مەكتىپىمىزدە پارتىيە تارىخىغا ئائىت لوشاڭ قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولدى، چۈنكى بۇ لوشاڭدا جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىدىن چىقىرىلغان توغرا يەكۈن، يەنى «كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغان بولسا يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى»... دېگەن نۇقتىنى نەزەر ئوبرازلىق شەرھلەنگەن. لوشاڭدا جاھانگىرلىك، فېئوداللىزمغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر داۋامىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ 28 يىل جاپالىق كۈرەش قىلىپ، جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم، بيوكرات كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغانلىقى، شۇنداقلا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەنى جۇڭگو خەلقىنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، خەۋپ - خەتەرلەرنى يېڭىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشقا ھەمدە ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە ئىنتايىن قالاق بولغان كونا جۇڭگونى تامامەن مۇستەقىل ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەپ ياشنىغان يېڭى جۇڭگو قىلىپ چىقىشقا رەھبەرلىك قىلغانلىق جەريانى يىغىنچاق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. لوشاڭنى كۆرگەن ھەر بىر كىشى ناھايىتى تەبىئىي، جانلىق تەربىيىگە ئىگە بولدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىگۈچى يولداشلار شەكىلنىڭ خىلمۇ - خىل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئامال قىلىش كېرەك.

2 - ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆز كەسپىگە بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى جانلاندۇرۇشى بۇ خىزمەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشى كېرەك. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە پەقەت ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنىلا ئۆستۈرۈش كۆزدە تۇتۇلدى. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلاردا گەرچە كەسپتە خېلى زور ئىلگىرىلەش بولغان بولسىمۇ، كەسپىي ئەخلاقىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن بەزى ئوقۇتقۇچىلاردا جەمئىيەتنىڭ يامان تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىدىغان، ئىنتىزامغا ئانچە رىئايە قىلمايدىغان، ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقىرىپ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈ-

زىدىيغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بۇ ئوقۇغۇچىلاردا تېخىمۇ يامان تەسىر پەيدا قىلدى.

ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ جانلىق ئۆلگىسى بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم تارقاتقۇچىلا بولۇپ قالماستىن بەلكى ئەخلاق ئۇرۇغىنى تارقاتقۇچى ئىبارەتتۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئەلۋەتتە، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ھەر جەھەتتىن ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى تەسىر بېرىپ ئۇلارغا ئۆلگە بولۇشى كېرەك. باھار ئۆزىنىڭ ئىللىقلىقى، گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن كىشىلەرنى مەپتۇن قىلغىنىدەك ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئەڭ يۈكسەك كەسىپچانلىقى، ئالىي جاناپ پەزىلىتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلىپ، قايىل قىلىشى لازىم. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا مېھرىبان ئانىنىڭ چەكسىز مۇھەببىتى، تەلەپچان دادىنىڭ يۈكسەك ئىناۋىتى، ئەمەلىيەتچانلىقىنىڭ بىجانىدىللىقى، «ئالتۇن ئاچقۇچ» نىڭ قۇدرىتى، تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ ئىلمىيلىكى قەلب ۋە ھەرىكىتىنىڭ گۈزەللىكى ئارقىلىق ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ ئۆز كەسپىي ئەخلاقىنى نامايەندە قىلىدۇ. ئاي قۇياشتىن نۇر ئالمىسا شولا چاچالمىغىنىدەك، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياخشى تەربىيىسىگە ئېرىشەلمىسە كامالەتكە يېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار دەرس مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارغا سىياسىي ئىدىيىۋى، ئەخلاقى، ئەقلى، تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئېتىبار بېرىشى، مەسىلىلەرگە ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن باھا بېرىپ، ياخشى بىلەن ياماننى ئېنىق ئايرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچىلاردا توغرا دۇنيا قاراشنى تىكلەپ ھەم ئىقتىسادلاشقان ھەم قىزىللاشقان ئىزباسارلاردىن قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.

3 - ئوقۇتۇشقا ياردەمچى خادىملارمۇ كەسپىي خىزمەتلىرىنى مەكتەپنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەپ، بۇ خىزمەتكە ئېتىبار بېرىشى لازىم.

كۇتۇپخانا، تەجرىبىخانا، ماتېرىيال بۆلۈم، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش قاتارلىق ئورۇنلاردىكى خادىملار ئۆزىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتكە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، بۇ خىزمەتكە ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك. ھەرگىز بىزنىڭ كەسپىي خىزمىتىمىز سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق دەپ ئۆزىنىڭ كەسپىي خىزمىتىدىن سىياسىي خىزمەتنى ئايرىپ قارىسا بولمايدۇ. سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت ھەر قايسى كەسپىي خىزمەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا، كەسپىي خىزمەتنى مەكتەپنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. جۈملىدىن تەجرىبىخانىدىكى خادىملارمۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلاردا جانلىق ھالدا ئەمەلىي نەرسىلەرگە قىزىقىشنى قوزغىتىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى ئەمەلىي ئانالىز قىلىپ، تەجرىبە ئىشلىشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىنىڭ دەسلەپكى ئىپا-

دېلىنىشى، مەشھۇر ئالىم ئېينىشتېيىن «ئەڭ مۇھىم تەربىيە ئۇسۇلى ئومۇمەن ئېيتقاندا ئوقۇغۇچىلارنى ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەن. ئوقۇغۇچىلاردا توغرا دۇنيا قاراشنىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەمەلىي نەرسىلەرگە قىزىقتۇرۇپ، رىغبەتلەندۈرۈشىمىز، ئىلھاملاندۇرۇشىمىز لازىم. بولۇپمۇ كۇتۇپخانا خادىملىرى ئۆزىنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، بىلىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كەسپىي خىزمەت ئەخلاقىنى تو-لۇق ئىگەللەپ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى لازىم. چۈنكى كۇتۇپخانا مەكتىپىمىز-نىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىيال بازىسى شۇنداق بولغان ئىكەن، مەكتەپتىكى ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى كۇتۇپخانىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق قاندۇرىدۇ. مانا بۇ خادىملارنىڭ كەسپىي خىزمەت ۋە سىياسىي خىزمەت دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كۇتۇپخانىنىڭ كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش، ئوقۇغۇچىلارنى توغرا سىياسىي يۆنىلىشكە يېتەكلەش جەھەتتە ئوينايدىغان رولى ناھايىتى مۇھىم. كۆ-ڭۈلدىكىدەك كىتاب ئەقىل ئىدرەكنىڭ ئاچقۇچى. گوركىمۇ بۇ جەھەتتە «كىتابنى سۆيۈڭلار ئۇ سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارغا ھوزۇر بېغىشلايدۇ. مۇرەككەپ ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە تۈر-لۈك ۋەقەلەرنى چۈشىنىشىڭلارغا ياردەم بېرىدۇ. سىلەرنى باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. سىلەرنى دۇنيانى بىلىدىغان ئىنسانلارنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئەقىل پاراسەتلىك ئادەم بولۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ» دەپ خىتاب قىلغان. بۇنى كۇتۇپخانا خا-دىملىرى ئوبدان تەشۋىق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى كىتاب كۆرۈشكە ئادەتلەندۈرۈش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرخىل كەسپىي كىتابلارنى ئىزدىشىپ ئوقۇپ بىلىم دائىرىسىنى كەڭەيتىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، تىل ئۆگىنىش ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ماقالە يېزىش. تەكلىمە يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، بىلىم دەرياسىدا دولقۇن يېرىپ ئالغا بېسىش-قا تۈرتكە بولۇش كېرەك. خىزمەتنى ئىزچىل، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ بەزى مەزمۇنى چىرىك شەھۋانە كىتابلارنى ئوقۇپ يامان تەسىر ئېلىپ قې-لىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا كەسپىي خىزمەتكە سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەپ كۇتۇپخانىنىڭ 2-دەرسخانىلىق رولىنى تولۇق جارى قىل-دۇرغىلى بولىدۇ. ماتېرىيال بۆلۈمىدە ئېلىكتىرلەشكەن ئوقۇتۇشتا خىزمەت قىلغان خادىم-لارمۇ ئۆز خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە سىياسىي خىزمەتنى جانلاندۇرۇشى لازىم، ئەلۋەتتە.

4-مەكتەپتىكى بارلىق ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى يولداشلار ئۆز خىزمەت مەجبۇرىيىتى تەركىۋىدە ئوقۇغۇچىلارغا سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلەش بۇرچىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت توغرا سىياسەتنىڭ ئەمەللىشى بىلەن كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بۇرۇنقىغا قارىغاندا كەڭ قويۇۋېتىلدى. بۇنداق ياخشى ئىجتىمائىي شارائىت كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۈچۈن كۆڭۈل ئازادىلىق

② (شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى) 89-يىل 2 - - سان 54-بەت

بىلەن ئىجاتچانلىق روھنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسپى جەھەتتىن ئالغا بېسىشتا، يېڭىلىق يارىتىشقا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن بولسىمۇ بىر قىسىم كىشىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە خۇدىنى يوقىتىپ، بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە ھەۋەس قىلىپ شەھۋانىلىققا قىزىقتى. بەزىلەر ئۆزىنىڭ خىزمەتتىكى قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ خىيانەت قىلىپ، ئۆزمەنپەئەتى ئۈچۈن چوغ تارتىپ، پارتىيىنىڭ ئادىل خىزمەت پىرىنسىپلىرىنى قايرىپ قويۇپ، ئاممىنىڭ غەزىۋىنى قوزغىدى. بۇنداق ئەھۋاللار جەمئىيەتكە، جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەسىر بەردى. شۇڭا مەكتەپتىكى ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى يولداشلارمۇ ئۆزىگە تەلەپنى قاتتىق قويۇپ سىياسى ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پارتىيىگە سادىق بولۇپ خىزمەتنى ئادىل، سەممىي ئىشلەپ، كەمچىلىكنى تۈزىتىپ ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى تەسىر بېرىشى لازىم. ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى يولداشلار ئوقۇغۇچىلارغا سىياسى ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش بىزنىڭ خىزمەت دائىرىمىزدىكى ئىش ئەمەس، بۇ خىزمەتنى پەقەت ئوقۇتقۇچىلار ئىشلەشكە تېگىشلىك دەپ قاراپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى مەكتەپ تەلىم-تەربىيە بازىسى: بۇ بازىدا ئىشلىگەن ھەرقانداق خىزمەتچىنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئوقۇغۇچىغا تەربىيە ئىشلەش بۇرچى بار. شۇڭا ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلار ئۆز خىزمىتىنى سۈپەتلىك ئورۇنلىغاندىن باشقا نۆۋىتى كەلگەندە، ئالايلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كولليكتىپ مۈلكنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقىنى كۆرگەندە، يامان سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا باش تارتماستىن ئۇلارغا سەممىي تەربىيە بېرىپ، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇشقا سەل قارىماي، كەمچىلىكنىڭ ۋاقتىدا تۈزۈتىلمەي، يامراپ كېتىشىنىڭ، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھەممە كىشى بىردەك ناچار خاھىشلارغا قارشى تۇرۇپ، ياخشى تىپلارنى تەشۋىق قىلىپ، سىياسى ۋەزىيەتنى ۋاقتىدا ئىگەللەپ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى سىياسى جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەندىلا ياخشى ئىجتىمائى مۇھىت يارىتقىلى بولىدۇ.

دېمەك: مەكتەپلەردە كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنلاش جەريانىدا ھەممە كىشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسى ئىدىيە، ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانى جەھەتتىن تەڭ تەرەققى قىلىپ ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان ئىز باسارلاردىن بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا يالغۇز راۋاپنىڭ ئۈنى چىقماس، ئۈنى چىقسىمۇ چېڭى چىقماس دېگەندەك ئىش بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ھەرقايسى تارماقلاردىكى خادىملار سىياسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆز كەسپى خىزمەتلىرىنى سىياسى ئىدىيىۋى خىزمەت بىلەن جانلىق بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىگەندىلا مەكتەپلەردە سىياسى ئىدىيىۋى خىزمەتنى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈپ، تەلىم-تەربىيىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: شېرىپجان قاسىم)

# پاكۇلتېت مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە پاكۇلتېت مۇدىرى

سۇگچە نشك

ئالىي مەكتەپلەردە پاكۇلتېت مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش — مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر قايتا - قايتا غۇلغۇلا قىلىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق پاكۇلتېت مۇدىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. «بەلگىلىمە»دە پاكۇلتېت مۇدىرلىرى - پاكۇلتېتنىڭ مەمۇرىي مەسئۇلى بولۇپ، ئۇلار بىۋاستە مەكتەپ مۇدىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا پۈتۈن پاكۇلتېتنىڭ ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق ھەر ساھە خىزمەتلەرنى باشقۇرۇشقا ھەم رەھبەرلىك قىلىشقا، مۇئاۋىن مۇدىرلارغا ئىش تەقسىم قىلىپ بېرىشكە ۋە نازارەت قىلىشقا، ھەر قايسى مۇئاۋىن مۇدىرلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەڭشەشكە مەسئۇل بولىدۇ.» دەپ كۆرسىتىلگەن

مەزكۇر ماقالەمدە ئالىي مەكتەپلەردە پاكۇلتېت مۇدىرلىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش مەسىلىسى ھەققىدە بىر قانچە كۆز قارىشىمنى شەرھىلىمەكچىمەن.

### 1. پاكۇلتېت مۇدىرلىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، پاكۇلتېت مۇدىرلىرى مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك.

پاكۇلتېت مۇدىرلىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش مەكتەپ بىلەن پاكۇلتېت ئىش تەقسىماتى قىلىش، پاكۇلتېت مۇدىرلىرى مەكتەپ مۇدىرى بەرگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە تەشەببۇسكارلىق ۋە ئەمەلىي نەتىجىسى ئارقىلىق مەكتەپ مۇدىرى ئالدىدا ئومۇمىيۈزلۈك جاۋابكار بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە پاكۇلتېتتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئالدىدا جاۋابكار بولۇش دېگەنلىكتۇر. مەسئۇل بولۇش دېگەنلىك پاكۇلتېت مۇدىرلىرىدا ھەممىدىن ئاۋال بىرخىل جاۋابكارلىق ھېسسىياتى بولۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر. شۇنى تونۇش كېرەككى مەكتەپنىڭ مەركىزى ۋەزىپىسى ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئارقىلىق ۋەتەننىڭ سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يۇقىرى سەۋىيىلىك مەخسۇس ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى پاكۇلتېتنىڭ تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا باغلىق، زۆر مىق-

داردىكى، كۆندىلىك خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى پاكۇلتېت مۇدىرلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن بولىدۇ. ھالبۇكى مەكتەپ ئورگىنىدىكى باشقىلارمۇ، ئىشخانا بولسا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنى بولۇپ پاكۇلتېتنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش، تەگشەشتىن ئىبارەت بىر خىل مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلار جەزمەن ئوقۇتۇش مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى قىلىش كېرەك، لېكىن ئۇلار كونكرېتنى ھالدا كافېدىرا ۋە سىنىپلارنىڭ خىزمىتىنى باشقۇرمايدۇ. شۇڭا بىر پاكۇلتېتنىڭ تەلىم-تەربىيە ھەم ئوقۇتۇش سۈپىتى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتى ئەلبەتتە بۇنىڭدىن كېيىنكى دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. پاكۇلتېت مۇدىرلىرى ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغانلىقى، مەسئۇلىيىتى ناھايىتى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردا جەزمەن كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ھېسسىياتى ۋە تەقەززالىق ھېسسىياتى بولۇش كېرەك. مانا بۇلار مەكتەپ مۇدىرى ئالدىدا ئومۇمىيۈزلۈك جاۋابكار بولۇشنىڭ ماھىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا پاكۇلتېت مۇدىرى پاكۇلتېتتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. مەكتەپ پارتكومى بىلەن مەكتەپ مۇدىرى بىر قانچە يۈز ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى پاكۇلتېت مۇدىرىغا تەشكىلى جەھەتتىن باشقۇرۇش، يېتىشتۈرۈپ ئىشلىتىش، كەسپلەرنى ئورتاق ھالدا قۇرۇپ چىقىشقا تاپشۇرغان. شۇڭلاشقا پاكۇلتېت مۇدىرى ئۇلارغا ياخشى مەسئۇل بولۇشى كېرەك. بىر پاكۇلتېتنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن جەزمەن ئوقۇتقۇچىلارغا تايىنىش كېرەك، ئوقۇتقۇچىلار پاكۇلتېتنى ياخشى باشقۇرۇش، بىر كەسپنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم گەۋدىسى بولغانلىقتىن ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىر نىيەت بىر دىلدا ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە غەمخورلۇق قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسى ۋە ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بارلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىش، ئۇلارنى قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشقا قويۇش، ھەر قايسىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىلمىي جەھەتتە باشلامچىلىق قىلىدىغان، مۇۋاپىق كېلىدىغان شوتا شەكىللىك قوشۇننى قۇرۇپ چىقىش، - چىقماسلىق پاكۇلتېت مۇدىرلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئايلىنىشىغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش، ھەرگىز سەل قارىماسلىق لازىم. ئاز-تولا سەل قارالسا، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا بىۋاستە تەسىر يېتىدۇ. نۆۋەتتە كۆچەتلەرنىڭ سۈپىتىگە تېخىمۇ بىۋاستە تەسىر يېتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە پاكۇلتېت مۇدىرلىرىنىڭ ھەممىسى «قوش ۋەزىپە»نى ئۈستىگە ئالغانلار بولۇپ، بۇ پاكۇلتېت مۇدىرلىرىدىن ئوقۇتۇش ۋەزىپىسى، كەسپىي ئىشلار ئۇلاردىن ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ئالدىدا مېڭىشنى، نەمۇنىلىك رول ئوينىيالايدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كەچتە دەرس تەييارلاپ، كۈن-

دۇزى دەرس ئۆتىدۇ ۋە مەمۇرى، كەسپىي ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كەسپىي مەجبۇرىيىتى ئۇلارنى ئەنە شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللاش كېرەك. بەزىلەر پاكۇلتېت مۇدىرلىقى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان «ئەمەل» دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە ئۇ «تېرىق-چىلىك ئەمەل» دار ئەمەس بەلكى سەپىي ئۆزىدىن بولغان مۇلازىمەتچى، ياخشى مۇلازىمەت قىلىش راستىنلا ئوڭاي ئەمەس. ئەگەر بىر پاكۇلتېت مۇدىرى ئۆزىنى قانداقتۇر بىر «ئەمەل» دار دەپ قارايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مەجبۇرىيەت دائىرىسى، ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىيالمايدۇ. «ئەمەل» دار بولىۋالسا مۇقەررەر «لوپى بولۇپ قېلىپ» ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ-دە، مەكتەپ مۇدىرى ئالدىدا، پاكۇلتېتتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا جاۋابكار بولمىغان بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن پاكۇلتېت مۇدىرى دادىل مەسئۇل بولۇش لازىم. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى باركىشى ئەلبەتتە دادىل مەسئۇل بولالايدۇ. مەكتەپ مۇدىرى رەھبەرلىكى ئاستىدا، پاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە ئاساسەن باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇل بولۇش، مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەتلىك بولۇش، ئىجاتكارلىق بىلەن ئىشلەش كېرەك. مەكتەپ مۇدىرى پاكۇلتېتقا رەھبەرلىك قىلىشتا، مۇھىم چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى بەلگىلەشتە ماكرو جەھەتتە تىزگىنلەپ مىكرو جەھەتتىن جانلاندۇرىدۇ. شۇنىڭدەك توغرى لىنىيە جەھەتتە تەكشەيدۇ. ئۇنداقتا پاكۇلتېت مۇدىرى ئۆز پاكۇلتېتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە زۆرۈر تېپىلغاندا مەكتەپ مۇدىرىدىن يوليورۇق سوراش ۋە دوكلات قىلىش، ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى ئىشلارنى چوقۇم غوللۇق قىلىش ۋە دېموكراتىك ھالدا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن دادىللىق بىلەن مۇستەقىل بىرتەرەپ قىلىش كېرەك. چوڭ-كىچىك ئىشلاردا بولسۇن ياكى ئىش بېجىرىش جەريانىدا بولسۇن ھەددىسىلا ھەممىسىنى مەكتەپ مۇدىرىغا دوكلات قىلىۋەرمەسلىك كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتى زايا بولىدۇ، ھەم خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ. پاكۇلتېت مۇدىرى ئەستايىدىل پۇختا ئىشلىشى، ئېتى ئۇلۇغ سۇپۇرسى قۇرۇق، سۆز-ھەرىكىتى بىردەك بولماسلىق ئىستىلىغا قارشى تۇرۇشىمىز ھەر قانداق ئىشتا مەكتەپ باشلىقىدىن يوليورۇق سورايدىغان، ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشى بولماسلىق، مەسئۇل بولۇشتىن قورقۇش، خىزمەت پوزىتسىيىسىگە قارشى تۇرۇشى كېرەك. بۇ مەسىلە پاكۇلتېت مۇدىرى مەكتەپ باشلىقى ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن پاكۇلتېتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكىنى ياخشى بىرتەرەپ قىلىش لازىم.

### 2-پاكۇلتېت مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا، پاكۇلتېت مۇدىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرت

پاكۇلتېت مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا پاكۇلتېت مۇدىرى ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش لازىم:

(1) جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پاكۇلتېتنىڭ تەرەققىيات كۆلىمى، كەسىپ ۋە ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنىڭ قۇرۇلۇش نىشانى، كەسىپلەر يېتىشتۈرىدىغان ئۆلچەم، يېقىنقى قىسقا مۇددەتلىك ھەم ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛ (2) پۈتۈن پاكولتېتنىڭ ئوقۇتۇشىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش (3) پۈتۈن پاكۇلتېتنىڭ تەجرىبەخانا قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇش (4) پۈتۈن پاكۇلتېتنىڭ پەن-تەتقىقات نوقتىسىنى ۋە تەتقىقات يۆنىلىشىنى بەلگىلەش. (5) پۈتۈن پاكۇلتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى تەرەققى قىلدۇرۇش تەربىيەلەش پىلانى ۋە نوقتىلىق تەربىيەلەش ئوبيېكتلىرىنى تاللاپ چىقىشقا مەسئۇل بولۇش (6) ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانى، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققى قىلدۇرۇش پائالىيىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياخشى مەكتەپ ئىستىلى ۋە ئۆگىنىش ئىستىلى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئەتراپلىق تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈش؛ (7) مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن پاكۇلتېتىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش؛ (8) پاكۇلتېت مۇدىرلىرى خىزمەت يىغىنى ۋە پاكۇلتېت ئىشلار يىغىنىنى ئېچىشقا مەسئۇل بولۇش؛ (9) پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ كاپالەتلىك ۋە نازارىتى ئاستىدا 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ دېموكراتىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش سۈپىتىگە ھەقىقى كاپالەتلىك قىلىش؛ (10) مەكتەپ مالىيەسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن مالىيە ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى بولۇش؛ شۇنداقلا، پاكۇلتېت مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇنلاش ئۈچۈن پاكۇلتېت مۇدىرى بەلگىلىك سۈپەتنى ھازىرلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، زامانىۋى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇنلىشالايدۇ.

### 1-ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان بىرنەچچە ئاساسىي كۆز قاراش

(1) ئېتىقات قارشى

پاكۇلتېت مۇدىرى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يارامىلىق «4 كە ئىگە» بولغان 5 نى سۆيىدىغان ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىكەن، ئۇنداقتا پاكۇلتېت مۇدىرى سوتسىيالىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە كوممۇنىزمغا ئۆزىنى بېغىشلاشتەك يۈكسەك ئەقىدە تۇرغۇزۇشى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشى، ھەرقەدەر يۇقىرى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن تەربىيەلىنىش سەۋىيىسىگە ئىگە، خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇشى، كۈچلۈك كەسىپچانلىق ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش روھىغا ئىگە بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۈچلۈك تەسىر كۈچ پەيدا قىلالايدۇ.

2) سېستىما قارشى

پاكۇلتېت مۇدىرى ئالىي مائارىپ بىلەن دۆلەت قۇرۇلۇشى، مەكتەپ بىلەن پاكۇلتېت، پاكۇلتېت بىلەن كافېدرا، پاكۇلتېت بىلەن پاكۇلتېت ۋە مەكتەپنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا، سىستېما قارىشىنى چىقىش قىلىپ ئۆزىنى توغرا ئورۇنغا قويۇپ، سىستېما كۆز قارىشى پرىنسىپى بويىچە ھەممىدە ئومۇملۇق، بىر پۈتۈنلۈك، ئەڭ ياخشىلاش كۆز قارىشىنى چىقىش قىلىپ، سىستېمىنىڭ ئىچكى - تاشقى مۇھىتى بىلەن ئۇچۇر ئىنفورماتسىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى باشقۇرۇش، مەكتەپنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتى ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنۇش، پاكۇلتېت بىلەن پاكۇلتېت ۋە مەكتەپتىكى ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ياردەم بېرىش، چۈشىنىش ۋە ئىشىنىش روھى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، تارمەھكەمچىلىكنى تۈگىتىش ۋە قىسمەن مەنپەئەت بىلەن كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى تەكىتلەشكە قارشى تۇرۇش لازىم.

3) ئۇچۇر قارىشى

كىشىلەر دائىم «بۈگۈنكى دەۋر ئۇچۇر دەۋرى» دەيدۇ. بۇ زامانىۋى باشقۇرۇش داۋامىدا ئۇچۇرنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئۇچۇر باشقۇرۇشتا سىياسەت بەلگىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، پەقەت ئۇچۇرنى توغرا ئىگىلەپ، ئەستايىدىل تەھلىل، تەتقىق قىلغاندىلا ئاندىن پاكۇلتېتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ھەل قىلغۇچ سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ. بەلگىلەنگەن سىياسەتنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىنى، مۆلچەرنىڭ ئىلمىيلىك دەرىجىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. توغرا مۆلچەرلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇچۇرنى چۈشىنىش ۋە ئۇچۇر ئىگىلەش ھەممىدە ئىلمىي يوسۇندا بىر تەرەپ قىلىش، يەنى كىشىلەر دائىم قوللىنىپ كەلگەندەك يۈزەكى ھالەتتىن ئىچكىرى ئۆتۈش، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى ئېلىش، ئۇچۇرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئۇنداقتا پاكۇلتېت مۇدىرى پاكۇلتېت ۋە كەسىپنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ كەسىپنىڭ دۆلەت ئىچكى ۋە سىرتىدىكى ئەھۋالىنى، شۇ پەننىڭ يۈزلىنىشى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش لازىم. ئىككىنچىدىن، پاكۇلتېتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىستېمىلاردىمۇ ئۇچۇر ئالاقە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تومۇرنىڭ سوقۇشىغا، ئوقۇتۇش، تەتقىقات، ئىدىيىۋى سىياسىي ئەھۋالى، ئارقا سەپ تۇرمۇش ھالىتى، ئاساسىي ئېقىم ۋە يۈزلىنىشى قاتارلىق بۇ ئىچكى تاشقى ئۇچۇر سىستېمىسى تۇرغۇزۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئۇچۇرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئۆتكۈر بولمىسا ياكى ئۇچۇرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىسە، پاكۇلتېت مۇدىرى ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

4) ۋاقىت قارىشى

كونىلار «ۋاقىت ئالتۇن دېمەكتۇر ۋاقىتنى ئالتۇنغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ» دېگەن. غەربلىقلار «ۋاقىت دېمەك پۇل دېمەك»، «ۋاقىت ھايات دېمەك»، «ۋاقىت ئۈنۈم دېمەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ كۆز قاراشلار كىشىلەرنىڭ ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغانلىقى، ۋاقىت قارىشى بولۇش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كىشىنىڭ ھاياتى چەكلىك بولىدۇ. ھايات بىزگە پەقەت بىر قېتىملا ئاتا قىلىنىدۇ. ھاياتنىڭ بىزگە تاپشۇرغان تارىخىي بۇرچىنى قەدىرلىشىمىز لازىم. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق ھەم بەزى سىياسەتلەردىكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن بىز بىر ئەۋلات كىشىلەر 10 يىل، 20 يىل ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويدۇق. پارتىيە مەركىزى كومىتېتى 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە بىزنىڭ ياشلىق تالانتىمىزنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تولۇق شەپقەت كۆرسەتتى ۋە ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىپ بەردى. لېكىن ئۆتكەن ۋاقىت قايتىپ كەلمەيدۇ. ۋاقىتنىڭ بەك قىسقىلىقىنى، بىر كۈننى ئىككى كۈن قىلىپ ئىشلەشكىمۇ يەنە ئۈلگۈرەلمەيۋاتقانلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمىز. بۇ ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي ئازغىنە تەسىراتى. لېكىن پاكۇلتېت مۇدىرى بولغان كىشىنىڭ خىزمىتىدە ۋاقىت قارىشى بولۇشى زۆرۈر. خىزمەتنى تەرتىپ بويىچە ئىش بېجىرىش، خىزمەت ۋاقتىدا بىر «مەقدارلىق ئىلگىرى سۈرۈش» چۈشەنچىسى بولۇش ئىش بېجىرگەندە سۆرەلمىلىك، ئىزدىلەڭگۈلۈك قىلماسلىقى، قول ئۇچىدىلا ئەپلەپ - سەپلەپ ئىش قىلماسلىقى كېرەك. خىزمەتتە رەتلىك ھەم تەرتىپلىك بولۇش ۋاقىتتىن ياخشى پايدىلىنىش، ھەر ۋاقىتنى ياخشى پىلانلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە ۋاقىت قارىشى بىلەن ئۈنۈم قارىشى زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ۋاقىت قارىشى بولمىسا ئۈنۈمدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

پاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ ۋاقىت قارىشىغا ئىگە بولۇشىنىڭ مۇھىملىقى - يەنە ئوقۇغۇچى تەربىيىلىنىپ مەكتەپتىن چىقىپ كېتىش مۇددىتىنىڭ 3 يىل بولغانلىقىدا. ئەگەر بىر يىل بىكارغا كەتسە ئۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر يىللىق ئالتۇندىن قىممەتلىك ۋاقتى زايا بولغان بولىدۇ. بۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

5 - رىقابەت قارىشى

باشقۇرۇش سىستېمىسىدا پاكۇلتېتنى تۈزەشتە «رىقابەتلىشىشنى شەرەپ، كۈرەش قىلىشنى خۇشاللىق» دەيدىغان خىزمەت ئىستىلىنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق پاكۇلتېتتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يۈكسەك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش، كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن پاكۇلتېت مۇدىرى جەزمەن رىقابەت كۆز قارىشى ۋە ئېلىشىش قارىشىنى تۇرغۇزۇشى زۆرۈر.

«رىغبەتلەندۈرۈش» دېگىنىمىز، باشقۇرۇش پىسخىكىسى ئىلمىدىكى بىر خىل كۆز قاراش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دېگىنىمىز، باشقۇرۇشتا كىشىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىتىش دېگەنلىك، ھەر خىل ۋاستىلار ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كىشىلەرنىڭ مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدىكى ئېھتىياجى

مۇددىئاسىنى پەيدا قىلىدۇ. مۇددىئا ھەرىكەتنى پەيدا قىلىدۇ. ھەرىكەت يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مۇئەييەن نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى مۇددىئاغا بېقىندى بولغانلىقى، ھالبۇكى مۇددىئاسى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئېھتىياجدىن پەيدا بولىدىغانلىقى ئادەملەر-نىڭ ھەرىكىتىمۇ مۇئەييەن مۇددىئاسىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا مۇئەييەن نىشاننى ئىش-قا ئاشۇرۇش، كۆزلىگەن مەقسەتلىك پائالىيەتتىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «رىقابەتلىشىشنى شەرەپلىك، ئېلىشىشنى خۇشاللىق» دەپ بىلىش زامانىۋى باشقۇرۇش خا-دىملىرىنىڭ سۈپىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غايە نىشان بەلگىلەنگەندىن كېيىن پاكولتېت مۇدىرى ئۆز پاكولتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىسى، ئىشچى خىزمەتچىلەر رىقابەتلىشىش-كە «كۈرەش قىلىش»قا يېتەكلەش ئارقىلىق ئىلمىي تەتقىقات، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئىدىيە-ۋى سىياسى سەۋىيە، ئىستىل ئىنتىزام، تەنتەربىيە چېنىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا مەكتەپلەر ۋە قېرىنداش پاكولتېتلار ئارا ماھىيەت جەھەتتىكى رىقابەت ۋە باتۇرلارچە كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش لازىم. پەقەت رىقابەتلىشىش، كۈرەش قىلىش ئارقىلىقلا ئان دىن سېستىمىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

**2-ياخشى پىشىق پەزىلەتكە ئىگە بولۇش لازىم.**

ھازىرقى زامان رەھبەرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا كۈچلۈك ئىدىيىۋى ئەقىدە، مۇستەھ-كەم مەقسەتچانلىق، يۈكسەك ئاكتىپچانلىق، سەزگۈر بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە تەرەق-قى قىلغان ئانىلىز قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىق پەزىلەتلەرنىڭ بولىشى ئىنتايىن مۇھىم.

پاكولتېت مۇدىرلىرى مەكتەپتە ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرلىك دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ خىزمىتى ماھىيەتتە تەشكىللەش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش شۇنىڭ بىلەن پاكول-تېت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى ۋە شەخسى ئەزالارنىڭ كۈچىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. پاكولتېت مۇ-دىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن پاكولتېت مۇدىرى مەسئۇلىيەتچان بولۇش، مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەتلىك بولۇش كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ دېگىنى ھې-ساب دەپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

1) دېموكراتىك ئاساستا سىياسەت بەلگىلەش پەزىلىتى بولۇش كېرەك

پاكولتېت مۇدىرى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەمۇرى خىزمەت بەنزىسىنىڭ باش-لىقى، پاكولتېتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن پاكولتېت مۇدىرى كۆپ تەر-بىيە كۆرگەن، ساپاسى بار بولغان بىر رەھبەرلىك بەنزىسنى قۇرۇپ چىقىشى، بەنزە ئەزا-لىرى پاكولتېت مۇدىرى، پاكولتېت مۇئاۋىن مۇدىرى، ياچېيكا شۇجىسى، ياچېيكا مۇئاۋىن شۇجىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم. بۇ رەھبەرلىك بەنزىسىدە چوقۇم كوللېكتىپنىڭ ئەقىل پاراسىتى گەۋدىلەندۈرلىشى لازىم. دېمەك پاكولتېت مۇدىرىنىڭ پىكرى باشقا ئەزالارنىڭ پىكرى بىلەن بىردەك بولۇشى لازىم. پەقەت بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆلچەم ئوخشاش بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق كۈچەيتىلگەن ۋە شۇ ئاساستا ھەرىكەت بىرلىككە

كەلتۈرۈلگەن ئەھۋال ئاستىدىلا ئاندىن كوللېكتىپنىڭ ئەقىل پاراسىتىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. قايتا-قايتا غۇلغۇلا قىلىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق مۇھاكىمە قىلىنغان مەسىلىلەردە بىردەك پىكىرگە كېلىش ھەمدە رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى كوللېكتىپنىڭ پىكىرىنىڭ توغرىلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدىغان ھەمدە ھەقىقىي رەۋىشتە ئىجرا قىلىدىغان قىلىپ كۆپچىلىكنى ھەرىكەتتە تەكشى قەدەم تاشلايدىغان قىلىش لازىم. شۇڭلاشقا بىز (1) پاكۇلتېت ئىشخانا يىغىن تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ ھەر ھەپتىدە بىرقېتىم پاكۇلتېت مۇدىرى، پاكۇلتېت مۇئاۋىن مۇدىرى، باش ياچېيكا شۇجىسى، مۇئاۋىن باش ياچېيكا شۇجىسى، پاكۇلتېت ئىشخانا مۇدىرى قاتنىشىپ تەكشۈرۈپ ۋە مۇزاكىرە قىلىپ، خىزمەتلەردىن قىسقىچە خۇلاسە چىقىرىپ، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەمدە بەزى چوڭ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ سىياسەت بەلگىلىدۇق. (2) پاكۇلتېت ئىشلىرى يىغىن تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، ھەر ئايدا بىرقېتىم پاكۇلتېت پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن باشقا يەنە كافېدرا ماتېرىيال بۆلۈم مۇدىرلىرى، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى قاتنىشىپ، پاكۇلتېت ئىشلىرى يىغىنىدا مۇناسىۋەتلىك روھلارنى يەتكۈزۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مەۋسۇملۇق ۋە ھەر ئايلىق خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ، ھەر مەۋسۇملۇق ۋە ھەر ئايلىق خىزمەتلەرنى ئوقۇتۇش، تەتقىقات پىلانى تۈزۈپ، كافېدرالارنى تەسىس قىلىپ، ئوقۇتقۇچى پىلانى، قائىدە تۈزۈملەر ھەمدە پاكۇلتېت ئىچىدىكى كۆرۈنەرلىك بولغان چوڭ مەسىلىلەر ۋە مۇكاپاتلاش-جازالاش ئىشلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. (3) پاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى يىغىن تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاكۇلتېت خىزمەتلىرىگە بەرگەن پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ مەكتەپ پاكۇلتېت خىزمەتلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە پىلانىنى يەتكۈزۈپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىدىكى چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىپ ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

2) قاتتىق ئىنتىزام پەزىلىتى بولۇش كېرەك.

«ئىنقىلاب يىللىرىدا ئىنتىزامچانلىق كۈچەيسە، ئىنقىلاب غەلىبە قىلماي قالمايدۇ،» دېگەن پرىنسىپ بار ئىدى. مېنىڭچە سوتسىيالىستىك داشۆنىڭ پاكۇلتېت دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىدە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش مۇھىم بىر پىشىك خىسلەت ھېسابلىنىدۇ. قاتتىق ئىنتىزام بولغاندىلا پاكۇلتېت رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە پاكۇلتېت كوللېكتىپى جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولالايدۇ.

مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغان ۋاقىتتىكى خۇلاسە پىكىرنىڭ بىردەك بولۇشىنى مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بارغاندىمۇ پىكىر بىردەك بولىدۇ دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە ئوخشىمىغان پىكىرلەر تولا ھاللاردا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن قاراشلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشى مۇمكىن، ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، پاكۇلتېت رەھبەرلىك بەنزىسى ئىچىدە ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك خۇلاسە پىكىرنى بارلىققا كەلتۈرۈش مۇمكىن، ئىجرا قىلغۇچىلارغا يامان تەسىر بەرمەسلىك ئۈچۈن پاكۇل-

تېت مۇدىرى ۋە پاكۇلتېت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ھەربىر ئەزاسى كۆپ سانلىقنىڭ پىكىرىگە بويسۇنۇش بىلەنلا قالماستىن بەلكى ھەرقانداق شەكىل بىلەن قارشى تۇرماسلىقى كېرەك. پاكۇلتېتىمىزنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكى بۇ نوقتىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇردى. پەقەت كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلغان، پاكۇلتېت مۇدىرى قوشۇلغانلىكى ئىشلارنى ئاممىۋى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئىشقا ئاشۇردى. ھەممە پۈتۈن پاكۇلتېتتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى خىزمەتچىلەرنى يېتەكلەپ ئىزچىللاشتۇردى، شۇنداقلا بەزى مەسىلىلەرنى بىرنەچچە قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ، پەيت پىشىپ يېتىلگەندە ئاندىن ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى بەلگۈلىدى.

پاكۇلتېت مۇدىرى لىبېرالىزمچى بولماسلىقى، ئارقىدا قالاقىمقان گەپ قىلماسلىقى، كىشىلەر نىمەدىسە شۇنىڭغا ئەگىشىپ يول تۇتماسلىقى، كوللېكتىپنىڭ قارارى بويىچە ئىشلىشى، سۆزلىشى، ئادەملەرگە بولغان سىياسىي-ئىدىيىۋىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. پاكۇلتېتىمىزنىڭ رەھبەرلىكى بۇ نوقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يوق يەردىن پۈتاقچە قىرىش، ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كېيگۈزۈپ قويۇش، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈش، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى دەپ يۈرۈشتەك رىيالىزمغا قاتتىق نەپرەتلەندى. چۈنكى ئۇ بىرخىل چىرىتكۈچ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ «رىقابەت لىشىش» «پىداكارلىق» كۆيۈنۈش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر پاكۇلتېت مۇدىرى لىبېرالىزملىق قىلىپ ئارقىدا غەيۋەت قىلىدىغان ئىنتىزامسىزلىق قىلىشقا پىشىپ قالسا، ئاممىدىن مۇقەررەر ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۆز-ئۆزىنى چىرىتىدۇ.

### ئىجاتكارلىق پەزىلىتى بولۇش كېرەك

پاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشنى تەشكىللەش خىزمىتى بولۇپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ پۈتۈن ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پاكۇلتېت مۇدىرى ئىگىلىك تىكلەش روھىغا ئىگە بولۇپ ئىگىلىكنى ساقلاش ئەمەس. ئىگىلىك تىكلەش، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولۇش، پىكىرلەرنى ئاڭلاشقا ماھىر بولۇش، خىزمەتلەرنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، ئىشلىگەن خىزمەتلەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئەستايىدىل خۇلاسىلاش، يېڭى شەيئىلەرنى بايقاشقا سەزگۈر-تەسەۋۋۇر كۈچى مول، تەسەۋۋۇر دائىرىسى كەڭ بولۇش، يېڭى تەسەۋۋۇر ۋە يېڭى لاھىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ماھىر بولۇش لازىم. ھەر يىللىق خىزمەتلەردە يېڭى مەزمۇنى، يېڭى نوقتا بولۇش، يېڭى نىشان ئارقىلىق ۋاقتى-ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇش كېرەك.

ئىجاتچانلىق پەزىلىتى بولۇش، ئىشلەشكە، باشقۇرۇشقا جۈرئەتلىك بولۇش كېرەك پاكۇلتېتنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپلا قالماي بەلكى بەزى ساغلام بولمىغان ئىدىيە، ھەرىكەت، خاتا سۆز، ئىنتىزامغا خىلاپ ھادىسىلەرنى دادىل باشقۇرۇشى، ئەھۋالنى ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا چۈشىنىشى، جىددى تەنقىت قىلىشى، مۇۋاپىق ھالدا چارە كۆرۈشى لازىم. ھەرگىز ئۆزمەيلىگە قويىۋەتمەسلىك لازىم. ئەلۋەتتە، پاكۇلتېت مۇ-

دىرنىڭ ئىستىلى توغرا بولۇشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشى، تەقدىرلەش بىلەن جازالاشتا ئېنىق بولۇشى، ھەممە ئۆزى ئۈرنەك بولۇشى لازىم.

ئىجاتكارلىق پەزىلىتى يەنە ھەرقانداق ئىشتا سىياسەت بەلگىلىنىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، قەتئى بوشاڭلىق قىلماي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ياخشى تەشكىللەش، باشۇرۇش قابىلىيىتى ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش دائىرىسى ۋە جاسارىتى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 4) ماسلىشىشچانلىق پەزىلىتى بولۇش كېرەك.

زامانىۋىلاشقان ئۇرۇش ئادەم مەركەز قىلىنغان باشقۇرۇش بولغاچقا، پاكولتېت مۇدىرى ئالدى بىلەن ئادەم خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇ ناھايىتى ئاددى قائىدە. سىستېما قۇرۇلۇشىدىكى 6 چوڭ ئامىل ئىچىدىكى بىرىنچى ئامىل ئادەم سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. كۆز قاراش ئارقىلىق ئادەم ئېقىمى، ماددىي ئېقىم، ئۇچۇر ئېقىمىنى ياخشى تەشكىللەپ، ئاز مەبلەغ سېلىپ كۆپ ئىش قىلىش، كۆپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش كۆز قارىشى ئارقىلىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ھەر قانداق مۇۋاپىقىيەت كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىنى، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا قولغا كېلىدۇ. ئادەمنىڭ رولى بولمىسا بارلىق كائىنات ئۆزىنىڭ كېڭىيىش قانۇنىيىتى بويىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتالمايدۇ. شۇڭا، پاكولتېت مۇدىرى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، كوللېكتىپ ئىچىدىكى ھەر بىر ئەزا، ھەر بىر ھالقىنىڭ ھەتتا پۈتكۈل كوللېكتىپ ۋە تەشكىلنىڭ كۈچىنى قانداق ئىشقا سېلىشنى بەلگىلەيدىغان كىشىلەردىن بولغاندىلا، ئاندىن ھەر خىل رەھبەرلىك پائالىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ دېيىلىدۇ. پاكولتېت مۇدىرى پاكولتېتتىكىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا ھامان ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى سەۋىيىسىگە ماس كېلىدىغان، سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت ئېلىپ بارىدۇ. مەلۇم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ياكى مەلۇم ھالقا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، توقۇنۇش ياكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدۇ. پسىخىك پەزىلەتتىن قارىغاندا، بارلىق خىزمەتلەردە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ماسلاشقان بىردەكلىكنى ئاساس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پاكولتېت مۇدىرىنىڭ ۋە پاكولتېتنىڭ خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇش ياكى بولماسلىقى ئەڭ زور دەرىجىدە پاكولتېتتىكى ھەر قايسى ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەتنىڭ ماسلاشتۇرۇلىدىغان - ماسلاشتۇرۇلمايدىغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. پاكولتېت كوللېكتىپىنىڭ كۈچى، رەھبەرلىك ئەزالارنىڭ سۈپىتىنىڭ ئاددى يىغىندىسى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئەزالار ھەرىكىتىنىڭ بىردەك ماسلاشتۇرۇلۇش دەرىجىسى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. شۇڭلاشقا پاكولتېت مۇدىرىنىڭ ماسلاشچانلىق پەزىلىتىگە ۋە تەشكىلاتچانلىق، ئىنتىزامچانلىقىغا ئىگە بولۇش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش لازىم. بۇ باشقا خىسلەتلەرگە ئىگە بولغانغا ئوخشاش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خىل ماسلاشتۇرۇشچانلىقتا بىر-بىرىنى چۈشىنىشىپ، ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ۋە سەۋرى تاقەت-

لىك بىلەن ئەپۇ قىلىشتا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

(5) ياخشى ھېسسىياتلىق پەزىلەتكە ئىگە بولۇش كېرەك

پسىخىكىلىق پەزىلەت كۆز قارىشىدىن قارىغاندا، پاكولتېت مۇدىرىدا باي ھېسسىيات كەيپىيات پەزىلىتى بولۇش كېرەك. ئۇ پاكولتېت رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە پاكولتېت كوللېكتىپىدىكى ھەر بىر كىشىگە ئىجاتكارلىق بىلەن خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئىجاتكارلىق پسىخىك مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈمىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە رول ئوينايدۇ. پاكولتېت رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ياخشى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، جۇشقۇنلۇق، ئۈمىتۋارلىق كەيپىيات پاكولتېت ئىچىدە يۇقىرى ئۆرلەيدىغان مەنىۋى قىياپەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

پاكولتېت مۇدىرى تىرىشىپ ھېسسىياتقا باي بولغان ئەڭ پىشىپ يېتىلگەن كىشىلەردىن بولۇش لازىم. ھېسسىيات دائىرىسى ئىچىدە ئېھتىياتچانلىق، قەيسەرلىك پىشىپ يېتىلىش، ماھىرلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولۇش، ئاق كۆڭۈل، سەممىي سادىق بولۇش، كىشىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىش، تىرىكمەسلىك، تىللاشماسلىق ناھايىتى سەۋرى تاقەتچان بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىسا ئۆزىنىڭ قوپال ھېسسىياتى بىلەن ئۆزىنى ھۆرمەتلەش باشقىلارنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىپتىخارلىق غۇرۇرىغا ئازار بېرىپ قويىدۇ. پاكولتېت مۇدىرىنىڭمۇ تولۇق ھالدىكى غۇرۇرى ۋە ئىپتىخارلىق روھى بولۇشى لازىم. پاكولتېت كوللېكتىپىنىڭ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ، يەنە پاكولتېتتىكى باشقا رەھبەرلىك ئەزالىرى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئوچۇق-يورۇق بولۇش، ئۆز-ئارا ئىشىنىش، تولۇق ئىشەنچە ھاسىل قىلىش ۋە كەلگۈسىگە تولۇپ ئۈمۈتۋارلىق بىلەن قاراش ئارزۇسىغا قارىتا پسىخىكىلىك كەيپىيات يارىتىشقا ماھىر بولۇش پاكولتېت مۇدىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم سۈپىتى ھېسابلىنىدۇ.

مەن بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويغان ھېسسىيات پەزىلىتى باشقۇرۇش پسىخولوگىيە ئىلمى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كەسىپنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئاكتىپلىق بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيدىغان كەيپىيات بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن خاتا ھالدا شەخسىي ھېسسىياتىنى پايدىلىنىپ، پىرىنسىپسىز ھالدا بىر قىسىم كىشىلەرنى يېنىغا تارتىپ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەردىن يىراقلىشىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى كۆككە كۆتۈرۈپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى چەتكە قېقىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. پاكولتېت مۇدىرى باشقىلارنىڭ ھېسسىيات ئامىللىرى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ رايىغا بېقىپ خوشامەتچىلىك قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

بۇ ماقالىنىڭ ھەجمى چەكلىك بولغاچقا يۇقىرىدىكى بىر نەچچە ئاساسىي كۆز قاراش ۋە پسىخىك خىسلەتنىلا مىسالغا ئېلىپ كۆرسەتكەنلىكىم ئۈچۈن مۇكەممەل بولدى دېگىلى بولمايدۇ. باشقا پاكولتېت مۇدىرلىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، رىقابەتلەندۈرۈش، ئىسلاھاتنى تەشكىللەش، ئوقۇتۇش ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شەخسىي قىزىقىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئىتتىپاقلىقنى قانداق قىلىپ

ياخشى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇ ماقالىدە پەقەت پاكۇلتېت مۇدىرى خىزمىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئۆزەكى پىشمىغان پىكىرىمنىلا ئوتتۇرىغا قويدۇم، مۇۋاپىقسىز جايلىرى بولسا كىتابخانلارنىڭ يېتەكلىشىنى سورايمەن.

ۋۇخەن خىمىيە جۇڭنىكې مەكتىپى 87 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن
بارات تۇرسۇنباقى تەرجىمە قىلغان.

(تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: دوتسېنت ئۆمەرجان مەڭسۇر)

1989 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى يەر نامىلىرى توغرىسىدا

شېرىپجان قاسىم

ئۇلۇغ ئالىم ۋە پۈتكۈل تۈرك مەدەنىيىتى مۇھىتىنىڭ مۇتەپەككۇرى ھۈسەيىن ئوغلى مەھمۇت قەشقىرى دۇنياغا مەشھۇر بولغان ئېنسىكلوپېدىيە — «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە تۈركىي قەبىلىلەر تارىخى، تۈركىي تىللار تارىخى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرى قاتارلىق ناھايىتى كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بېرىپلا قالماستىن بەلكى توپونومىيە ئىلمى ئۈچۈن مۇپەسسەل مەلۇماتلارنى قالدۇرۇپ كېيىنكى دەۋرلەر تەتقىقاتىغا ئەڭ پۇختا ئاساسلارنى سالغان ئىدى. ئۇ، پۈتۈن تۈركلەر يۇرتىنىڭ «شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن-ئاياق كېزىپ» چىقىپ «تۈرك، تۈركمەن ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ» ئانا يۇرتلىرىدىكى شەھەر، تاغلار، دەريالار، ۋادىلار، ۋە كۆللەرنىڭ ناملىرىنى تەپسىلىي ئىزاھلاپ چىققان ئىدى. «دىۋان» دا 100 دىن ئارتۇق يەر-جاي نامىلىرى بېرىلگەن بولۇپ كېلىپ چىقىشى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى يەر-جاي ناملىرىغا ئىزاھ بەرگەندە قىزىقارلىق رىۋايەت ۋە تارىخىي پاكىتلارنى تولۇق مىسال كەلتۈرگەن. بىز بەزى يەر-جاي ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىشتا «دىۋان» دىكى ئەشۇ خىل تەپسىلاتلارغا مۇراجەت قىلماي تۇرالمايمىز. مەن بۇ ماقالەمدە «دىۋان» دا بېرىلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا يەر نامىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى قىسمىلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## يۈرۈڭقاش ۋە قارا قاش دەرياسى

بۇ — كوئېنلون ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن باشلىنىپ تەكلىماكان قۇملۇقلىرىغا سىڭىپ كېتىدىغان خوتەندىكى ئىككى دەريانى كۆرسىتىدۇ. «دىۋان» نىڭ 3-توم 208-بېتىدە ئىككى دەريا ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «قاش ئۆگۈز، خوتەن شەھرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان ئىككى دەريا. بىرى، يۈرۈڭقاش دەرياسى دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك ئاق تاش چىققاچقا، دەريامۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى، قاراقاش دەرياسى دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك قارا تاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقمايدۇ، پەقەت مۇشۇ يەردىنلا چىقىدۇ.»

ئالىم مەھمۇت قەشقىرى يۇقىرىقى بايانلىرى ئارقىلىق مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن: بىرىنچى، ئىككى دەريانىڭ نامى شۇ دەريادىن چىقىدىغان قاش تېشىنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن قويۇلغان. ئىككىنچىدىن دەريانىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى

«خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان دەريا» ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئۈچىنچىدىن، پەقەت مۇشۇ ئىككى دەريادىن چىقىدىغان، دۇنياغا مەشھۇر قىممەت باھالىق تاش ـ قاشتېشىدىن مەلۇمات بەرگەن.

## ئالتۇن قان

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى بەزى يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تارىخىي مەسىلىلەر ئاساسىدا ئىزاھلاپ قىزىقارلىق چۈشەندۈرىدۇ. ئالايلۇق، «دىۋان»نىڭ 1 ـ توم 122 ـ بېتىدە ۋە «دىۋان»نىڭ 3 ـ توم 568 ـ بېتىدە «ئالتۇن قان» دېگەن يەر نامى توغرىسىدا تۆۋەندىكى بايانلارنى جارى قىلىدۇ:... ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەيننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن. بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە بۆلۈۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغان ئىكەن، ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىدىن: «بۇ نېمە؟» دەپ سوراشقاندا، ئۇلار «ئالتۇن قان» دېيىشكەن. شۇڭا شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھى تۈزگەن»

«خاقان «شۇUX» چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ، ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەيىنگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ، زۇلقەرنەيىنمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇب بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش «ئالتۇن قان» دېگەن يەردە بولغان ئىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە «ئالتۇن قان» دەپ ئاتىلىدۇ» «دىۋان»دا كەلتۈرۈلگەن «ئالتۇن قان» يەر نامى بىزگە ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ:

1 ـ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونسكىي) تۈركلەر رايونىغا باستۇرۇپ بارغان، بۇ يەردە ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي ۋەقەنىڭ راستلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ: دېمەك زۇلقەرنەيىن تۈركلەر ۋەتىنىگە تاجاۋۇز قىلغان.

2 ـ جاھاندا «قايرىلماس قىلىچ» «تەڭداشسىز قەھرىمان» دەپ ئاتالغان زۇلقەرنەيىن تۈركلەر رايونىغا باستۇرۇپ بېرىپ ئېچىنىشلىق تالاپەت كۆرۈپ مەغلۇب بولغان، سۈلھى ئۇرۇندۇقىدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان، تۈركلەرگە قول قويغان.

3 ـ تۈركلەر ھەققانىي، تۈركلەر قۇدرەتلىك ئىكەنلىكى ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلەنگەن. «بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە بۆلۈۋەتكەن.» دېگەن خاتىرىلەردىن تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، كامالەتكە يەتكەن قوشۇن ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىر قىلىچ بىلەن بىر ئەسكەرنى كىندىكىگىچە بۆلۈپ» تاشلاش — نەقەدەر كۈچلۈك ۋە باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ ئوبرازىنى كۆرسىتىدۇ.

4 - يۇقىرىقى تارىخىي توقۇنۇش تۇپەيلىدىن بۇ جاينىڭ نامى «ئالتۇن قان» «ئالتۇن خان» بولغانلىقى ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

## ئۇسمى تارىم

«دىۋان» 1 - توم، 175 - بەتتە بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ئۇسمى تارىم. ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا، بۇ دەريا شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ» مەھمۇت قەشقىرى «ئۇسمى تارىم»دىن ئىبارەت يەر نامى ئارقىلىق بىزگە مۇنداق مەسىلىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ:

1 - تارىم دەرياسىنىڭ جايلاشقان ئورنى. «ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا.» يەنى ھازىرقى تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىن يۆنىلىشى كۆرسىتىلگەن.

2 - شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلاملىشىش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىلگەن. شۇ زامانلاردا كۇچارنىڭ غەرب تەرىپىدىكى جايلاردا تېخى ئىسلام دىنى تارقالمىغان، ئىسلام دىنى ئومۇملاشمىغان. «دىۋان»دىكى «ئۇسمى تارىم» دېگەن يەر نامىغا بېرىلگەن ئىزاھدىن ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تارقالغان ۋاقتى، تارقىلىش دائىرىسى ھەققىدىكى تارىخىي ساۋاتلاردىن خەۋەردار بولىمىز.

3 - «تارىم» سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟ مەھمۇت قەشقىرى «دىۋان»دا «تارىم» سۆزىنى «كۆل ۋە قۇملۇقلارغا قويۇلىدىغان دەريا تارماقلىرى (تارماق دەريا) دەپ چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن «تارىم» سۆزىنىڭ «تارماق ئېقىم»، «تارام دەريا» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

4 - شىنجاڭ ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن تيانشان، كۇئېنلۇن، قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن باشلانغان دەريا ئېقىنلىرى ئاخىرى بېرىپ قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىدۇ. ئاز بىر قىسمى تەبىئىي كۆللەرگە قۇيۇلىدۇ. مەھمۇت قەشقىرىمۇ شىنجاڭدىكى مۇشۇنداق جۇغراپىيىۋى ئالاھىدىلىككە ئاساسەن «دىۋان»دا: «بۇ دەريا شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ.» دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۇنى دېمىسىمۇ ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتە يەركەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، چەرچەن دەرياسى قاتارلىق دەريالار ئۆز قېنىنى قانچە ئۆزگەرتسىمۇ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ ئاخىرى تەكلىماكان قۇملۇقلىرىغا سىڭىپ كېتىدۇ

## تورغات

«دىۋان»نىڭ بىرىنچى تومى 484 - بېتىدە: «تورغات. قەشقەردە بىر يايلاقنىڭ نامى» دەپ قەيت قىلىنىدۇ. ئۇ لۇغەتچات ناھىيىسىنىڭ شەرقى شىمالىدا تورغات داۋىنىدىن چۈشىدىغان تورغات دەرياسىنىڭ بويى بولسا كېرەك. ھازىر بۇ يەردە تورغات مەھەللىسى بار، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش كېلىدۇ. «تورغات» مېنىڭچە «تۇرۇق ئات»دىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئېھتىمال بۇ يەردە بۇرۇن ئات بېقىلغان يايلاق بولۇشى مۇمكىن.

## توبۇت

«تۈرك ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر قوۋم. ئىپپار كىيىك شۈلارىنىڭ يۇرتىدىن چىقىدۇ. بۇ كىيىكنىڭ كىندىكى كېـۋېلىنىدۇ. ئەنە شۇ نەرسە «كىنـدىك ئىپپـار» دېيىلىدۇ. توبۇتلار «سابىت» ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئەۋلادىدۇر. بۇ يەمەنلىك ئـادەم بولۇپ، ئۇ يەردە (يەمەندە) بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، جىنـايىتىدىن قـورقۇپ، كېمە بىلەن چىنغا كەلگەن. بۇ يەر ئۇنىڭغا ياراپ قېلىپ، شۇ يەرگە ئورنىشىپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى كۆپىيىپ، تۈركلەر زېمىنىدىن بەش مىڭ يۈز پەرسەخ يەر ئالغان. بۇ يەرنىڭ شەرىق تەرىپى چىنغا، غەرب تەرىپى كەشمىرگە، شىمال تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا، جەنۇب تەرىپى ھىندى دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئەرەپچىنىڭ تەسىرى بار، «ئانا»نى «ئۇما»، «ئاتا»نى «ئابا» دەيدۇ.» («دىۋان». 1 - توم. 461 — 460 - بەتلەر) «توبۇت» يەر نامى ھەققىدىكى ئىزاھلار بىزگە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى چۈشەندۇرۇپ بېرىش مۇمكىن.

1 - توبۇتلارنىڭ ئېتنىك تەرەققىياتى ھەققىدە ئاز - تولا سىۋات بېرىلگەن. دېمەك توبۇتلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى يەمەنلىك، ئاتا تەرەپ سابىت ئەۋلادىدىن، ھازىرقى جايغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

2- توبۇتلار تۈركلەردىن يەر ئالغان. دېمەك، تۈركلەر بىلەن قەدىمدىن بىرى ئىناق ئۆتكەن، بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن.

3 - توبۇتلار رايونىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەھۋالى: شەرقى چىنغا، غەربى كەشمىرگە، شىمالى ئۇيغۇرلارغا، جەنۇبى ھىندى دېڭىزىغا تۇتۇشىدۇ.

4 - ئوۋ ھايۋانلىرى، تەبىئى دورىلار توبۇتلار رايونىدا ناھايىتى كـۆپ. «ئىپار كىيىك شۈلارىنىڭ يۇرتىدىن چىقىدۇ. بۇ كىيىكنىڭ كىندىكى كېسىۋېلىنىدۇ. ئەنە شۇ نەرسە «كىندىك ئىپپار» دېيىلىدۇ.»

5 - توبۇتلارنىڭ ئەجدادى ئەرەپ بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئەرەپ تىللىرىنىڭ بەزى تەسىرى ساقلىنىپ قالغان. ««ئانا»نى «ئۇما»، «ئاتا»نى «ئابا» دەيدۇ» «ئۇما». توبۇتچە. بۇ سۆز ئۇلارغا ئەرەپلەردىن قالغان بولسا كېرەك.» («دىۋان» 1 - توم. 124 - بەت)

## خىتاي

«دىۋان» 3 - توم 328 - بېتىدە «خىتاي. يۇقىرى چىن» دەپ ئۇقتۇرۇلگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋان»لىرىدا «يۇقىرى چىن» «تـۆۋەن چىن» دېگەن سـۆزلەرنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئۇنداقتا بۇ يەردىكى «يۇقىرى» «تۆۋەن» نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ مەھمۇت قەشقىرى بۇ يەردە «شەرق» تەرىپىنى «يۇقىرى»، يەنى كۈن چىقىش تەرىپىنى «يۇقىرى» دەپ تىلغا ئالسا، كۈن پېتىش تەرىپىنى «تۆۋەن» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن.

## ئىلى

«دىۋان» دا: «ئىلى، بىر دەريانىڭ نامى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىللەر ياشايدۇ. بۇ دەريا تۈرك ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر.» («دىۋان» 1 ـ توم، 124 ـ بەت) دېيىلگەن. «ئىلى» ـ ژۇرت، ماكان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھازىرقى ئىلى دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلى دەرياسى ھەققىدىكى خاتىرىدە ياغما، توخسى، بىر قىسىم چىگىللەرنىڭ قەدىمدە ئىلى دەريا بويلىرىدا ياشىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## ئارتۇچ

«دىۋان» دا: «ئارتۇچ، ئارتۇش دەرىخى. قەشقەردە ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار.» دېيىلىدۇ. («دىۋان» 1 ـ توم 128 ـ بەت) بۇ يەردىكى ـ «ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت» ئىككى ئارتۇشنى، يەنى ئۈستۈن ئارتۇش بىلەن ئاستىن ئارتۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى ئارتۇش دىيارىنىڭ نامى ئارتۇش دەرىخىدىن كەلگەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

## ئوردو

«دىۋان» 1 ـ توم 168 ـ بېتىدە: «ئوردو، بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر. بالاساغۇن شەھىرىمۇ «قۇز ئوردو» دېيىلىدۇ.» «ئوردو، خان شەھىرى، بۇنىڭدىن ئېلىنىپ، خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر شەھىرى «ئوردو كەنت» دېيىلىدۇ.» دەپ يېزىلغان. ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە خان ـ خاقانلار تۇرىدىغان جاي ـ ئوردو دېيىلىدۇ. قەدىمدە قەشقەر شەھىرى، بالاساغۇن شەھىرى قاراخانىلار پادىشاھلىرى تۇرىدىغان جاي بولغىنى ئۈچۈن قەشقەر ـ «ئوردو كەنت»، بالاساغۇن ـ «قۇز ئوردو» دەپ ئاتالغان. يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشلەر قەشقەر ۋە بالاساغۇن شەھىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ناھايىتى كۆپ تارىخىي ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## قاش

«دىۋان» 3 ـ توم 208 ـ بەتتە قاش ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەرنى ئۇچرىتىمىز: «قاشتاش. بۇ بىر خىل سۈزۈك تاش بولۇپ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىنى كۆلدۈرمامىدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىنىدۇ.» ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى بۇ يەردە قاش تېشىنىڭ ئەمەلى تۇرمۇشتىكى خاسىيىتىنى چۈشەندۈرگەن. ھازىرمۇ بىر قىسىم ئادەملەر قاشتېشىدىن بىلەيزۈك ياساپ قوللىرىغا سېلىپ «ھېيىمزنى ئالدىن بىلىش»، «ئال چۈشۈشتىن ساقلىنىش»، «تەپتىن ساقلىنىش»، «ئىلىدىن ساقلىنىش» قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

## تازغۇن

تازغۇن ھەققىدىكى خاتىرىدە مۇنداق پۈتۈلگەن. «تازغۇن، فرات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر دەريا ۋادىسى (ئېقىنى). بۇ سۆز «دەريا» دېگەن مەنىدىكى «ئۆگۈز» سۆزىنىڭ ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ» («دىۋان» 1 - توم 570 - بەت.) بۇ يەردىكى تازغۇن ئېھتىمال قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن يېڭىسار ناھىيىسى ئارىلىقىدىكى دەريا ئېقىنىنى كۆرسەتسە كېرەك.

## چاغلا

«دىۋان» 1 - توم 561 - بەتتە چاغلا ھەققىدىكى خاتىرىلەرمۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. «چاغلا، ئۈچ شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر يايلاقنىڭ ئېتى.» دىۋاندا كۆرسىتىلگەن بۇ جاي ئېھتىمال ھازىرقى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاقسۇنىڭ غەربىدە ئۈچتۇرپان چېگرىسىغا يېقىن يەردىكى «چاغلاق» رايونى بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى «چاغلا» سۆزىنىڭ مەنىسى مېنىڭ چۈشىنىشىمچە «تەييارلاش»، «بىر قارارغا كېلىش»، «بىر يەرگە توختىتىش» بولۇشى مۇمكىن. ئادەتتە بىز «بۇ ئىشنى ئۆزەڭ چاغلاپ بىر نېمە قىل»، «قالدىسىنى ئۆزەڭ چاغلا» دەيمىز. بۇ يەردىكى «چاغلا» يەر نامى ئەنە شۇ سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

## تۈمەن

تۈمەن — قەشقەر شەھىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قەدىمى دەريانىڭ نامى. «دىۋان 1 - توم، 522 - بەتتە بۇ ھەقتە مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: «تۈمەن قەشقەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ نامى.» تۈمەن دەرياسى ھازىرمۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇ دەريانىڭ نامى «تۈمەن» دەپ ئاتالغان؟ «دىۋان» دا مەھمۇت قەشقەرى «تۈمەن» سۆزىنىڭ مەنىسىنى «كۆپ»، «نۇرغۇن» دەپ ئىزاھلايدۇ. دېمەك، بۇ دەريانىڭ نامى ئېھتىمال دەريا ئېقىنىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا قاراپ شۇنداق ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

## قىپچاق

«دىۋان» 1 - توم 620 - بەتتە قىپچاق ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان: «قىپچاق قەشقەرگە يېقىن بىر جاينىڭ نامى.» «قىپچاق تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى.» قىپچاق 11 - ۋە 13 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان كۆچمەنچى تۈركى خەلقلەرگە ئېيتىلىدۇ. ھازىر ئارتۇش ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مەيدان دەرياسى بىلەن ئورتوسۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى يېزا - قىپچاق دەپ ئاتىلىدۇ. «قىپچاق» دېگەن بۇ نام تۈرك قەبىلىلىرىدىن بولغان قىپچاقلارنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

## سوللاغ

«سوللاغ، بىر يەرنىڭ نامى.» («دىۋان» 1 - توم، 606 - بەت.) قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر كوناشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا ھازىرمۇ «سوللاغ» دەپ ئاتىلىدىغان يېزا بار. «سوللاغ» ئېھتىمال قەدىمكى يېڭىشەھەرنىڭ ئېتى- «سوللى»دىن قېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

## بارچۇق

«دىۋان» 1 - توم، 608 - بەتتە بارچۇق ھەققىدە مۇھىم تەپسىلاتلار بار: «بار-
چۇق. ئافراسىياپ قورغان شەھەر. ئۇ يەردە بۇختۇنەسسارنىڭ ئوغلى بىتىزەن قامال-
غان.» بارچۇق ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئەسلى نامى. بۇ نام خەنزۇ تىلىدا
تابۇكۇنگىچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە « 楚巴 » شەكلىدە ساقلىنىپ قالغان. بار-
چۇق - بارچۇق ئاران تېگىن شاھزادىنىڭ نامى. (1208 — 1235)

## بوغراقۇم

«دىۋان» 1 - توم 631 - بەتتە باغراقۇم ھەققىدىكى مۇنداق سەترلەرنى ئۇچرى-
تىشقا بولىدۇ: «باغرامقۇم - چوڭ قۇملۇق، قۇم دالىسى. قەشقەر بىلەن يەركەن ئارىلى-
قىدىكى قۇملۇقنىمۇ باغرا قۇمى دېيىلىدۇ.» يېڭىسار بىلەن يەركەن ئارىلىقىدا ھازىر
«بوغراقۇم» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇملۇق بار. ئېھتىمال بۇ يەردە ئەشۇ قۇملۇق كۆز-
دە تۇتۇلسا كېرەك.

## ئۇيغۇر

«دىۋان» 1 - توم 151 - 152 - 153 - بەتلەردە ئۇيغۇر ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى
ئۇچرىتىش مۇمكىن:

«ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەر
نەيىن تۈرك خاقانى بىلەن يۇتۇم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن.

ماڭا مۇھەممەت چاقىرتونقاخان ئوغلى نىزامىددىن ئىسرافىل توغانتېگىن ئۆز ئا-
تىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: زۇلقەر نەيىن ئۇيغۇر
ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلار-
نىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قان-
داق ئاتسا كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەر نەيىن بۇلارغا ھەي-
ران قاپتۇ ۋە « INAN HUZHURƏNd » - بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز
ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالماي-
دۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ.» دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل
« HUZHUR » دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن «خ - H» ھەرپى «ا - ئېلىق» قا ئال-
ماشقان. مۇنداق بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئالمىشىشى، بولۇپمۇ «ا - ئېلىق»
نىڭ «خ - H» غا ۋە «خ - H» نىڭ «ا - ئېلىق» قا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان
ھادىسە.

مۇشۇ كىتابنى يازغۇچى ماھمۇت ئېيتىدۇكى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمىر-
لەرنىڭ «HƏMIR» دېيىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. چۈنكى ئوغۇزلار «ƏMIR»
دېيەلمەي، «ا - ئېلىق» نى «خ - H» غا ئالماشتۇرۇپ «HƏMIR» دەيدۇ. شۇڭا
تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىزنى «HƏMIR TƏGIN» دەپ
ئاتايدۇ. خۇددى «ئۇيغۇر UYOIUR» سۆزىدە كۆرسەتكىنىمىزدەك، بۇ يەردە «ا - ئېلىق»

ھەرىپى «خ - H» غا ئالماشقان.

«خ - Ħ» ھەرىپى «ا - ئېلىپ» قا ئالمىشىش بىلەن بىللە، «ĦUŻ» سۆزىدىكى «Ż» ھەرىپىمۇ «ى - يا» غا ئالماشقان. بۇ «Ż» ھەرىپىنىڭ «ى - يا» غا ئالمىشىشى تۈپ قائىدە. شۇنىڭدىن كېيىن، «HUR» سۆزىدىكى «خ - H» ھەرىپى «غ - OI» غا ئالماشقان. «غ - OI» نىڭ «خ - H» غا، «خ - H» نىڭ «غ - OI» غا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە. خۇددى ئەرەپچىدە «خىتر» نى «غدر» دېگەندەك.

بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددى كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر: SÜLMI - سۇلمى، بۇنى زۇلقەر نەيىن سالدۇرغان. KUǪU - قۇچۇ، ǪANBALIK - چانبالىق، BƏXBALIK - بېشبالىق، YANGI BALIK - يا‌ڭى بالىق.» يۇقىرىدىكى بايانلار ئۇيغۇر ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قۇدرەت تاپقانلىقى، تارىختا مەشھۇر بەشبالىق شەھىرىنى بىنا قىلىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## كەشمىر

«دىۋان» 1 - توم 597 - بەتتە كەشمىر ھەققىدە مۇنداق بايان بار: «كەشمىر تۈرك ئەللىرىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بىر شەھەر. بۇ شەھەرنى تەڭرى يارلىقىغۇچى سۇلايمان پەيغەمبەر سالدۇرغان.» كەشمىر جەنۇبىي ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان تاغلىق رايون. كەشمىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ تولۇق ئاتىلىشى: JAMMU ƏND KASHMIR بولۇپ، بىراھما فوترا تىلىدىكى KA SYAPƏMAR · KASYAP كەشىياپ ئەۋلىيانىڭ نامىدىن كەلگەن. «MAR» سۆزى - تورارگاھى، قەبرىگاھى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە ئاساسلىقى ئەۋلىيا كەشىيابنىڭ ئولتۇرۇقى، ئۇنىڭ ئەھۋالى قالدۇقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «سۇمۇئەككىلى» دېگەن ھېكايە كىتابىدا يېزىلىشىچە كەشمىر ئەسلىدە ناھايىتى چوڭ كۆل بولۇپ، ئالۋاستىلارغا تۇشۇپ كەتكەن ئىكەن. باش ئاتا پىر دخومنىڭ نەۋرىسى كەشىياب ئالۋاستىلار شاھىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، كۆلدىكى سۇلارنى چىقىرىۋېتىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن چوڭ كۆل تاغلىق رايونغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ جاينىڭ نامى كەشىياب مىرو دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ جاينىڭ نامى «كەشىيابمىر» «كەشىيەمىر» بولۇپ، ئۆزگىرىپ ئاخىرى كەشمىرگە ئايلىنىپ قالغان ئىكەن. ئۇنداق بولسا رىۋايەتتىن كەلگەن «كەشمىر» سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟ KASHMIR بىراھما فوترا تىلىدا «سۇ كەتكۈزۈلۈپ قالغان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كەشمىرنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى «كادشا» ئاتلىق قەبىلە نامىدىن كەلگەن دېگەن گەپ - سۆزلەرمۇ بار، بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا «كادشا» ئاتلىق قەبىلە قەدىمدە مۇشۇ جايدا ياشاپ ئۆتكەن. جۇڭگونىڭ خەن، ۋېي سۇلالىرىدىكى خاتىرىلەردە «شىمى» دەپ

يېزىلغان. «غەربىي دىيار رىساللىرى» دېگەن كىتابنىڭ بەزى جىلدلىرىدا «كاشامىرو»، «يۈەن تارىخىي» دا «كوشمىر»، «مىڭ تارىخى - شەھەرلەر تەزكىرىسى» كىتابىدا «كەشمىر» دەپ تىلغا ئېلىنغان. تىبەتلەرنىڭ «KHA GHAL» سۆزىنىڭ مەنىسى «قارلىق تاغ» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى يۇنانىستان جۇغراپىيە رىسالىلىرىدە «كاسپىرىيە» — «KASPƏIRIA» دەپ قەيت قىلىندۇ.

## قىزىل ئۇز

«دىۋان»1-توم 110-بەتتە قىزىل ئۇز ھەققىدە مۇنداق پۈتۈلگەن: قىزىل ئۇز قەشقەر تاغلىرىدىكى بىر قىشلاق.» قىزىل ئۇز—ھازىرقى قىزىلسۇ ئوبلاستى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ قىزىلئۆي دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ تاملىرى قىزغۇچ سېغىزلاردىن قوپۇرۇلغىنى ئۈچۈن كىشىلەر«قىزىلئۆي»دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

## بەدەل ئارت

«دىۋان»1-توم 510-بەتتە بەدەل ئارت ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان: «بەدەل ئارت ئۈچ بىلەن بارسخان ئارىلىقىدىكى بىر داۋان.» بۇجاي ھازىرقى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ غەربى شىمال چېتى بىلەن ئاقچى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال چېتىدىكى داۋان، ئۇ يەردە بەدەل تاغ ئېغىزى بار. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۇتىشۇپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى «ئۈچ» قەدىمكى ئۈچتۇرپان شەھىرىنىڭ نامى بولۇپ ھازىرقى ئورنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقچى ناھىيە بازىرىغا يېقىن بىر يەرنى كۆرسىتىدۇ. «دىۋان»دا يەنە «بۇقاچ ئارت»(1-توم 535-بەت)«قاۋاق ئارت»(1-توم)، 497-بەت) قاتارلىق يەر جاي ناملىرى بار. بۇ يەردىكى «ئارت» نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ بىرىنچى، تاغ داۋانلىرىنى كۆرسىتىدۇ، كۆك ئارت داۋىنى دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئىككىنچى مۇھىم ۋە ئېگىز تاغلار ئېغىزىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن: بەدەل ئارت، مۇزئارت دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## توشقان دەرياسى

«دىۋان» 1-توم666-بەتتە توشقان دەرياسى ھەققىدەمۇنداق خاتىرلەرنى ئۇچرىتىمىز: «توشقان ئوگۈز- توشقان دەرياسى. ئۈچ شەھرىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى.» بۇ دەريا ھازىرمۇ توشقان دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئۇدۇن

«ئۇدۇن. خوتەن شەھرىنىڭ نامى. خوتەندە ياشىغۇچىلارمۇ ئۇدۇن دەيدۇ» («دىۋان» 1-توم 104-بەت)ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قەدىمكى نامى. قەدىمدىن تارتىپ خوتەن ھەرخىل ئىجتىمائى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىلمۇ-خىل تەلەپپۇز قىلىنغان، لېكىن ھەممىسى«قوتان»، «قوتۇن» «ھۇدۇن» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ ئاخىرىدا «خوتەن» كە ئايلىنىپ كەتكەن.

## ئۆگۈز

«ئۆگۈز- جەيھۇن ۋە فىراتقا ئوخشاش ھەممە چوڭ ئېقىنلارغا بېرىلگەن نام. بۇسۆز

يالغۇز قوللۇنىلغانىدا، ئۇغۇزلارچە- «بەنەكەت» دەرياسى دېگەن مەزمۇنى ئالىمىتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى شۇ دەريا قىرغاقلىرىغا جايلاشقان، ئۇلارنىڭ كۆچمەنلىرىمۇ شۇ دەريا قىرغاقلىرىدا ياشايدۇ. تۈرك خەلقلىرى ياشايدىغان ئۆلكىلەردىكى باشقا بىرمۇنچە دەريا ۋە ئېقىنلارمۇ ئۆگۈز دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلى ۋادىسى بىلەن «يافىنچ» ۋادىسى ئارىلىقىدىكى چېگرىغا جايلاشقان بىر شەھەرگىمۇ «ئىككى ئۆگۈز» دەپ نام بېرىلگەن. يۇقىرىقى بايانلار بىزگە ئۆگۈز سۆزىنىڭ ئىستمولوگىيىلىك مەنىسىنى، تۈرك، ئۇغۇزلار قانداق مەنىدە ئىشلەتكەنلىكىنى ئوچۇق بېرىدۇ.

### ئازىخ

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى ئازىخ ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئازىخ بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى.» («دىۋان» 1-توم 86-بەت) ھازىر بۇ سۆز «ئازاق» بولۇپ ئاتۇشنامىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى يېزىنىڭ نامىدا ساقلىنىپ قالغان. «ئازىخ» ئاساسەن «خۇشيار»، «چېچەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### ئاقساي

ئۇيغۇرلار چۆللەرنى (قۇمسىز شېغىل تاشلار كۆپرەك چۆللەرنى) «ساي» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. «دىۋان» 1-توم 111-بېتىدە «ئاقساي بىر يەرنىڭ نامى» دەپ يېزىلغان. بۇ يەردىكى ئاقساي ئاتباش تېغىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى ئاقساي بولىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار رايونىدا ئاقساي، قارىساي، قىزىلساي دەيدىغان چۆللەر ناملىرى بار. بۇ ئاساسەن چۆللەرنىڭ تۈزۈلىشىگە قاراپ ئېيتىلغان.

### ئوتتۇكەن

«دىۋان» 1-توم 186-بەتتە: «ئۆتتۈكەن تاتار (مۇڭغۇل) دالاسىدىكى بىر يەرنىڭ نامى، ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن» دەپ يېزىلغان. بۇ ئۆتتۈكەن رايونىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى مۇڭغۇلىيە ئۆتتۈكەن ئوبلاستى. بۇ جايلاردا چارۋىلار بېقىلىدۇ، مۇھىتى بەك ياخشى.

### قىزىل

قىزىل دەريا. بۇ ھەقتە «دىۋان» 1-توم 512-بەتتە مۇنداق يېزىلغان: «قىزىل قەشقەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريانىڭ نامى.» بۇ دەريا ھازىرمۇ بار. بۇ دەريا تاغ ئېدىرلاردىكى قىزىل رەڭلىك سېغىز لايىنى ئېقىتىپ كەلگەنلىكى ۋە سۇنىڭ رەڭگى قىزغۇچ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن «قىزىل دەريا» دەپ ئاتالغان.

### كەند

«دىۋان» 1-توم 447-بەتتە «كەند»ھەققىدە مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: «كەند، شەھەر شۇنىڭدىن ئېلىنىپ قەشقەر ئوردۇكەند دېيىلىدۇ، بۇ«خان تۇرىدىغان شەھەر» مەركەز»دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئاپراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان. بۇ يەر تۆۋەن چىندۇر.» قەدىمدە تۈركلەر شەھەرلەرنى «كەند»دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ھازىر بۇ سۆز شەھەرنى بىلدۈرمەستىن يېزىلارنى كۆرسىتىدىغان تۇراقلىق سۆزگە ئايلانغان. بۇ يەردىكى شەھەرنى كۆرسىتىدىغان «كەند»سۆزنىڭ مە-

نىسى يوقىلىپ يېزىلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئۆزگەرگەن. مەسىلەن: «يار كەند»(يار-كەندنى كۆرسىتىدۇ) «سەمەركەند» (سەمەر قەنىد كۆرسىتىدۇ.) يېزاكەند، لايىقا كەنتى، بۇزاق كەنتى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

### بۇگۇر

«دىۋان»1-توم 468-بەتتە: «بۇگۇر كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە. بۇ يەر چېگرا.» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ھازىرقى بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ قەدىمىي ۋە ھازىرقى نامى، بۇگۇردە ساقلىنىۋاتقان قەلئە خارابىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئېھتىمال شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 26 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جۇرقۇت قەدىمىي قەلئەسى بولسا كېرەك، بۇ يەر قەدىمدە چېرىكچى تۇرغان جاي.

### ئوپال

ئوپال ھەققىدە «دىۋان»1-توم 99-بېتىدە مۇنداق بايانىنى ئۇچرىتىمىز: «ئ-وپال بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى.» ئوپال ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى توققۇزاق ناھىيىسىگە قاراشلىق جاينىڭ نامى، قەشقەردىن 36كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ ھازىرغىچە «ئ-وپال» دەپ كېلىنمەكتە. ئوپالدا ھەزرىتى موللام مازىرى، بولۇپ بۈيۈك ئالىم مەھمۇت قەشقىرى دەپنە قىلىنغان. ھازىر بۇ جاي مۇھىم تاۋاپ گاھقا ئايلانماقتا. بۇ مەھمۇت قەشقىرى ياشاپ ئۆتكەن جاينىڭ نامىدۇر.

### قارناق

«دىۋان»داقارناق ئوغۇز شەھەرلىرىنىڭ بىرى دېيىلگەن: «قارناق ئوغۇزشەھەرلىرىدىن بىرى» («دىۋان» 1-توم 618-بەت)ھازىر بۇ قايسى جاينى كۆرسىتىدۇ؟ ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى، ئېھتىمال كېيىنچە بۇ شەھەرنىڭ نامى ئۆزگەرگەن ياكى تاشلىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما «قارناق»سۆزىنىڭ مەنىسى «قوسقى يوغان»«قوسقى كەڭ» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

### قۇشلاش

شىنجاڭدا بۇنداق يەر ناملىرى خېلى كۆپ. «دىۋان»1-توم 616-بەتتىمۇ بۇ ھەققتە مۇنداق يېزىلغان: «قوشلاش سۇ تارماقلىرىنىڭ قوشۇلغان يېرى»، يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسى ئايرىم ئېقىپ «قوشلاش»دېگەن جايدا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. «قوشلاش»يۇقىرىدىكى چۈشەندۈرۈلگەن مەزمۇنلارنى ئۇقتۇرىدۇ.

### سايرام

سايرام ھەققىدە «دىۋان» 3-توم 243-بەتتە: «سايرام»«ئىسپىجاپ»دەپمۇ ئاتىلىدىغان «بەيزا»شەھىرىنىڭ ئېتى. «سايرام»مۇ دېيىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. سايرام ھازىرقى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام رايونىنى كۆرسىتىدۇ. سايرام سۆزى ئېھتىمال «تېيىز ئاقىدىغان دەريا» نامىدىن كەلگەن بولساكېرەك.

### قۇچۇ

«قۇچۇ. ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرسىنىڭ ئېتى. بەزىدە ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ

ھەممىسى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ»(«دىۋان» 3-توم 302-بەت) بۇ قەدىمكى قوچۇ ئۇيغۇر قاغانلىقى (ئىدىقۇت شەھىرى)نى كۆرسىتىدۇ.

## كۆرۈك كۆل

«دىۋان»3-توم 505-بەتتە كۆرۈك كۆل ھەققىدە مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: «كۆرۈك كۆل قەشقەرگە يېقىن بىر كۆلنىڭ نامى.» تەكشۈرۈشكە قارىغاندا ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى سېرىقكۆل يايلىقىدىكى كۆلنى كۆرسەتسە كېرەك.

## شەنچۇ

«شەنچۇ. يۇقىرى چىن يولىدىكى بىر شەھەر. بۇسۆزنى «ش— × »ھەرپىنى سوزۇپ «شەنچۇ ئوقۇش تېخىمۇ توغرا بولىدۇ.»(«دىۋان»1-توم، 544-بەت) بۇشەھەرنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى قاراشلار بىرخىل ئەمەس. بەزى تەتقىقاتچىلار خوتەن ۋىلايىتى گۇماناھىيىسىنىڭ سانجۇ تاغلىق يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ دېيىشىدۇ. لېكىن«دىۋان»دا بۇشەھەرنىڭ جايلاشقان ئورنى «يۇقىرىچىن»دەپ قەيت قىلىنغان. شۇڭلاشقا بۇنداق قاراشنىڭ ئاساسى تولۇق ئەمەس. بەزىلەر بۇھازىرقى پىچان ناھىيە لۈكچۈن شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. «شەنچۇ» دېگەن بۇنام خەنزۇچە« 鄯善 »سۆزدىلا قالغان، دېيىشىدۇ. بۇخىل قاراشمۇ كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. بۇنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## كوسەن

بۇقەدىمكى كۇچارنىڭ يەنەبىر نامى، «دىۋان»1-توم526-بەتتە: «كوسەن. «كۇچا» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنەبىر نامى، بۇشەھەر ئۇيغۇرلار چېگرىسىغا جايلاشقان.» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. كۇچارنىڭ نېمە ئۈچۈن «كوسەن» دەپئاتالغانلىقى، كوسەن دېگەن سۆز نىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە كىشىنى قايىل قىلارلىق ئاساسلار ناھايىتى كەمچىل. بەزىلەر -بۇ «كۆھشان» دېگەن سۆزدىن كەلگەن، كۆھ تاغ دېگەنلىك، شان دېگەن سۆز جاي،يۇرت دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ خۇددى ئۇيغۇرلاردىكى «جاي» سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ دەيدۇ. يەنەبەزىلەر قەدىمكى كوسەن خانلىقى ۋە شۇخاندانلىقىنىڭ پادىشاسىنىڭ ئىسمى، دەيدۇ.زادى كوسەن ئاتلىق پادىشا ئۆتكەنمۇ-يوق، بۇنىڭغا ھازىرچە بىرنىمە دېيىش قىيىن.

## بالىق

تۈركلەر قەدىمدە شەھەرنى « بالىق»دەپ ئاتايتتى. «دىۋان» 1-توم 491-بەتتە: «بالىق ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈركچە ئۇيغۇر تىللىرىدا شەھەر، قەلئە،شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭچوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى«بەش بالىق» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ«بەش شەھەر» دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر شەھىرى «يېڭى بالىق» دەپ ئاتىلىدۇ، «بۇ يېڭى شەھەردېگەن بولىدۇ» دەپ يېزىلغان». يەنە «دىۋان»1-توم 153-بەتتە ئۇيغۇرلار بىناقىلغان بەش شەھەر ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز: «...بۇشەھەرلەر: سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان، قوچۇ، چانبالىق، بەشبالىق، يېڭىبالىق»

## بارخان

«بارخان. تۈۋەنكى چىننىڭ نامى. قەشقەرگە يېقىن بىرتاغنىڭ ئۈستىدىكى قور-
غان. بۇتاغنىڭ ئاستىدا ئالتۇنكان بار.» («دىۋان»1-توم 567-بەت) بـارخان مەلۇم
خانلىقنىڭ ھەم شۇخانلىقتا تەۋە قورغاننىڭ نامى. بارخان دېگەن سۆزنىڭ مـەنىسى
«ئىگىز»، «بىر-بىرىگە تۇتاش» دېگەنلىكتۇر. بەزىلەر بارخان مىلادى 880-يىلى ئۆتكەن قارا
خانىلار نىڭ خـاقانى دېيىشىدۇ.

## چەرچەن

«دىۋان» 1-توم 567-بەتتە چەرچەن ھەققىدە: «چەرچەن. چىن يولىدىكى مۇبۇل-
مانلار چېگرىسىنىڭ بىرى» دەپ يېزىلغان. بۇ ھازىرقى چەرچەن ناھىيىسىنى كۆرسىتىدۇ.
قەدىمكى كارۋان بۇ يوكىنىڭ غەربى جەنۇبى لېنيىسى ۋە بوستانلىقلار يولى چەرچەن-
نى كېسىپ ئۆتكەن قەدىمى ئاۋات شەھەرلەرنىڭ بىرسى بولۇپ ناھايىتى كۆپ تارى-
خى ۋاقەلەرنى باشتىن كـەچـۈرگـەن. بـۇيەرزادى نېمە ئۈچۈن «چەرچەن»دەپ ئا-
تالغان، ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ بىرقىسىم يولداشلار«چەرچەن»سۆزى—«چارچەن»دىن كەل-
گەن، چەرچەن يوللىرىدا قەدىمدە ئىككى كىلومېتىر ئارىلىقتا بىردىن پوتەي قۇپۇرۇل-
غان، كىشىلەر ئەشۇ بەلگىلەرگە ئاساسەن سەپەر قىلاتتى، «چار» دېگەن سۆز «تـۆرت»
نى بىلدۈرىدۇ. «چەن» سۆزى «بەلگۈ» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ، دېيىشىدۇ. يەنە بەزى
يولداشلار بۇسۆز «چارچىن» دىن كەلگەن، «چار» سۆزى يەرلىك تىلدا« ئاخىرى»«تۆۋە-
نى» دېگەن سۆز، «چىن» ئاساسەن شىنجاڭنى كۆرسىتىدۇ، دېيىشىدۇ. مېنىڭچە يۇقىرىقى
قاراشلارنىڭ ھېچقايسىنى تەستىقلاشقا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق
قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

## تاشكەنت

تاشكەنت قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرسى. «دىۋان»1-توم 577-بەتتە: «تاشكەنت
شاش شەھىرىنىڭ نامى. ئەسلى نامى تاشكەنىد بولۇپ، تاش شەھەر دېمەكتۇر. ئەبۇ-
بەكىر قەففال شاشى شۇشەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن» دېيىلىدۇ. تاشكەنت قەدىمدە«تـاشكە-
نىد»، «شاشكەنىد»،«چاچكەنىد» ،«ئۆزكەنىد»، «تونكەنىد» «چاچى كامان»«چەرخى چاچى»
قاتارلىق ئىسىملار بويىچە ھەرخىل ئاتىلىپ كەلگەن.

«تاشكەنت» سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۆزبەكىستان جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختى
ۋە مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى، مىلادىدىن ئىلگىرى ئىككىنچى ئەسىرلەردە بىنابولغان.
جۇڭگونىڭ «ۋېينامە» ، «غەربى دىيار خاتىرىسى»،«يۈەن تارىخى»، «مىڭ تارىخى»ۋە
مانجۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە «تاشكەنىد» «تاشخان» دەپ تىلغا ئېلىنغان.
تاشكەنىد—تاش شەھرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سوۋېت ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلى-
شىچە تاشكەنت ئەلئەسى ناھايىتى زور تاشلاردىن ياسالغان ئىكەن، ئەشۇ خىل سەۋەب-
لەرتۈپەيلىدىن «تاش شەھەر» دەپ ئاتالغان. ئەرەبلەر چىرچىق دەرياسى بوجايغائې-
قىپ كەلگىنى ئۈچۈن بۇ يەرنى «شاش» دەپمۇ ئاتاشقان ئىدى. يەنە بىرخىل كـەپلەر

كە قارىغاندا بۇ شەھەرنى تاجىكلار بىنا قىلدۇرغىنى ئۈچۈن دەسلەپتە «تاجىكەنت» بولۇپ كېيىن «تاشكەنت» كە ئۆزگەرگەن دېيىلىدۇ، بۇ گەپنىڭ ئىلمىي ئاساسى قانچىلىك، تارىخىي پاكىت زادى شۇنداقمۇ. ھازىرچە بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش قىيىن، لېكىن، بۇ جايدا «ئۆزبېك» دەپ ئاتالغان مىللەتلەرنىڭ ياشىغانلىقى تارىخىي ئەمەلىيەت. تاشكەنت ئۆزبېك تۈركلىرى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان.

## ياباقۇ

ياباقۇ ھەققىدە «دىۋان» 3-توم 47-بەتتە ئىككى جايدا قىسقىچە ئىزاھ بېرىلگەن: «ياباقۇ. تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى»، «ياباقۇ سۈيى. قەشقەر تاغلىرىدىن باشلىنىپ پەرغانە ۋە ئۆزگەنتكە ئاقىدىغان سۇ.» يۇقىرىقى بايانلار بىزگە ياباقۇنىڭ تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى ئىكەنلىكىنى، «ياباقۇ سۈيى» ئەشۇ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامىغا ئاتالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزىلەر قەشقەر ۋىلايىتى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ نامى «ياباقۇ» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن. ياباقۇلار ھازىرقى يوپۇرغا ناھىيىسىگە ئورۇنلاشقان دەيدۇ، بۇ ھەقتە تارىخىي دەلىللەر نىسبەتەن كەمچىل بولغاچقا ھازىرچە بىرنەرسە دېيىش قىيىن.

## ئېدىل

ئېدىل (ۋولگا) ھەققىدە مۇنداق بايانلارنى ئۇچرىتىمىز: «ئېدىل (ۋولگا) قىپچاق ئېلىدىكى بىر دەريانىڭ نامى. بۇ دەريا بولغار (كاسپىي) دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ؛ بىر تارمىقى روس ئېلىدىن چىقىپ كېلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ئېدىل سۈيى ئېقىپ تۇرار،
قىيالارنىڭ تۈۋىگە سوقۇپ تۇرار.
بېلىق، پاقا تولۇپ تۇرار،
كۆلچەك تېخى تېشىپ تۇرار.»

(«دىۋان» 1-توم 100-بەت)

ئېدىل ياۋروپا قىتئەسىدىكى چوڭ ۋە ئەڭ قەدىمىي دەريالارنىڭ بىرسى. كېيىن «ۋولگا» دەپ ئاتالغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا «ۋولگا» سۆزى «بولغار» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ «ئاق، يورۇق، مۇقەددەس» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىكەن. قەدىمدە بۇ دەريا ۋادىلىرىنى پەچەنەگ، بولغارلار، ئۇنگىرلار كۆللەندۈرگەن. بىر قىسىم كىشىلەر «ۋولگا» سۆزى سىلاۋ سۆزىدىن كەلگەن، ئۇ «نەملىك، زەيكەش»، «ئۇلۇغ، بۈيۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېيىشىدۇ. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا «ۋولگا» سۆزىنىڭ «بولغار» سۆزىدىن كەلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىقتەك تۇرىدۇ.

## تالاس

«دىۋان» 1-توم، 474-بەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «تالاس. تىراز» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان شەھەرنىڭ نامى. بۇ شەھەر ئىككى بولۇپ، بىرى «ئۇلۇغ — چوڭ تالاس» بولىدۇ. يەنە بىرى مۇسۇلمانلار چېگراسىدا بولۇپ، كەمىي تالاس «كىچىك تالاس» دېيىلىدۇ.» مەھمۇت قەشقىرى بۇيەردە تالاس رايونىدىكى تىراز شەھىرى بىلەن كىچىك تا-

لاسنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن.

جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ھەرخىل تەبىئەتتىكى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن شەھەر ۋە تاغلار، بەزى جايلارنىڭ ناملىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھەتتا بەزى كىچىك تاغ ياكى جاينىڭ نامى ئۇچۇن چوڭ رايون دائىرىسىدىكى يەر ناملىرى قىلىشى مۇمكىن. «دىۋان» دىكى بەزى يەرناملىرىنى ھازىرقى ئورۇندىن تېپىش قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرخىل يەرنامى ئىككى ئورۇندا بولۇپ بىرى تاغنىڭ بىرى شەھەرنىڭ ئىسمىگە ۋەكىللىك قىلىپ كېيىنكى دەۋرلەردە شەھەرنىڭ نامى يوقۇلۇپ تاغنىڭ نامى ساقلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. شۇسەۋەپلىك «دىۋان» دىكى بەزى جايلارنىڭ ھازىرقى ئورنىنى تېپىشقا كۆپ قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتۇم. كەڭ كىتابخانلارنىڭ سەمىمى تەنقىدىنى قوبۇل قىلىمەن.

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتوختى ئەخمەت)



# ئەدەبي مىراس «دىۋان سەئىدۇللا» ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى توغرىسىدا

مۇھەممەتتوختى ئەخمەت

خەزىنە تۇرلۇك-تۈمەن جاۋاھىراتلار يىغىندىسىدىن بىنا بولىدۇ. بۇ جاۋاھىراتلارنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ بىر پۈتۈن خەزىنىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينىغانىكەن، ئەلۋەتتە ئۆزىگە لايىق قەدىرلەنمەي قالمايدۇ. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەرقايسى مىللەتنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات-سەنئەت خەزىنىسى ئۆز مىللىتىدىن يېتىشىپ چىققان مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىلمىي مېھنەت مەھسۇلاتلىرىدىن بىنا بولىدۇ. شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات-سەنئەت خەزىنىسى تارىختىن بۇيان مۇتەپەككۇرلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز، ئەدىپ-شائىرلىرىمىز ياراتقان تارىخىي مىراس ھەم ۋەسىقىلەرنىڭ جۇغلانمىسىدىن تەركىب تاپقان. يۇلتۇزلارنىڭ سانىنى ئېلىش قىيىن بولغىنىدەك، كۆپ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ سانىنى ئېلىشمۇ قىيىن. دەرۋەقە، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىي، جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىدىكى مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار، ئەدىپ-شائىرلار خۇسۇسىدا خېلى كۆپلىگەن بىئوگرافىيىلىك كىتابلار، دەرسلىكلەر، شۇنىڭدەك، تەتقىقات ماقالىلىرى، تونۇشتۇرۇش ماتېرىياللىرى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ئۆزى قانداقتۇر رويخەت تىزىملىكى ئەمەس. شۇڭا كىلاسسىكلارنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن بىرنەچچە كىتاب-ماتېرىياللاردا بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. بىز مەلۇم كىتاب، ماتېرىيال ياكى دەرسلىكتە تونۇشتۇرۇلغانلارنىڭ ئۆزىنىلا بىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرىمىز، ئالىملىرىمىز، ئەدىپ-شائىرلىرىمىز پەقەت مۇشۇلار دەپ ئېيتالمايمىز، خېلى بىرقىسىم كىشىلەرگە نامى تونۇشلۇق بولمىغان ئالىم، ئەدىپ-شائىرلىرىمىز. سەنئەتكارلىرىمىز تارىخىمىزدا ئۆزلىرىنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئاجايىپ ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرى بىلەن يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرۇپتۇ. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى «دىۋان موللا سەئىدۇللا» نىڭ مۇئەللىپى-ۋەتەننى، ئىلىم-مەرىپەتنى قىزغىن سۆيگەن، دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە ئاتالەتپەرۋەر شائىر موللا سەئىدۇللادۇر.

شائىر موللا سەئىدۇللا ھىجرىيە 1256-يىلى (مىلادى 1840-يىلى) قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ تېۋىز (ئەسلى تەبرىز بولۇپ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېۋىز دەپ

ئۆزلىشىپ قالغان) يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن ئۇنىڭ دادىسى كەمبەغەل رەۋەندە ئىدى. سەئىدۇللا نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، دادىسىنىڭ ئوقۇتۇپ موللا قىلىش ئارزۇسى بويىچە دەسلەپتە تېۋىز يېزىسىدىكى ئىپتىدائىي (باشلانغۇچ) دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ خەت ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، يېڭىسار ناھىيە بازىرىدىكى مەدىرىسكە ئوقۇشقا كىرگەن. مەدرىستە ئوقۇش جەريانىدا ئۇ كونىچە ئەدەبىيات دەرسلىكى سۈپىتىدە ئوقۇتۇلىدىغان خوجە ئەھمەت يەسەۋى (قول خوجە ئەھمەت)، سوپى ئاللا يار خوجە ھاپىز شىرازى، ھۇۋەيدا، ناۋايى، فۇزۇلى، بابارەھىم مەشرەپ ئوخشاش شەرق كىلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇش ئارقىلىق شېئىرىيەتكە قىزغىن ھەۋەس باغلىغان ۋە شېئىرىي ئىجادىيىتىنى باشلىغان. لېكىن ئۇ ئوقۇش ۋە شېئىرىيەتتە بىرقەدەر كامالەتكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان مەزگىلدە ئائىلىسىنىڭ نامراتچىلىقى ئۈستىگە تۆپىلەپ كەلگەن ۋەيرانچىلىق تۈپەيلىدىن كۈن ئۆتكۈزۈش قىيىن بولۇپ، ئائىلە بويىچە يەكەنگە (سەئىدۇللانىڭ دادىسى ئەسلىدە يەكەنلىك ئىدى) تىرىكچىلىك ئىزدەپ كۆچكەندە، سەئىدۇللامۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە يەكەنگە كۆچۈپ كەلگەن. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ كۈن ئۆتكۈزمەك تېخىمۇ قىيىنلاشقانلىقتىن، ئائىلىسىدىكى بالىلارنىڭ چوڭى بولغان سەئىدۇللا ئوقۇش ۋە ئىجادىيىتىنىمۇ نائىلاج تاشلاپ، ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ھەممە ئېغىرچىلىقتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئاتا كەسپى-رەۋەندىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئەمما ئۈستى-ئۈستىلەپ كەلگەن باج، ئالۋاڭ-سېلىقلاردەستىدىن تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرالماي تېخىمۇ ۋەيران بولۇپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى تېۋىزغا كۆچۈپ بېرىپ، دېھقانچىلىققا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلغان بولسىمۇ، ئوخشاشلا ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ دەھشەتلىك ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي زۇلۇم-خورلۇقنى يەتكىچە تارتقان سەئىدۇللا قولىغا قەلەم ئېلىپ ئەزگۈچىلەرنى، چىرىك تۈزۈمنى ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيسى بولغان فېئودال ھاكىمىيەتنى پاش قىلىپ ھەجۋىلەشتۈرىدىغان كۈچلۈك ئىسيانكارانە روھقا ئىگە شېئىرلارنى يېزىپ جامائەت ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانلىقتىن، فېئودال ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرى سەئىدۇللانى تۇتماقچى بولغاندا، ئالدىن خەۋەر تېپىپ نائىلاج يۇرتىنى تاشلاپ سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن. لېكىن ئۇ ئۆز يۇرتىنى قىزغىن سۆيەتتى. شۇڭا ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتىدا ئانا تۇپرىقىنى بىرمىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمايدۇ، فېئودال كۈچلەر بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشماي يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى «ئاسىي گۇناھكار» ھېسابلاپ قاتتىق ئەپسۇسلانغان شائىر ئانا يۇرتىنى «ساھىبقىران» (كۈچ-قۇدرەت ئىگىسى، كامالەت ئىگىسى)دەپ ئۇلۇغلاپ مۇنداق يازىدۇ:

«ئاتامنى سورىسىڭىز ياركەند دىيارى،
ئۇنىڭ ياتقان يېرى چىھىلتەن مازارى①.

① چىھىلتەن مازىرى — يەكەن ئالتۇنلۇقتىكى مازار

مېنى سورىساڭ يېڭىساردا تۇغۇلغان،
خۇداخالىق قىلدىلەر تەبرىز مازارى②.
مېنى سورىساڭ يېرىم ساھىبقىراندۇر،
مېنىڭكى ئېتىقادىم بىگۇماندۇر.

..........................................................

مېنى سورىساڭكى مەن ئاسى گۇناكار،
مېنىڭ ساھىبقىران ئاتلىق يېرىم بار.»

ئانا تۇپرىقىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈپ قىزغىن سۆيگەن شائىر ئۆز يۇرتىنىڭ قەدرىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ ھەتتا ھەرتۈپ گىياھ، ھەربىر ياپرىقىنى گۆھەرگە ئوخشىتىپ قىزغىن ئىشتىياق بىلەن كۈيلىسە، ئۆز يۇرت-ۋەتىنىدىن مېھرىنى ئۈزۈپ غەيرى خىياللاردا بولغان كىشىلەر ئەقىلسىز، قارايۈز بولۇپ ئىت سۈپىتىدە شەرمەندىلەرچە ئۆلىدۇ دېگەن ئىلغار قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ:

«بىلىڭلار خالايىقلار بۇ يۇرت قەدرىنى بىلمەگىلىك،
ھەر ياپراق گىياھنى گۆھەر ئوخشە كۆرمەگىلىك،
ئۆزگىچە خىيال قىلسە ئەقلىدىن ئېزىپ بەندە،
بولۇپ شەرمەندە رۇيىسىيا① ئىتقا ئوخشە ئۆلمەگىلىك.»

زوراۋانلارنىڭ تۇتقۇن قىلماقچى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى پىنھانغا ئېلىپ يۇرتىنى تاشلاپ مۇساپىرلىق ھاياتىنى باشلىغان شائىر دەسلەپكى بەش يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ دائىرىسىدە ئايلىنىپ بىرتەرەپتىن ئاتاقلىق مازارلارنى تاۋاپ قىلسا يەنە بىرتەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ ئىشلەمچىلىك بىلەن ھالال تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ يەنە شۇنداق شەھەر، يېزا-قىشلاقلارنى ئايلىنىش جەريانىدا جەمئىيەت بىلەن تېخىمۇ كەڭ دائىرە تونۇشۇپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ تۇيغۇ-تەسىراتلىرى ئاساسىدا يارقىن مىسرالارنى تىزىپ، ئەينى دەۋر رىئاللىقىنى شېئىرىتىدە ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرىنى مارالۋېشىدا بىر يىلغا يېقىن تۇرۇپ ئىشلەمچىلىك قىلغاچ رەتلەپ دىۋان قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ بۇ دىۋانىنى بىر پارچە شېئىرىي مەكتۇپ بىلەن قوشۇپ يېڭىسار تېۋىز يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىنىسى سايىت ئاخۇنغا ئەۋەتىپ بېرىپ، ئۆزى چەتئەلگە چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئىنىسىغا دىۋان بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەن شېئىرىي مەكتۇبىدە ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن بەش يىللىق ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ كېلىپ مۇنداق يازىدۇ:

«سەرسانلىقتىمۇ پۇلسىز قالمادىم،
يېيىش ئۈچۈن نان، ئۇنسىز قالمادىم.

① تەبرىز مازىرى — يېڭىسارنىڭ تېۋىز يېزىسىدىكى ھۆسەيىن بۇغراخان مازىرى
① رۇيىسىيا — قارا يۈز تەلەتى قارا

ئىككى يانىمدا ئىككى بېگىم بار①،
شۇڭا ھېچكىمدىن قورقۇپ قالمادىم.

چاپا چەكسەممۇ ئۆلۈپ قالمادىم،
كىشىگە ھەرگىز مۇھتاج بولمادىم.
لېكىن ھىجراندا كۆزلىرىم ياشلىق،
رازى بولۇڭلار ئى يارانلىرىم.»

شائىر سەئدۇللا چەتئەل (جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا) ئىشلەمچىلىك قىلغاچ ئايلىنىپ يۈرۈپ ھىجرىيە 1309 - يىلى (مىلادى 1892 - يىلى) كەشمىردە تىجارەت ھەم ساياھەتتە بولىۋاتقان ئۇلۇغ ئۆزبېك دېموكراتىك شائىرى زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت (1858 - 1909) بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ ۋە 1893 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا فۇرقەتنى يەركەن، خوتەنلەرگە باشلاپ كېلىدۇ. فۇرقەت مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ ھال - مۇڭىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئازادلىققا بولغان تەشنالىقىغا سەممىي ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئازاپ - ئوقۇبەتكە، زۇلۇم - ئاسارەتكە ۋە ئىستىبداتلىق تۈزۈمگە چەكسىز ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ۋىجدانلىق شائىر بولغانلىقتىن، ئۆزئارا پىكىرلىشىش - ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش بۇ ئىككى شائىرنىڭ دوستلۇقى ۋە بىر - بىرىگە ئىززەت - ھۆرمىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغانىدى. ئۇلار بىرلىكتە يۇرت كېزىش جەريانىدا جەمئىيەت تۇرمۇشىنى بىرلىكتە ئۆگىنىپ، شېئىرىي ئىجادىيەتتە ئورتاق ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان يارقىن سەھىپىلەرنى ئاچتى. بۇ جەرياندا سەئدۇللانىڭ قەلىمىمۇ بارغانسېرى ۋايىغا يېتىپ باردى. گۇمىنىڭ قوشتاغ رايونىدا يېزىلغان «سەيدىلىك قويابىر، سەييادە» بۇ ئىككى شائىر ھېسسىياتىدىكى ئورتاقلىق ۋە شېئىرىيەتتىكى ھەمكارلىقنىڭ بىر مۇھىم مەھسۇلى ئىدى. ئۇنىڭدا مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىك - ئازادلىققا تەلپۈنۈش خاھىشى ئۆتكۈرمە جازى ۋاستىسىنىڭ ياردىمىدە روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن:

«سەيدىلىك①. قويابىر سەييادى② سەييارە ئىكەن مەندەك،
ئال دامىنى③ بويىنىدىن، بىچارە ئىكەن مەندەك،
ئۆز يارىنى تاپماستىن ئاۋارە ئىكەن مەندەك.
ئىقبالى نىگۇن بەختى ھەم قارە ئىكەن مەندەك.
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى - باغرى سەد پارە④ ئىكەن مەندەك.

① ئىككى بېگىم — ئىككى بىلىكىمنى دېمەكچى.
① سەيد — ئوۋ، ئوۋلانغان جانىۋار.
② سەيياد — ئوۋچى.
③ دام — ئالدام، قىلتاق، تۇزاق.
④ سەدپارە — يۈزپارە.

... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...

يوق ھۇشى، پەرى تەككەن دىۋانەگە ئوخشەيدۇ،
كۆز ياشى يەنە توكۇلگەن پەيمانە① گە ئوخشەيدۇ،
غەمسىلى② بىلەن كۆڭلى ۋەيرانەگە ئوخشەيدۇ،
فۇرقەتتە بۇ سەئدۇللا ھەيرانەگە ئوخشەيدۇ،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى ـ باغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك».

مۇسەددەس شەكلىدە يېزىلغان بۇ شېئىردا ئوۋلانغان جانىۋارنى باغلاپ ماڭغان ئوۋچىغا مۇراجىئەت قىلىش تەرزىدە پىكىر بايان قىلىنىپ، ماھىيەتتە ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمران ئىستىبداتلارغا قاتتىق نارازىلىق ئىپادىلىنىپ، ئۇلار ئۈستىدىن:

«بىچارەنى زۇلۇم ئەيلەپ، قول ـ بويىنىنى باغلاپسەن،
ھەر سارى چېكىپ سۆرەپ، ئۆلتۈرگەلى چاغلاپسەن،
كۆكسىنى جەفا بىرلە لالە كەبى داغلاپسەن».

دەپ شىكايەت قىلىنسا، «سەييياد» (ئوۋچى) نىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان بىچارە جانىۋارغا ئىچ ئاغرىتىش ۋاستىسى بىلەن ماھىيەتتە زۇلۇم ـ ئاسارەتتە خورلىنىۋاتقان مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىغا بولغان ھېسداشلىق:

«ئەخىر بۇ نېچۈك بىداد، ئالەم ئاڭا تار بولسە،
... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
گەر چىقسە بەناگاھى دامىڭغە دۇچار بولسە»

دەپ ئېچىنىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىن ـ ئازاد تۇرمۇش شارايىتىغا ئېرىشىشىنى چىن سەمىمىيەت بىلەن ئارزۇ قىلغان ئورتاق ھېسسىياتقا ئىگە بۇ ئىككى شائىر مەزكۇر مۇسەددەستە يەنىلا شۇ ئوۋلانغان جانىۋارنىڭ ئازادلىقىنى تىلەش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىققا تەلپۈنۈش، ئەركىن ياشاش ئىستىكىنى ئىپادىلەيدۇ:

«ھىجرىدە ئەلەم تارتىپ، بولدى جىگەرى خەستە،
تاغلارغە چىقىپ، بولسۇن يارى بىلەن پەيۋەستە،
... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
ئاھۇلەر بىلەن ئويناپ، ئەيشىنى مۇدام ئەتسۇن،
يامغۇر سۈيى تولغاندا تاغ لالىنى جام ئەتسۇن».

مۇسەددەسنىڭ ھەر بىر كۇبلېت ئاخىرىدا ئىزچىل تەكرارلانغان ئىككى مىسرادىكى مەزمۇن ئەمەلىيەتتە پىكىرداش بۇ ئىككى شائىرنىڭ ئۆزلىرىنى مېھنەتكەشلەر ئىچىگە

---

① پەيمانە ــ قاچا، پىيالە.
② غەمسىلى ــ غەم كەلكۈنى.

قويغانلىقىنىڭ، يەنى مېھنەتكەش خەلق ئاممىسى بىلەن تەقدىرداش، ئورتاق تىلەكداش ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

كۆز قارىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويماسلىق ياكى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئۆزى ئىلمىي مۇھاكىمە قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئەسلا سىغىشالمايدۇ. لېكىن بۇ خىل كۆز قاراش ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىشتىن ھاسىل بولغان مۇئەييەن خۇلاسە ئاساسىدا مەيدانغا چىقىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك. مۇشۇ ئالدىنقى شەرت بويىچە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن مۇسەددەس زادى كىمگە تەئەللۇق دېگەن مەسىلىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار مەۋجۇد. بەزىلەر بۇ مۇسەددەسنى فۇرقەتنىڭ دېسە، بەزىلەر سەئدۇللانىڭ دېيىشىدۇ. فۇرقەتنىڭ دېگۈچىلەر مەزكۇر ئەسەرنىڭ لۇغەت سوستاۋىدىكى ئۆزبېك تىلىغا خاس سۆز - ئىبارىلەرگە ئاساسلانسا، سەئدۇللانىڭ دېگۈچىلەر مىللىي كىلاسسىك شېئرىيەت ئەنئەنىسىدىكى ئامىللار، يەنى شېئىرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېت مەلۇم مىسراسىدا ئاپتورنىڭ نامى قەيت قىلىنغانلىقىنى دەلىل قىلىدۇ. دەرۋەقە يەتتە كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان بۇ مۇسەددەسنىڭ ئاخىرقى، يەنى يەتتىنچى كۇپلېتىدا «فۇرقەتتە بۇ سەئدۇللا ھەيرانەگە ئوخشەيدۇ» دېيىلىپ، سەئدۇللانىڭ نامى قەيت قىلىنغان. بۇنىڭغا قاراپ بۇ ئەسەر سەئدۇللانىڭ دېگەن پىكىرگە كېلىمىز. لېكىن مەزكۇر ئىككى شائىر ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىق ھەمكارلىق، دوستلۇق، ئىجادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇش جەريانىدا مەلۇم بىر پىكىر ئۈستىدە بىر - بىرىنى تولۇقلاپ ئورتاق قەلەم تەۋرىتىشكەن دېگەن قاراشنىمۇ ئىناۋەتكە ئالىمىز. دېمەك، بۇ شېئىرمۇ ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەلۋەتتە «ئىجادىي ئەمگەك ئۆز ئىگىسى بىلەن مۇنەۋۋەر» (مىرئەھمەد سەئىد ھاجى) بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭ لۇغەت سوستاۋىدىكى بەزى ئىبارىلەرگە قاراپ ئۇنى فۇرقەتنىڭ دېيىشمۇ، مىسرادا قەيت قىلىنغان ئاپتور نامىغا قاراپ سەئدۇللانىڭ دېيىشمۇ بىر تەرەپلىمە. بۇنى ئىككى شائىرنىڭ ئورتاق قەلەم تەۋرىتىشىگە مەنسۇپ قىلىش ئەقىلگە ئۇيغۇن.

موللا سەئدۇللا فۇرقەت بىلەن خوتەندە قىسقا مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن، يەكەنگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ ۋە تاكى 1909 - يىلى فۇرقەت يەكەندە ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇ يەردە ياشاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. فۇرقەتنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پوسكامغا قاراشلىق قىزىل مەسچىت دېگەن يەرگە كۆچۈپ بېرىپ تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا ھايات كۆچۈرگەچ ئەدەبىي پائالىيىتىنى داۋام ئەتتۈرۈپ، مىلادى 1913 - يىلى، يەنى فۇرقەت ئالەمدىن ئۆتۈپ تۆت يىلدىن كېيىن شۇ يېزىدا ۋاپات بولىدۇ.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر سەئدۇللا ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ كېتىشۋېتىش رەت تەرتىپى بويىچە شېئىرلىرىدىن جەممىي ئۈچ «دىۋان» تۈزگەن. لېكىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغىنى (قولىمىزدا بارى) شائىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەدەبىي ئىجا-

دىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «دىۋان موللاسەئىدۇللا» ناملىق بىرلا توپلام بولۇپ، شېئىرلىرىدىكى ئاساسىي تېماتىكا ئومۇمەن ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ھەق - ئادالەتكە تەلپۈنۈش، ئەخلاققا ئۈندەشتىن ئىبارەت. بۇ خىل خاھىش شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە باشتىن - ئاياق سىڭگەن بولۇپ، ھەر بىر شېئىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا شائىر يۈرىكىنىڭ ۋەتەن، ئىلىم، ئادالەت دەپ سوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك ياكى ئاڭلىغاندەك بولىمىز. شائىرنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ئالدى بىلەن ئۆز ئانا يۇرتىنى چەكسىز ئىشتىياق بىلەن قىزغىن سۆيگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. شائىر ئۆز ئانا يۇرتىنى يۈكسەك ئەقىدە - ئىخلاسى بىلەن قىزغىن سۆيىدۇ، يۇرتىنىڭ ھەر تۈپ گىياھ، ھەر بىر ياپرىقىنى ساداقەتلىك ئەزىز يارى ھېسابلاپ، ئۇنىڭدىن دەقىقە ئايرىلىش تولىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىدۇ:

«بىپايان پاكىيان يۇرتۇم - دىيارىم،
ھەر ياپراق گىيارى مەھبۇب يارىم.
دەقىقە ئايرىلىپ قالسام ئۇنىڭدىن،
ساماندەك سارغىيىپ قالغاي دىدارىم».

ئۇ مۇساپىر بولۇپ جاھان كېزىپ يۈرۈش جەريانىدىمۇ ئۆز يۇرت - ۋەتىنىدىن مېھرى - مۇھەببىتىنى قىلچە ئۈزمەيدۇ. شۇڭا ئەل - ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈپ شاھ بولغىچە، ئۆز يۇرتىدا دىۋانە بولغان مىڭ مەرتىۋە ئەلا دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«سەن كىشىنىڭ يۇرتىدا پادىشاھلىق قىلغىچە،
سەن ئۆزەڭنىڭ يۇرتىدا دىۋانە بولغان ياخشىراق».

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى قەدىرلەشكە ھەقلىق يەنە بىر مۇھىم تېما مەرىپەتپەرۋەرلىك بولۇپ، ئىلىم - مەرىپەت ئىدىيىسى «دىۋان»دا خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شائىر ئىلىم - مەرىپەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇ ئىلىم - پەن ئىگىلىگەن (موللا) كىشىلەرنىڭ ئەل - يۇرت ئىچىدە ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقىنى، ئىلىم - مەرىپەت كىشىلەرنى كۈتكەن مەقسەتكە يەتكۈزىدىغانلىقىنى، ئەقىل - پاراسەتنى روشەن قىلىپ، توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ:

«ھەممە ئىشنىڭ ئەبزىلىدۇر ھەم كىشىگە موللالىق،
ئەقىلگە قۇۋۋەت بېرىپ دانىش قىلادۇر موللالىق.
موللالىقنىڭ ھۆرمىتىنى سەن خالايىق چاغلا غىل،
كۆللى① ئىشقا ھەممە ۋاخ لازىم بولادۇر موللالىق.
ئۆزىگە ئەيلەپ تەمەننا تۆر تالاشقان چوڭلىدىن،
ئاتلاتىپ ئۈستۈن قىلادۇ ھەممە ئەلدىن موللالىق.

موللا يوق بولسەكى ئىماندىن ئىزىپ قالغاي كىشى،
قارا دىللارغا يورۇق بەرگەي ھەمىشە موللالىق.
سەن ئەگەر قىلساڭ تۇرۇكلەر ② موللالىقنى ئارزۇ،
موللاغە ئىززەت قىلىپ قىلغىل چىرايىڭنى سىلىق».

شائىر ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىپ ئىلىملىك بولۇشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىگەن چاغدا، ئىلىمنى قۇرۇق ئابرۇي ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۆگەنگەن ئىلىمگە ئەمەل قىلىپ توغرا يول تۇتۇش، ھالاللىق بىلەن تۇرمۇش قامداش، پارا ئېلىپ ھارام مال بىلەن قوسىقىنى تويغۇزماسلىق، ئىلىمنى ئۆز نەپسانىيىتىنىڭ دەسمايىسى قىلماسلىق قاتارلىق ئىلمىي ئەخلاق قارىشىنى ئىزاھلاشنى ئۇنۇتمايدۇ:

«يۈزمىڭ تۇرۇك سۆيىدىن، موللا بولغان ياخشىراق-
قۇرۇق ئابرۇي موللادىن، ئەمەل قىلغان ياخشىراق.
...... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
ئارملىقنى ①تولا يەپ نوسەندە ②بولغان موللادىن،
باشىغا كولا كېيىپ دىۋانە بولغان ياخشىراق.
بەگلەردىن پانا تىلەپ ھەر كۈنى خۇش-خۇش ئېيتقۇچە،
ئۆزى تاپقاننى يەپ ئۆيدە ياتقان ياخشىراق.
... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
ئەمگالەب ③موللا بولۇپ ھېچ ئىشنى بىلمەي ياتقۇچە،
ساڭا سەئدۇل نەزمە يېزىپ، شېئىرى ئېيتقان ياخشىراق»

شائىر ھالاللىقنى قەدىرلەيدۇ، ساختىلىق، خۇشامەتچىلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك، پۇرسەتپەرەسلىك، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، بېخىللىق، ئاچكۆز-نەپسانىيەتچىلىك، ئىنساپسىزلىق، تاما خورلۇق، پارىخورلۇققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرگە قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ، كىشىلەرنى ئىلىم ئىگىلىرىنى (مولللارنى) ئىززەتلەشكە ئۈندەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆز ئىلىمىگە ئەمەل قىلماي نەپسانىيەتچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلغان ئاز ساندىكى بىر قىسىم ناچار تەبىئەتلىك موللا ۋە دىنىي تونىغا ئورۇنىۋالغان ئالدامچى پىرىخون-داخانلاردىن ھوشيار بولۇشنى، ئۇلارغا ئالدىنىپ قالماسلىقنى، ھەقىقى ئىلىم ئىگىلىرى بىلەن ئالدامچىلارنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشنى تەرغىپ قىلىدۇ:

«ھەر كىشى سەللا كېيىپ يۈرسە، ئۇنى بىر خىل دېمە،
بەئىزدىسى بولغاي تەمەئىكىن ھەم تەمەننا كېرىلىك.

① كۈللى — ھەممە، ②تۇرۇك — ساۋاتسىز،
① ئارملىق — پارا.
② نوسەندە — نەپسانىيەتچى، شەخسىيەتچى.
③ ئەمگالەب — نىيەت قىلىپ.

ئەي خالايىق موللا دەپ مەردۇتنى سەن دوست تۇتماغىل،
ھەممەنى كورلاپ پەقەت كەلمەس ئۇنىڭدىن ياخشىلىق.
بەزىلەر داخان بولۇپ پۇل ئۈچۈن ھەست ئەيلىگەي،
بەئزىسى زالىم بولۇپ قىلماس كىشىگە ياخشىلىق».

ئىلىم - مەرىپەتنى ئۇلۇغلىغان شائىر مەرىپەت يولىنىڭ پۇقرالا ئۈچۈن، جۇملىدىن مېھنەتكەشلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن داغدام ئېچىلىشىنى ئىنتايىن تەقەززالىق بىلەن ئۈمىد قىلسىمۇ، لېكىن جاھالەت ھامىيلىرىنىڭ پۈتلىكاشاڭلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىنىپىي زۇلۇمنىڭ دەھشەتلىك ئىسكەنجىسى تۈپەيلىدىن مەدرىس - مەكتەپلەر كۆپلەپ ئېچىلماي پەرزەنتلەر ئوقۇشسىز - تەربىيىسىز نادان ھالەتتە قالغانلىقى، شۇنداقلا جاھالەت قاپلىغان ئەشۇ زاماندا ئەل - يۇرتتا تۈرلۈك ناچار ئىللەتلەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىدۇ:

«ئاچىلمايىن بۇ يۇرتلاردا مەسچىد، مەدرىس-مەكتابلەر،
ئوقۇشلاردىن بولۇپ مەھرۇم نادان قالدى گۆدەكلەر.
ئۇلار ئۈچۈن ماكان بولۇپ پىنھان بۇلۇڭ - بۇرجەكلەر،
قىمار، زىنا، چېكىملىككە بولدى دوست ۋە ئۇلپەتلەر،
ناشا يانلىق راۋاج بولۇب كۆپەيدى بۇندا گۇمراھلىق①».

ئەل - يۇرتنى قىزغىن سۆيگەن، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشنى تەرغىپ قىلغان شائىر سەئىدۇللا ھەققانىيەتچىل مەيداندا تۇرۇپ ئەل - يۇرتنىڭ ئەدلى - ئادالەت بىلەن باشقۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شائىر بىر رۇبائىيسىدا:

«مەن يەككە - يىگانە، ۋەيرانە مەن،
فەلەك گەردىشىدىن ھەيرانىمەن.
ئىزدەسە بارمۇ ئىكىن ھەق - ئادالەت،
قىلسام جاھان كېزىپ سەيلانە مەن».

دەپ يازغىنىدەك، ئۆز يۇرتىنى نائىلاج تاشلاپ يۇرتمۇ - يۇرت كېزىش جەريانىدا ھەق - ئادالەت ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆرگىنى «ھەممە يەردە قازىنىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇ ھەممىلا جايدا مېھنەتكەشلەرنىڭ خانىۋەيران بولۇپ، زۇلۇم - كۈلپەت ئىچىدە ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەشۇ دەۋردە ئەدلى - ئادالەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. شۇڭا شائىر زۇلۇم - كۈلپەتنىڭ مەنبەسى بولغان فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى ئىسيانكارانە روھ بىلەن مەيدانغا چىقىپ، ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق فېئوداللىق تۈزۈمگە ۋە ئۇنىڭ ئىجراچىلىرىغا قارشى شىددەتلىك ئوت ئاچىدۇ. ئۇ نەپسى تويماس پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ قاقتى - سوقتى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى بىلەن مېھنەتكەشلەر خانىۋەيران بولۇپ يۇرتنىڭ خاراپلاشقانـ

① گۇمراھ — يولدىن ئېزىش، ئادىشىش.

لىقىنى سۈرەتلەپ ، فېئودالىق تۈزۈمنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدىن كۈچلۈك شىكايەت قىلىش بىلەنلا قالماي، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان فېئوداللىق ئۇرۇق-داشلىق تۈزۈمىنىڭ ئايرىم ئىپادىسى، يەنى ئېرى «سىپاھ» (ئەمەلدار) بولسا، خوتۇنى «خانزادە» ، ئوغلى «بەگزادە»، ئاكىسى «مىڭبېشى» ، ئۇكىسى «يۈزبېشى»، ھەتتا ئۇرۇغ-تۇغقان، جەددى-جەمەتىمۇ «ئون بېشى» ئوخشاش مەنسەپلەرنى ئىگىلىۋېلىپ يۇرت سو-رايدىغان ھەققانىيەتسىز، چىرىك تۈزۈمنى قاتتىق سۆكۈپ، ئەشۇ ئادالەتسىز تۈزۈم ئاس-تىدا ئېغىركۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىغا چەكسىز ھېسداشلىق قىلىدۇ:

«دەمبەدەم سېلىپ كۈلپەت ئەجەب تويمايدىلەر ئامبال،
پۇخرادىن ئالاپ ئالدى نەچچە قاتلاپ يەنە ئالبان،
سەرەمجانسىز قالىپ ئۆيلەر يۈرەككە تولدىلەر ئارمان،
گادايلار كۆپىيىپ يۇرتتا تەندە قالمىدى دەرمان،
مەنساپ يوق سىپاھلاردا ھەددىدىن ئاشتى ئاجنابلىق.

سىپاھىغا تەگسە كىملەرگە خاتۇنى بولدى خانزادە،
ئۇنىڭ گالۋاس ئوغلىمۇ ئاتالدى ھەممە بەگزادە،
پېقىر، مىسكىن، يېتىملەرگە زۇلۇم سالدى ئازادە،
بۇيەگلىغ يارالغانمۇ ئەزەلدىن تەقدىر-ئىرادە،
جاھان تەتۈر، زامان تەتۈر بولدى بۇندە قەللابلىق①.
بولدىلار سىپاھلارنىڭ ئاكاسى يۇرتقا مىڭ باشى،
دۇنياغا كۆزى تويماس ئۇكاسى بولدى يۈز باشى،
قورۇق قالماي جەمەتىمۇ بولدى ھەممە ئون باشى،
ئۇنىڭ زۇلمى بىلەن ئاقتى پۇخرا كۆزىدىن ياشى،
ئادالەتتىن ئەسەر يوقتۇر، كۆپەيدى تىرىكتابلىق.

..........................

نادامەت چەكتى پۇخرالار زۇلۇم ئىچرە كۆزىدىن ياشلاپ،
يېراقلارغا چىقىپ كەتتى ماكانى-يۇرتىنى تاشلاپ،
مۇجاپىر ② ھەم پېقىرلىقنىڭ يولىغا ھەم قەدەم تاشلاپ،
تەۋەككۇل ئەيلەبان ئۇلار تەقدىرگە ئۆزىدىن تاشلاپ،
بىچارىلەرگە نەچارە باشقا چۈشسە سەرسانلىق».

زۇلۇم-ئىستىبدادا تىلىقتا چەكسىز ئۆچمەنلىك قىلغان شائىر مېھنەتكەش خەلق ئام-مىسىنى زۇلۇم-كۈلپەتكە مۇپتىلا قىلغان چىرىك ھاكىمىيەت بېشىدىكى مۇستەبىت زالىم-لارنىڭ يوقۇلۇپ مېھنەتكەشلەرنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشىنى، جاھالەتنىڭ گۇم بولۇپ ئا-

① قەللاب-ئادەمخور ② مۇجاپىر-مۇساپىر

ۋاقىتتا ئىلىم-مەرىپەت يولىنىڭ داغدام ئېچىلىشىنى، مېھنەتكەشلەرنىڭ تېچ-ئاسايىشلىققا ئېرىشىپ، ياخشى شارائىت ئىچىدە خۇشال — خۇرام ياشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ:

«مىرادىغا يېتەر سەئدۇل زالىملار زاۋال تاپسە،
يېتىم، مەزلۇمە، مىسكىنلەر زۇلۇمدىن ئامان تاپسە،
ئەرەج، دىشۋار، كۆلپەتتىن قۇتۇلماققە ئامال تاپسە،
مۇللالىق تاپسە روناق، دىيانەت ھەم كامال تاپسە،
مىراد — مەقسۇد بولۇب ھاسىل جۇملە ① بولسە شادمانلىق».

شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ مۇھىم تېمىنى گەۋدە قىلغاندىن تاشقىرى يەنە ئىنسان ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشىنىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇ، كىشىلەرنى ئەخلاقلىق، پاك-دىيانەتلىك بولۇشقا، توغرا كەسىپ بىلەن ھالال تۇرمۇش قامداشقا دالالەت قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، چىن ئىنسانىي ئەخلاقنى بۇزۇۋەتكەن بولمىغۇر ئىللەتلەرنى، جەمئىيەتتىكى بەزى ناچار تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، پەسكەش قىلىقلارنى، پۇل-مالنى دەپ يولدىن ئازغۇچىلارنى جىددىي ئاگاھلاندۇرۇپ، بۇنداق ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەرنى توغرى يولغا دالالەت قىلىدۇ:

«بىر جۇۋاننى كۆردۈمكى، ساچلارى يەرگە تېگەر،
پۇل لىباسچۇن ئېسى-يادى، يىلدا تۆت ئەرگە تېگەر.
ئەقلى ھۇشىنى تاپىب، ئۇشبۇ يولدىن يانمۇسا،
قېرىغاندا ئول جۇۋانغا رەنجى ھەم خارلىق يېتەر».

موللا سەئدۇللا ئۆز مېھنىتىگە تايىنىپ ھالال تۇرمۇش كۆچۈرۈشنى ئېزىزلايدىغان، كىشىگە بېقىنىشنى ئەڭ يامان كۆرىدىغان غۇرۇرلۇق شائىر ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەربىر كىشىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئۆزىنىڭ جاپالىق مېھنەت-ئەجرىگە تايىنىپ ھالاللىق بىلەن ياشاش دېگەن ئىدىيىنى تەرغىپ قىلىپ، ئىنساننى غەم-ئەندىشىدىن، مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان، ھېچكىمگە بېقىنماي مۇستەقىل تۇرمۇش قامداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان بىردىنبىر توغرا يول — مېھنەتلىك ھالال تۇرمۇش دېگەن كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شائىر كىشىلەرنى مۇھتاجلىقتا ئۆزگىلەرگە قول سوزۇپ «گۆھەر»نى (ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى) يەرگە ئۇرماسلىققا، ھۇرۇنلۇق قىلماي ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، مېھنەت — ئەجرىگە تايىنىپ باياشات ياشاشقا، شىجائەتلىك بولۇشقا، ئۆزىنى خار قىلماي كۈچىنى خار قىلىشقا، جاپا چېكىپ يوقنى بار قىلىشقا ئۈندەيدۇ:

«ئۆزۈڭنى ئاجىز دەپ مۇھتاج بولماغىل،
كىشىگە زىنھار قولۇڭ سوزماغىل.
كۈچۈڭنىڭ بارىچە ئىشلىگىن، ئى يار،
گۆھەر قەدرىڭنى يەرگە ئۇرماغىل.

ئۆزۈڭنى ئالدىماي، ئىشىڭنى ساق قىل،
يالغاۋلۇقنى ھەم ئۆزۈڭدىن يات قىل.
ۋاقىت غەنىمەت ئالتۇندىن قىممەت،
ھالال ئەجرىڭدىن كۆڭلۈڭنى شاد قىل.

شىجائەتنى ھەردەم ئۆزۈڭگە يار قىل،
ئۆزۈڭنى خار قىلماي، كۈچۈڭنى خار قىل.
قولدەك ئىشلەپ، بەگدەك يېتىپ يە،
جەفا چەكسەڭمۇ يوقۇڭنى بار قىل».

شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك — ئۆز ئانا تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ تىلنىڭ باي، گۈزەل، نەپىس تىل ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلىشقا تىرىشىشتىن ئىبارەت. تارىخىمىزدا شۇ خىل ئەھۋالمۇ مەلۇمكى، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن رايونلارنىڭ بىرى بولغان «غەربىي دىيار» (ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ) دا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا — تىجارەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەشھۇر «يىپەك يولى»نىڭ پەيدا بولۇشى نەتىجىسىدە ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ خىرىستىيان، مانى، بۇددا ۋە ئىسلام دىنى تارقالدى. ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن سودا ئىشلىرى ۋە دىن مەدەنىيەت تارقىتىش رولىنى ئۆتىگەچكە، بۇ ئامىللار سەۋەبىدىن بۇ رايون ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى (خەنزۇ مەدەنىيىتى)، مىسوپوتامىيە مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى قاتارلىقلار ئۆزئارا ئۇچرىشىپ تەسىر كۆرسەتكەن بىر مەيدانغا ئايلىنىش بىلەن بۇ زېمىندا كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئامىلى شەكىللىنىپ، بۇ رايوندا ياشىغۇچى خەلقلەر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئۇچقاندەك راۋاجلىنىش ھالىتى روي بەردى. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى. مىلادى 10-ئەسىردە ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىدا ئومۇملىشىشقا باشلاپ، قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئەرەب تىلى ئىلىم-پەن تىلى دەپ تونۇلدى. ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار، شائىر يازغۇچىلار ئەرەب تىلىدا ئەسەر يېزىشقا باشلىدى. مۇنداق بولۇشى ئەرەب تىلىنىڭ ئىلىم-پەن تىلى ھېسابلانغانلىقىدىنلا ئەمەس، يەنە غەيرى تىلدا ئەسەر يېزىش قانداقتۇر بىر خىل ئىقتىدار، ئابروي ھېسابلانغانلىقىدىن ئىدى. مانا شۇ خىل يۈزلىنىش راسا ئەۋجىگە چىقىۋاتقان شارائىتتا بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار ئۆز ئانا تىلىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنىڭ يۈكسەك ئىناۋىتىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى ۋە ئانا تىلىدا ئەسەر يازدى. تالانتلىق ئېنسىكلوپېدىست يازغۇچى، مەشھۇر فولكلورشۇناس ۋە ئاتاقلىق تىلشۇناس ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى (تەخمىنەن مىلادى 1008-يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ، 1105-يىلى 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن) ئۆزىنىڭ دۇنياۋى مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار

دىۋانى » دا تۈركى تىلىنى (جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنى) ئۇلۇغلاپ، بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىدى ھەققىدە توختالغاندا «تۈرك تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ...»① دەپ ئىزاھلاپ ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ ئەرەب تىلىدىن ھەرگىز قېلىشمايدىغان پاساھەتلىك باي تىل ئىكەنلىكىنى شەرھىيلىگەنىدى. لېكىن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك غەيرى تىلدا ئەسەر يېزىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىرخىل ئابروي دەپ تونۇلۇپ، ئەسەرنى ئۆز ئانا تىلىدا ئەمەس، بەلكى ئەرەب ياكى پارس تىللىرىدا يېزىش مودىغا ئايلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ تۆمۈرىلەر سۇلالىسى دەۋرىدە ( 14—16-ئەسىرلەردە ) بۇخىل ئەھۋال تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يازغانلارنى ياراتمايدىغان، ئەرەب، پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىجادىيەت ھېسابلىنىدىغان ھەتتا مەسخىرە قىلىنىدىغان خاھىش شەكىللەنگەنىدى. ئۆز ئانا تىلىدىن چەتلەپ ئەرەب تىلىدا ئەسەر يېزىشقا ئادەتلەنگەنلەر ئەرەب تىلىنى ماختاپ «ئەرەبىي ھەسەلەست» (ئەرەب تىلى ھەسەلدەك تىل) دېسە، پارس تىلىدا يېزىشقا ئادەتلەنگەنلەر پارس تىلىنى «پارسىي شەكەرەست» (پارس تىلى شېكەردەك تىل) دېيىشىدىغان ئەھۋال پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا راسا ئەۋجىگە چىققان تارىخىي شارائىتتا، ئۆز ئانا تىلىغا چەكسىز مۇھەببەت باغلىغان ۋە ئۇنى قىزغىن سۆيگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر ناۋائىي ( 1441—1501 ) ئەرەب، پارس تىللىرىدا ئۆزىنىڭ غايەت يۈكسەك ئىقتىدارىنى نامايەن قىلىپلا قالماي، ئۆز ئانا تىلىدا ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، تۈركى تىللىرىنىڭ (جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ) ئاجايىپ باي، گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن ئۈستۈن تۇرسا تۇرىدىغان ئەمما ھەرگىز قېلىشمايدىغانلىقىنى نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئىسپاتلاپ «تۈركى ھۈنەرەست» (تۈركى تىللىرى ھۈنەر — سەنئەت تىلى) دەپ سۈپەتلىگەن ھەمدە ئالىم، ئەدىپ شائىرلارنىڭ ئۆز تىلىدا چۈشىنىشلىك، گۈزەل، رەڭدار ئىجاد قىلىپ، تەملىك مىۋە تەقدىم قىلىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. شېكەر بىلەن ھەسەل ھۈنەرنىڭ مەھسۇلى ئەلۋەتتە. شائىرنىڭ «تۈركى ھۈنەرەست» دەپ تەرىپلىشى «ئەرەبىي ھەسەلەست» دېگۈچىلەرنىمۇ، «پارسىي شەكەرەست» دېگۈچىلەرنىمۇ ئويغا سالماي قالمىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مانا شۇخىل تىرىشىشلار، كۆرىنەرلىك ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۆز ئانا تىلىدا ئىجاد قىلىش زۆرۈرلىكى مەسىلىسى يەنىلا تەلتۆكۈس ھەل بولماي، كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ مەلۇم دائىرىدە داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. شائىر سەئدۇللا ئانا تىلىنى كەمسىتىدىغانلاردىن نەپرەتلىنىش ھېسسىياتى بىلەن مەھمۇت قەشقىرى، ناۋائىيغا ئوخشاش سۆز ئۇستىلىرىنىڭ تەشەببۇسىنى قوللاپ ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىشنى ئەلا بىلىدۇ ھەمدە ئەرەب پارس تىللىرىدا ئەسەر يېزىشقا كۆچەيدىغانلارنى كىنايە ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ سەممى تەنقىد قىلىدۇ:

① «تۈركى تىللار دىۋانى» 1-توم 5—6-بەتلەر (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىل نەشرى).

«بۇزەماندا نەزمە ئېيتماق خوش ئەجەب مۇشكۇل ئىكەن،
فارسى، ئەرەبى تىلىدا سۆزلەيەلمەدىم چاغلاب.
تۈركى تىلىدا سەئدۇللا بىلگەنىچە سەن قىلغىن،
فارسى، ئەرەبى تىلىدا قىلغىن دەپ كىم دېدى سېنى زورلاب.»

ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ياخشى نەمۇنىلىرى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، تىلى ئاممىباپ، جانلىق، گۈزەل، چۈشىنىشلىك ھەمدە ۋەزنى يەڭگىل، شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرىيىتىدىن بەۋاستە تەم ئېلىش مۇمكىن.

دەۋرچەكلىمىسى، تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بىر قىسىم نوقسانلار مەۋجۇد. لېكىن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئاكتىپ ئامىللار شائىرنىڭ ئىجادىي مېھنىتىنى تارىخىي يۇسۇندا مەڭگۈ نۇرلاندۇرۇپ تۇرغۇسى.

1990-يىلى نويابىر، خوتەن.

( ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: شىرىپجان قاسىم )



# ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلايلى

ئۆمەرجان سەيىت
(تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، مۇدىرى)

نۆۋەتتە، مائارىپ ئىسلاھاتى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا. بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەقسەت ـ مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈش؛ يەنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، زامانىۋىلىشىشقا ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسلىقى ـ ئوقۇش تۈزۈمى، دەرسلىك، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇش ۋاستىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتقۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش، ھازىرقى مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. چۈنكى تارىخ دەرسىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەم ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاش، ئوقۇتۇش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قوللىنىدىغان ۋاستىسى، ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىش، تارىخ بىلىملىرىنى ئىگىلەش، ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، تەربىيە ئېلىش ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. تارىخ دەرسىنىڭ مەزمۇنى باي، خاس تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئۆتۈلىدىغان جۇڭگو تارىخىنى مىسالغا ئالساق، يېقىنقى ئادەمدىن ئازادلىققا قەدەر بولغان تارىخ سۆزلىنىدۇ، دەرس مەزمۇنى خەنزۇچە 300 مىڭ خەتتىن ئاشىدۇ، خاس تارىخىي شەخسلەر 700 دىن ئاشىدۇ. نۆۋەتتە ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ دەرسىنىڭ ئۆتۈلۈش ۋاقتى چەكلىك، جۇڭگو تارىخى 2 يىلدا جەمئىي 175 سائەت ئۆتۈلىدۇ، سائىتىگە 2 مىڭ خەت توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە پروگراممىدىكى ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، يەنى ـ تارىخىي بىلىم بېرىپلا قالماي، يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش زۆرۈر. بۇ بىر چوڭ زىددىيەت. شۇڭا ئىلمىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش ھەم ئىسلاھ قىلىش ـ نۆۋەتتىكى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە.

تارىخ ئوقۇتقۇچىلىرىغا مەلۇمكى، ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇشىنىڭ ئۈچ چوڭ ۋەزىپىسى بار. ئەنئەنىۋى تارىخ ئوقۇتۇشىدا ئاساسىي بىلىم بېرىش بىلەن

ئىدىيەۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا نىسبەتەن ئېتىبار بېرىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ ياخشى ئەن-
ئەنىمىز. لېكىن يېتەرسىز بولغان يېرى شۇكى - ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشكە ئېتىبار
بېرىلمەيدۇ. بىز تەشەببۇس قىلىدىغان تارىخ ئوقۇتۇشىنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلى - ھەم
ئوقۇتقۇچىنىڭ قانداق ئوقۇتۇشىنى ھەم ئوقۇغۇچىنىڭ قانداق ئۆگىنىشىنى ئۆز ئىچىگە
ئېلىشى كېرەك. چۈنكى تارىخ ئوقۇتۇش جەريانى - تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ئورتاق پائالىيىتى. ئىلھاملاندۇرۇش شەكلىدىكى ئوقۇتۇش پىرىنسىپى - ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ تارىخ ئۆگىنىشتىكى تەشەببۇسكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ. شۇڭا
ئۇ، ئىلمىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ توپ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ ھەم تارىخ
ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇشىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈز-
لەندۈرۈشنىڭ يادروسى - ئىجادكار ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.
ئىجادكار ئوقۇغۇچىلاردا بولسا، ئىجادكارلىق ئامىلى بولۇشى، ئىجادىي تەپەككۇر
قىلىش ئىقتىدارى بولۇشى لازىم. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخ ئوقۇتۇشىمىز -
بۇ خىل ئىقتىدارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىزگە ئېغىر ھالدا توسقۇنلۇق قىلماقتا.
بۇنىڭ ئىپادىلىرى مۇنۇ جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ:

1 - ئوقۇتۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى كونىچە. بىز ھازىرغىچە تۆتنى زامانىۋىلاش-
تۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىجادكار خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ تەلىپى بويىچە
تارىخ ئوقۇتۇشى ئېلىپ بارماي، بەلكى تارىخ كەسپىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ۋا-
رىسلىق قىلالايدىغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ تەلىپى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرى-
ۋاتىمىز. بۇ خىل ئىدىيىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئوقۇتقۇچىغا ئېتىبار بېرىپ ئوقۇغۇ-
چىغا سەل قاراش، بىلىمگە ئېتىبار بېرىپ، ئىقتىدارغا سەل قاراش، سۆزلەشكە ئېتىبار
بېرىپ، مۇھاكىمىگە سەل قاراش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا قاچىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ،
ئىلھاملاندۇرۇشقا سەل قاراش، ئۆگىنىۋېلىشقا ئېتىبار بېرىپ، قانداق ئۆگىنىشكە سەل قاراش...
قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلەنمەكتە.

2- دەرسلىك مەزمۇنى كونىچە. ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ دەرسلىك ماتېرى-
ياللىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلە — بىرخىللا قاراشنى تەرغىپ قىلىشتىن ئىبارەت.
ئەمەلىيەتتە تارىخشۇناسلارنىڭ بەزى تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەرگە قارىتا ئوخ-
شىمىغان قاراشلىرى ھەتتا ئىختىلاپلىرى مەۋجۇت. تارىخ دەرسلىكلىرىدە بۇ خىل ئوخ-
شىمىغان ھەر خىل قاراشلار تەرغىپ قىلىنمايدۇ. بۇمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قى-
لىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىسىز بولىۋاتىدۇ.

3 - دەرس ئۆتۈش شەكلى بىرخىللىشىپ قالغان. ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ
ئوقۇتۇشىدا ئاساسەن ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسلىك مەزمۇنىنى بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبا-
رەت بىر خىللا دەرس ئۆتۈش شەكلى قوللىنىلىپ، مۇقەددىمە دەرسى، كىتاب ئوقۇش-
قا يېتەكچىلىك قىلىش دەرسى، مۇھاكىمە قىلىش دەرسى، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش دەرسى،

تەكرارلاش دەرسى، تاپشۇرۇق دەرسى، خاتانى تۈزىتىش دەرسى، سۆھبەتلىشىش دەرسى، خۇلاسىلاش دەرسى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدە دەرس ئۆتۈشكە ئانچە ئېتىبار بېرىلمەيۋاتىدۇ. دەرس ئۆتۈش شەكلىنىڭ بىر خىللىشىپ قېلىشى ئەمەلىيەتتە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تاللاشنىڭ 3 پرىنسىپىغا يەنى: تارىخ بىلىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش قانۇنىيىتىنى ئاساس قىلىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ھەم بىلىم سەۋىيىسىنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە پايدىسىز بولىۋاتىدۇ.

4 - ئوقۇتۇش ئۇسۇلى كونىچە. ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تارىخ ئوقۇتۇشىدا كۆپىنچە دەرسخانىنى ئوقۇتقۇچىلار ئىگىلىۋېلىپ، بىرلا كىشى سۆزلەيدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن ئۆلۈك يادلايدىغان ئەھۋال ئومۇمىيۈزلۈك ئېغىر ھالدا ساقلانماقتا. ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قېرىنداش ئوتتۇرا مەكتەپلەردە سىناق قىلىپ قوللىنىۋاتقان ھەر خىل ئىلغار ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى تېخىچە ئىزچىللاشتۇرۇلمايۋاتىدۇ.

5 - ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنى ئۆلۈك. ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى تارىخ دەرس ئىمتىھانىدا ئەسلەش - يادلاش خاراكتېرىدىكى سوئاللارنىڭ سالمىقى زور بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى بەلگىلىك مەزمۇن ۋە شەكىل بويىچە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈشەنچىسىنى سىناش خاراكتېرىدىكى سوئاللارنىڭ سالمىقى ئاز بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى چەكلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى ئەنئەنىۋى تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى تۈپەيلىدىن، تارىخ ئوقۇتۇش سۈپىتى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ھەر يىلقى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا تارىخ نەتىجىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن بولۇشى بۇنىڭ ئەمەلىي بىر پاكىتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ، تەتقىقات ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ، كۆپىنچە يادلاپ ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىۋاتىدۇ. بۇنداقتا، قانداق قىلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئېھتىياجلىق ھەقىقىي ئىختىساسلىق كىشىلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرگىلى بولسۇن؟ بۇ خىل ئەھۋالنى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى بارلىق تارىخ ئوقۇتقۇچىلىرى، چوڭقۇر ئويلىنىپ، كۆرۈشكە تېگىشلىك.

ئۇنداقتا، ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇشىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسى تەلىپى نېمە؟ مېنىڭچە ئۇ مۇنداق بىر قانچە نۇقتىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك:

1 - ئوقۇغۇچىلار مەسىلە ئۈچرىتىشقا ۋە مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. بۇ دەرسلىك كىتاب ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس سۆزلىشىدىكى ساقلانغان مەسىلىلەرنى تېپىشقا ماھىر بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

2 ـ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولۇشى، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولۇشى كېرەك.

3 ـ كۆپ خىل جاۋابلار ۋە قاراشلار ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىنى ۋە تاللىشىنى بېكىتىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك.

4 ـ بار بولغان ماتېرىياللار ۋە ئۆتكەندىكى ماتېرىياللارنى يىغىپ باشتىن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تارىخىي بىلىم تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

5 ـ تارىخىي مەسىلىلەرنى تېز، چوڭقۇرلۇق بىلەن باغلاشقا، سېلىشتۇرۇشقا، يىغىنچاقلاشتۇرۇشقا ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك

يېڭى تۈزۈلگەن تارىخ ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىمۇ «ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، سېلىشتۇرۇش ۋە يىغىنچاقلاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك» دەپ تەلەپ قىلىنغان. ئەنئەنىۋى تارىخ ئوقۇتۇشى ــ بۇ خىل تەلەپلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئېغىر ھالدا توسقۇنلۇق قىلماقتا. شۇڭا بىز نۆۋەتتە ئۆزىمىزدە ساقلىنىۋاتقان ئەنئەنىۋى تارىخ ئوقۇتۇشىنىڭ ھەر خىل ئالامەتلىرىنى تۈگىتىشىمىز، تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشىمىز لازىم.

تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشتا، ئالدى بىلەن بەزى مۇجمەل تونۇشلارنى ھەل قىلىش كېرەك. مەسىلەن: بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تونۇشىچە ــ ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى تارىخ ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇسۇلى ئەمەس بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارىخ دەرسىگە قىزىقماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ قارايدۇ. بۇمۇ بىر سەۋەب، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارىخ دەرسىگە قىزىقماسلىقى ـ يەنىلا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا باغلىق مەسىلە. ئەمەلىيەتتە ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋە ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ قىزىقىشچانلىقى كۈچلۈك، شۇڭا بىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ؛ ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەتلىك ئوقۇتقۇچىدىن دەرسخانىدا مۇھاكىمە قىلىدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېرىشىنى، ئۆز ئارا مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇشىنى، چۈشەنمىگەنلىرىنى سوراشقا يول قويۇشىنى، كۆپرەك كىتاب كۆرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قىسقىسى ئۇلار بىلىم قاچىلايدىغان قاچا بولۇشىنى خالىمايدۇ. بەلكى بىلىمنى ئىگىلىگۈچى خوجايىن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بىزنىڭ ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تارىخ دەرسى كۆپىنچە دەرسلىكنى ئوقۇغۇچىلارغا قايتا شەرھىلەپ بېرىش ياكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ھامان شۇ بىر خىللا شەكىلدە دەرس سۆزلەيدۇ، ھامان سەۋەبى، جەريانى، ئاقىۋىتى، ئەھمىيىتى دېگەن مەزمۇندىلا سۆزلىگەن. يېڭى مەزمۇن ـ ئوخشىمىغان قاراشلار يوق، شۇڭا ئۆتكەن دەرس ھەم قۇرۇق ھەم ئۆلۈك بولۇپ، تەپەككۇرچانلىقى يېتەرسىز. بۇ خىل دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى ماسلاشمىغاچقا، ئۇلارنىڭ دەرستىن زېرىكىشى، قىزىقماسلىقى تۇغۇلغان گەپ. شۇڭا بىز ئوقۇغۇچىلارنى ئەنئەنىۋى تارىخ ئوقۇ-

تۇش ئۆسۈلىمىزغا ماسلىشىشنى تەلەپ قىلماستىن، بەلكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىمىزنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

مېنىڭچە، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مەركىزى ئوقۇتۇش بىلەن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقىي ئىشىنىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇشتىكى ئاساسىي گەۋدە ئىكەنلىك ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى دەرسنى «جانلاندۇرۇش» ئۈستىگە قۇيۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا ھەم ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش، سوئال سوراشىمۇ بولۇش ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب كۆرۈشى، ئۇلغۇلا قىلىشى، ئويلىنىشى ۋە پىششىقلىشىمۇ بولۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ قارىشى ۋە دەرسلىك مەزمۇنى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولۇشىغىمۇ يول قويۇش، ئالاھىدە ئىجادىي تەپەككۇر قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچراتقاندا، ۋاقتىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. قىسقىسى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىش، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى چىقىش قىلىش، 3 كە يەنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، دۇنياغا، كېلەچەككە يۈزلەندۈرۈشنى چىقىش قىلىش لازىم.

ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، مېنىڭچە مۇنداق بىر قانچە جەھەتكە ئېتىبار بېرىش كېرەك.

1 - يىغىنچاقلاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش.

يىغىنچاقلاش دېگىنىمىز — كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە قارىتا ھېسسىي بىلىشتىن ئېرىشكەن بىلىمىنى، تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، سېلىشتۇرۇش، ئابستراكتلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىچكى ئالاھىدىلىكىنى (ماھىيىتىنى) يەكۈنلەپ، ئىخچام-يىغىنچاق ھالدىكى لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇخىل جەرياندىكى قابىلىيەت سەۋىيىسى، يىغىنچاقلاش ئىقتىدارى بولىدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچىلار تارىخ ئۆگىنىشتە يىغىنچاقلاشقا ماھىر بولمىسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۆگەنگەن بىلىمى خۇددى بىر دۆۋە چېچىلاڭغۇ، ئوراپ قاچىلانمىغان مالغا ئوخشايدۇ. دېمەك يىغىنچاقلاش دېگەن دەل مۇشۇنداق چېچىلاڭغۇ بىلىمنى رەتلەپ قاچىلاشتىن ئىبارەت.

تارىخ ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىغىنچاقلاش ئىقتىدارىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟ مېنىڭچە مۇنداق 3 جەھەتكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

1) ئوقۇغۇچىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ۋە ئۆگىنىش تىزىسى يېزىشقا يېتەكلەش كېرەك.

2) ئوقۇغۇچىلارنى ئۆتۈلگەن دەرسنى يەكۈنلەشكە يېتەكلەش كېرەك.

3) ئوقۇغۇچىلارنى مەشىق قىلىشقا تەشكىللەپ، ئەمەلىي پائالىيىتىنى كۈچەيتىش لازىم. مەسىلەن: ① ئوقۇغۇچىلارنى تارىخي ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاشقا ۋە مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرى-

شەكلى تەشكىللەش؛ (2) ئوقۇغۇچىلارنى ھەرخىل گىراپىكلارنى ۋە سېلىشتۇرما جەدۋەللەرنى تولدۇرۇشقا تەشكىللەش؛ (3) دەرسلىكتىكى قىستۇرما رەسىم ۋە خەرىتىلەرنى كۆزىتىشكە تەشكىللەش لازىم.

## 2. سېلىشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش.

سېلىشتۇرۇش دېگىنىمىز — ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئورتاقلىق ۋە ئالاھىدىلىك خاراكتېرىنى ھەم ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىلىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئاكتىپ تەپەككۇر قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر ۋاستىسى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېلىشتۇرۇش ئىقتىدارىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟ مېنىڭچە مۇنداق 4 جەھەتكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1) ئوخشىمىغان تارىخىي ئوقۇملارنى سېلىشتۇرۇش؛ 2) تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىنى سېلىشتۇرغۇزۇش؛ 3) تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ پەيدا بولىشىدىكى ئوخشىمىغان سەۋەبلەرنى سېلىشتۇرغۇزۇش؛ 4) ئوقۇغۇچىلارغا تارىخىي پاكىتلار بىلەن رىياللىقنى سېلىشتۇرغۇزۇش لازىم.

## 3- تارىخ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىتىش.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارىخ ئۆگىنىشتىكى قىزغىنلىقى — ئۆگىنىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارىخ ئۆگىنىشتىكى قىزغىنلىقى قوزغالغاندىلا، ئاندىن ئوقۇغۇچىلار زېرىكمەي ئۆگىنىدۇ؛ ئۆگىنىشتىكى ئاكتىپچانلىقى ئېشىپ، ئۆزلەشتۈرۈش ئۈنۈمى ئۆسىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ دەرسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى قانداق قوزغاش كېرەك؟ مېنىڭچە مۇنداق بىر قانچە جەھەتكە دىققەت قىلىش كېرەك:

1) ئۆگىنىش مەقسىدى ھەققىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش؛ 2) مەسىلە قويۇپ دەرس سۆزلەشكە ماھىر بولۇش؛ 3) سۆز توغرا، جانلىق، ئىخچام ۋە ھېسسىياتلىق بولۇش؛ 4) كۆرسەتمىلىك قوراللاردىن كۆپرەك پايدىلىنىش؛ 5) جانلىق، كونكرېت ماتېرىياللارنى قوشۇمچە قىلىش؛ 6) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ۋاقتىدا باھا بېرىپ، ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇش؛ 7) 2- دەرسخانە پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇش؛ 8) ھەرخىل ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك. ھەرخىل ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشتا، نۆۋەتتە ئىسلاھاتتا ئوتتۇرىغا چىققان، ئىچكىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر سىناق قىلىۋاتقان ئىلغار تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدە قوللىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

تۆۋەندە مەن، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تارىخ ئوقۇتۇشىدا پايدىلىنىشى ئۈچۈن، يېقىنقى 10 يىلدىن بويانقى (1978- يىلدىن 1988- يىلغىچە) مەملىكەت بويىچە تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش ئەھۋالى ۋە ئىسلاھاتتا ئوتتۇرىغا چىققان ئىچكىرىدىكى يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

مەملىكىتىمىزدە ئون يىلدىن بۇيانقى ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش ئەھۋالىنى مۇنداق 3 باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن. بىرىنچى باسقۇچ: 1978- يىلدىن 1980- يىلغىچە. بۇ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەسلىگە كې-

لىش مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە تەتقىق قىلىنغان ئاساسىي تېما: تارىخ ئوقۇتۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى قانداق ئۆستۈرۈش كېرەك؟ دېگەندىن ئىبارەت بولدى. 1980-يىلى خېبېي ئۆلكىسىدە چاقىرىلغان ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىدا: «تارىخ دەرسىنى قانداق جانلاندۇرۇش كېرەك»، «دەرسلىك كىتابىنى قانداق تولۇق قوللىنىش كېرەك»، «دەرسلىكتىكى قىستۇرما رەسىم ۋە خەرىتىلەردىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك»، «تارىخ ئوقۇتۇشىدىكى قوش ئاساسنى قانداق تۇرغۇزۇش كېرەك» دېگەن مەسىلەر مۇزاكىرە قىلىنغان.

ئىككىنچى باسقۇچ: 1981-يىلدىن 1983-يىلغىچە. بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ باشلىنىش مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە:

1-جايلاردا «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرناللىرى نەشىر قىلىنغان. تيەنجىن سىفەن شۆيۈەنى تارىخ پاكۇلتېتىدىن خۇشىلىڭ يازغان «ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇشنى ياخشىلاش ھەققىدە بىر قانچە پىكرىلىرىم» دېگەن ماقالە ئىسلاھاتنىڭ باشلىنىش سىگنالى بولغان. بۇنىڭدا: ئالدى بىلەن ئوقۇتۇش جەھەتتىن ئويلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانداق ئۆگىنىشىدىن قول سېلىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ھالىتىدىن باشلاپ، بىلىش قانۇنىيىتى بويىچە تەتقىق قىلىپ ئىلھاملاندۇرۇش ئوقۇتۇش ۋە كۆرسەتمىلىك قوراللاردىن پايدىلىنىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشنى ھەمدە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا نەزەرىيەۋى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە دىققەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان.

2-بۇ مەزگىلدە دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ يېڭى ئىسلاھات نەتىجىلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. 1981-يىلى «خەلق گېزىتى»دە تيەنجىن سىفەن شۆيۈەندىن جۇچىڭ شاڭنىڭ «ئۇنىۋېرسال تەرتىپلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى» ئېلان قىلىندى. 1982-يىلى خاڭجۇ مائارىپ شۆيۈەندىن ماۋۋېيزېننىڭ «4 باسقۇچلۇق تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

3-بۇ مەزگىلدە مەملىكەتلىك «تارىخ ئوقۇتۇشى» ژۇرنىلىدا ياپونىيە-ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تارىخ ئوقۇتۇش ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى.

4- 1981-يىلى 7-ئايدا مەملىكەتلىك مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تارىخ ئوقۇتۇش ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھات قىلىشقا يۈزلەندى.

5- 1983-يىلى دۆلەت بايرىمىدا يولداش دېڭشياۋپىڭ: «مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈش، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش، كېلەچەككە يۈزلەندۈرۈش»نى چاقىرىق قىلىپ مائارىپ ئىسلاھاتى ئۈچۈن ستراتېگىيىلىك نىشان كۆرسىتىپ بەردى.

ئۈچىنچى باسقۇچ: 1984-يىلدىن 1988-يىلغىچە بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ جۇش-ئۇرۇپ راۋاجلانغان مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ بۇ مەز-

گىلدە: 1-مەملىكەتلىك تارىخ ئوقۇتۇش ئىلمىي جەمئىيىتى 1984-يىلى 5-ئايدا «تارىخ ئوقۇتۇشىدا 3كە يۈزلىنىشنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلەشتۈرۈش» ھەققىدە سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. 2-مەركەز 1985-يىلى 5-ئايدا «مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە قارار»ئىلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنىڭ نىشانىسى ۋە ۋەزىپىلىرى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى.

بۇ باسقۇچتىكى تەتقىق قىلىنغان ئاساسىي مەسىلىلەر:

(ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇشىدا «3كە يۈزلەندۈرۈش»نى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك؟

2) تارىخ ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى قانداق ئېچىش، ئىقتىدارىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟

3) ئوقۇغۇچىلارغا تارىخ ئوقۇتۇشىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟

4) تارىخ دەرسىنى ئوقۇتۇشتا قانداق جانلاندۇرۇش كېرەك؟

5) تارىخ ئوقۇتۇش مېتودىكىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا پسىخولوگىيە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ۋە زامانىۋى مائارىپ يېڭى نەزەرىيەلىرىنى قانداق قوللىنىش كېرەك؟ دېگەنلەردىن ئىبارەت بولدى.

مۇشۇ تەتقىقاتلارغا ئەگىشىپ، دەرسخانا ئوقۇتۇش تەرتىپى ۋە ئوقۇتۇش ۋاستىسى جەھەتلەردە ئارقا-ئارقىدىن يېڭى ئۇسۇللار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. مەسىلەن: «6خىل دەرس تۈرى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى»، «گىراپلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى» «كارتوچكا تۈزۈش ئوقۇتۇش ئۇسۇلى»، «يېتەكلەش شەكلىدىكى يەككە تېپىلىق قوش دەۋرلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى» قاتارلىقلار. ھازىر بۇ يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى ئىچكىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇشىدا سىناق قىلىپ قوللىنىپ بارغانسېرى ئومۇملاشماقتا.

ئون يىلدىن بۇيانقى (1978-1988)مائارىپ ئىسلاھاتى جەريانىدا ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مۇنداق ئىككى چوڭ تىپقا ئايرىش مۇمكىن:

بىرىنچى: دەرسخانا ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدىكى تەتقىقات.

دەرسخانا ئوقۇتۇشنىڭ تەرتىپى—ئوقۇتۇشنى ياخشىلاش، ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاشنىڭ مۇھىم مەسىلىسى. دەرسخانا ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئىسلاھ قىلىش تەتقىقاتىنى ئىككى خىل تىپقا ئايرىش مۇمكىن:

1-بىر سائەتلىك دەرسنى بىريەككە بۆلەك قىلغان ئوقۇتۇش تەرتىپى.

1) «3 باسقۇچلۇق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى»

بۇ ئۇسۇل 1981-يىلدىن باشلاپ تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان.3 باسقۇچ دېگىنىمىز-«ئوقۇش، رەتلەش،مەشىق قىلىش» دىن ئىبارەت. بۇنىڭدىكى«ئوقۇش»دېگىنىمىز-ئوقۇتقۇ-

چىنىڭ مۇھاكىمە سوئالى چىقىرىپ بېرىشى ئاساسىدا، ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك كىتابىنى كۆرۈشكە تەشكىللەش دېگەنلىكتۇر «رەتلەش» دېگىنىمىز-ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇغۇچىلار دەرسلىكنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئەستايىدىل رەتلەپ، نوقتىلارغا ئايرىپ چىقىش دېگەنلىكتۇر. «مەشىق قىلىش» دېگىنىمىز-ئوقۇغۇچىلار مەشىق قىلىش ئارقىلىق دەرسلىك مەزمۇنىدىكى ئۇقۇملارغا قارىتا چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بىلىمىنى مۇستەھكەملەش دېگەنلىكتۇر.

2) «4 باسقۇچلۇق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى»

بۇ ئۇسۇلنى 1982-يىلى، خاڭجۇ مائارىپ شۆيۈەندىن ماۋۇيزەن ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە سىناق قىلىنىپ قوللىنىلغان.

«4 باسقۇچ» دېگىنىمىز—«ئوقۇش، مۇھاكىمە قىلىش، سۆزلەش مەشىق قىلىش» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. بۇ ئۇسۇلدا: ئوقۇغۇچىلار يېڭى ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئوقۇپ چىقىدۇ؛ ئاندىن ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇھاكىمە سوئاللىرى بويىچە مۇزاكىرە قىلىدۇ؛ شۇ ئاساستا ئوقۇتقۇچى دەرسنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلار مەشىق قىلىپ بىلىمىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

3) «5 سۆزلۈك (10 خەتلىك). ئۈچ باسقۇچلۇق» ئوقۇتۇش ئۇسۇلى؛

بۇ ئۇسۇل 1982-يىلدىن كېيىن 4 باسقۇچلۇق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى سىناق قىلىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئاساسەن 4 باسقۇچلۇق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى بېيىتقان.

بىرىنچى باسقۇچ—«ئوقۇش» ۋە «سوراش»

ئىككىنچى باسقۇچ—«سۆزلەش»

ئۈچىنچى باسقۇچ—مەشىق «قىلىش» ۋە «باھالاش» دىن ئىبارەت.

بۇ 3 خىل ئۇسۇلنىڭ ئورتاق يېرى شۇكى: ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىك رولىغا ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسى گەۋدىلىك ئورنىغا ئېتىبار بېرىلگەن. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق پائالىيىتىدە ئوقۇغۇچىلار بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش شەكلى ئارقىلىق ئەقلى قابىلىيىتىنى ۋە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ.

4) «ئۇنۋېرسال تەرتىپلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى».

بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ مەركىزى ھالقىسى ئىككى نوقتا بولۇپ، بىرى دەرستىن ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلار دەرسلىك مەزمۇنىنى رەتلەش مەشىقىنى ئىشلەش، ئىككىنچىسى دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتۇشنى سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە كونترول نەزەرىيىسى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئوقۇتۇشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ئىگەللەشتىن ئىبارەت.

ئىشلەش ئۇسۇلى: ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش، كونا-يېڭى دەرسنى باغلاش، يېڭى دەرس ئۆتۈش، مەشىق ئىشلىشىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش، سوئاللارغا جاۋاب بېرىش، ئاخىرىدا دەرسنى يىغىنچاقلاپ سۆزلەپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۇنۋېرسال ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ پۈتكۈل ئوقۇتۇش جەريانىدىكى چىقىش نوقتىسى- ئوقۇغۇچى بولۇپ دەرسخانا كەيپىياتى جانلىق، ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ

ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

5) «يېتەكلەش شەكلىدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى»

بۇ خىل يېتەكلەش شەكلىدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ جەريانى- دەرس مەزمۇنىنى ئوخشىمىغان بۆلەكلەرگە بۆلۈپ،4 باسقۇچقا ئايرىپ، 4خىل دەرس تۈرىنى قوللىنىشتىن ئىبارەت.

بىرىنچىسى-ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش؛

ئىككىنچىسى-ئوقۇغۇچىلارنى سۆزلۈتىش؛

ئۈچىنچىسى-ئوقۇتقۇچى ئىخچام سۆزلەپ بېرىش؛

تۆتىنچىسى-ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىكىدىن مەشىق قىلىش؛

بۇ ئۇسۇلدا: ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشى ئاساس، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىشى ھالقا ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا مۇھىمى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئادىتىنى يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ.

6) «كارتوچكا (كاپىيەن) تۈزەش ئوقۇتۇش ئۇسۇلى»

بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا: ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش جەريانىدا دەرسلىك مەزمۇنىنى ئوقۇغۇچىلارغا تۈرلەرگە ئايرىپ كارتوچكا تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق

ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. ئۇ يېڭى دەرس ۋە تەكرارلاش دەرسى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. كارتوچكا تۈزۈپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ باسقۇچى مۇنداق: ئوقۇغۇچىلار ئالدىن دەرس تېكىستىنى ئۆگىنىش، تېزىس تۈزۈپ چىقىش، يەنى ئۇچى كارتوچكىسى تۈزۈش؛ شۇ ئاساستا دەرس تېكىستىنىڭ مەزمۇنىنى تۈرلەرگە بۆلۈپ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش، ئاخىرىدا رەسمىي كارتوچكا تۈزۈپ چىقىش،ئوقۇغۇچىلار تۈزگەن كارتوچكا توپلىمى ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدا بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى كارتوچكىلارنى تاللاپ رەتلەپ چىقىدۇ. ھەرخىل شەكىلدە سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ. كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بېرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە، كارتوچكا تۈزۈش ئەھۋالىنى باھالاپ چىقىدۇ.

بۇخىل كارتوچكا تۈزۈش ئوقۇتۇش ئۇسۇلى- ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشىنى ئاساس قىلىدۇ ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىنى، مېڭىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ بىلىمىنى يىغىنچاقلاش، تۈرلەرگە ئايرىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرىدۇ.

2- بىرقانچە سائەتلىك دەرس بىر بۆلەك قىلىنغان ئوقۇتۇش تەرتىپى؛

1) «6خىل دەرس تۈرى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى.» بۇ ئۇسۇل-«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەڭ ئەلا ئۆگىنىش ئۇسۇلى»-دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «6خىل دەرس تۈرى» دېگىنىمىز- ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش دەرسى، يېتەكلەش دەرسى، تەكرارلاش دەرسى، مەشىق دەرسى، خاتانى تۈزۈتۈش دەرسى ۋە خۇلاسىلاش دەرسىدىن ئىبارەت.بۇئۇسۇلدا: دەرس ئىچىدە «6خىل دەرس تۈرى» بىلەن دەرستىن سىرتقى «8ھالقا»نى بىرلەشتۈرۈپ ماسلاشتۇرىلىدۇ. يەنى: دەرستىن ئىلگىرىكى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش، دەرسنى زې-

ھىن قويۇپ ئاڭلاش، ۋاقتىدا دەرسنى تەكرارلاش، مۇستەقىل مەشىق ئىشلەش، چۈشەل-مىگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىۋېلىش، سىستېمىلىق كىچىك يەكۈنلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2) «يېتەكلەش شەكلىدىكى يەككە تىپلىق-قوش دەۋرلىك» ئوقۇتۇش ئۇسۇلى. بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى-ئۈچ ئاساسىي قىسىمدىن ئىبارەت: بىرىنچىسى- «يېتەكلەش شەكىللى»-ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئالدى بىلەن دەرسلىكنى ئۆزلىرى ئۆگىنىدۇ. ئىككىنچىسى — «يەككە تىپلىق»، ئوقۇتقۇچى دەرسنى باپ، پىراگراپلار بويىچە سۆزلىمەستىن بەلكى ئومۇملاشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ. ئۈچىنچىسى — «قوش دەۋرلىك»، بۇ دەرسنى تەكرار-لاشتا، باسقۇچلۇق ۋە مەۋسۇملۇق دەۋر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنى دەرسنىڭ ھەر بىر بۆلىكى ياكى باسقۇچى تۈگىگەندە بىر قېتىم تەكرارلاش مەۋسۇم ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىم ئومۇمىي تەكرارلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا، ئوقۇتقۇچى دەرسلىك مەزمۇنىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بىرقانچە بۆلەكلەرگە ئايرىپ چىقىدۇ ۋە بۆلەكلەر بويىچە ئوقۇغۇچىلار ئۆزلى-كىدىن ئۆگىنىش، ئوقۇتقۇچى يېتەكلەش، يەكۈنلەش ۋە تەكرارلاش قاتارلىقلار بىرلەش-تۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يىغىنچاقلاش ئىق-تىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئاساسىي مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئومۇمەن يۇقىرىقىلار ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا ئىچكىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە سىناق قىلىپ قوللىنىپ يەكۈنلەپ چىقىلغان بىرقىسىم ئىلغار ئوقۇ-تۇش ئۇسۇللىرىدىن ئىبارەت.

بۇ ئۇسۇللارنىڭ ئورتاق نۇقتىسى ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز مە-ججىسىنى، تىلىنى، قولىنى ئىشقا سېلىشقا يېتەكلەپ، ئۆگىنىش بىلەن تەپەككۇر قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەسىلەلەرنى ئۇچرىتىش، مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە مەسىلە ھەل قىلىشقا ماھىر قىلىپ تەربىيەلەشتىن ئىبارەت.

ھۆۋەتتە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى- ئوقۇغۇچى-لارنىڭ ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قابىلىيىتىنى ئېچىشقا نىسبەتەن يېڭى تەلەپلەرنى ئوت-تۇرىغا قويماقتا. شۇڭا ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئەمدى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس-لاشمايدىغان بولۇپ قالدى. بىرقانچە يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى — تارىخ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مۇكەممەل، تەپسىلىي، چوڭقۇر، تەلتۆكۈس بولۇشىنى قوغلىشىپ دەرس سۆزلەشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى — پەقەتلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق روھىنى بو-غىدۇ. مۇنداق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن تەربىيەلەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارى، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى كەم بولىدۇ. ئالىي مەكتەپلەرگە چىققاندىن كېيىن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش، كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش قابىلىيىتى تۆۋەن بولىدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىنەزىرى ئاجىز بولىدۇ.

شۇڭا نۆۋەتتىكى ماھارەت ئىسلاھاتىدا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە

ياخشىلاش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بىزنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تەربىيلەپ چىقىش چىقالماسلىقىمىزغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش.

1989-يىل ئۆكتەبىر

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت تۇختى ئەخمەت)

# جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا

ئۇبۇلھەسەن مىرزا

جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە ئەھمىيىتى ئۈستىدە بەزى پىشمىغان قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي. يولداشلارنىڭ تەنقىدى پىكىرلىرى بولسا بېرىشىنى قارشى ئالىمەن.

بۈگۈنكى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتى جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى ۋە يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ، ئۇ جۇڭگودا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 35 يىللىق تارىختا، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە پارلاق تەرەققىيات ئىستىقبالىغىمۇ ئىگە ئەدەبىياتتۇر.

يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتى كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مىسلىسىز زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ ئەدەبىيات ئەكس ئەتتۈرگەن ۋەقەلىكنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ مول ۋە چوڭقۇرلۇقى، سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ژانىرلىرىنىڭ كۆپخىللىقى، يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر سانىنىڭ كۆپلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە تارىختىكى ھەر قانداق دەۋرىدىكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى.

بۈگۈنكى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتى جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتى، چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار ۋە ئىجابىي ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە جارى قىلدۇرۇش ياكى ئەينەك قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، راۋاجلانغان ۋە مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان ھەم مىسلىسىز دەرىجىدە گۈللىنىپ، جۇڭگو پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق ئالتۇن دەۋرىگە قەدەم قويغان ئىنقىلابىي ئەدەبىياتتۇر. زامانىمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى كۆرەش تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى تەسۋىرلەيدىغان، كۈچلۈك دەۋر روھى، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئېسىل ئەسەرلەرنى مەيدانغا چىقىرىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپلا قالماي، دۇنيا ئىلغار جامائەتچىلىكىنىڭمۇ ياخشى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ سەنئەت گۈللىرى سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك سىياسىي ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، تەرەققىياتى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى ھەم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسى ۋە

ئەخلاقىي پەزىلىتىنى ئۈستۈرۈشتىمۇ غايەت زور تەربىيىۋى رول ئوينىدى.

ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىمۇ كۆپەيدى، يېڭى جۇڭگو يازغۇچىلىرى ئىچىدە، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان پېشقەدەم يازغۇچىلار بار. مەسىلەن: گومورو، ماۋدۇن، باجىن، لاۋشې؛ ساۋيۈ، يەشېڭتاۋ، دىڭلىڭ، بىڭشىن، ئەيچىڭ، شادىڭ، تيەنجيەن، جاۋشۇلى، جۇلىبو قاتارلىقلار؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 17 يىل ئىچىدە يېتىشكەن قاۋۇل يازغۇچىلار بار. مەسىلەن: لىياڭبىڭ، دۇپېڭچېڭ، ياڭمو، چۈيبو، لىيۇچىڭ، فېڭدېيىڭ، ياۋشۆيىن، ئۇچاڭ، لىيۇبەييۇ، جۇنچىڭ، ۋاڭيۈەنجيەن، لىجۈن، ۋېيۋېي، سۈنلى، گوشاۋچۈەن، خېجىڭجى، جۇئەرفۇ؛ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن مالاچىنفۇ، ئاۋدىشار، (مۇڭغۇل) زۇنۇن قادىر، تېيىپجان ئېلىيوپ، قاجىغۇمار قابىدان، قۇربان ئەلى ئوسپان، لىجاۋ (يى مىللىتى)، لۇدى (جۇاڭزۇ) قاتارلىقلار، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىدىيە ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، باش كۆتەرگەن ۋە يېڭىدىن يېتىشىۋاتقان ئىقتىدارلىق ياش ياغۇچىلار بار. مەسىلەن: ۋاڭمېڭ، لىيۇشاۋتاڭ. ئەيچىڭ، لىيۇبىڭيەن، روزىجۈەن، جاڭشيەنلياڭ، گاۋشياۋشېڭ، شىگرۇڭ، جۇكېچىڭ، مۇيىفىن، لىگۇۋېن، گۇخۇا، لىنلى، يەشىن، يەنگويي، شۈي شىڭيا، جيەيا، فېڭجىساۋ، لۇۋېنفۇ، سۇڭدۇيېشى، فېڭجىسەي، دېڭيۇمېي، جاڭسىيمگون، لۇيەنجۇ، جاڭكاڭكاڭ، ئۇيغۇرلاردىن: قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر، ئەخمەت تۇردى قاتارلىقلار بار. بۇلاردا ئۈمىد چوڭ. زامانىمىزدا لۇشۈندەك ئۇلۇغ ئۇستازلاردىن مەيدانغا كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان شانۇ-شەۋكەتلىك ھېكايە-رومانچىلار، شائىرلار، دىراماتۇرگلار، ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دۇنياۋى سەۋىيىگە ئىگە.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل كۈچنىڭ، بولۇپمۇ كېيىنكى ئىككى خىل كۈچنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتى تېخىمۇ كۆپ رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر بىلەن بېزەلمەكتە.

ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكى كۆپ تەرەپلىمە بولدى. بۇ ئەسەرلەردە ئومۇمەن قىلغاندا ئاز سانلىق تارىخىي ئەسەرلەردىن باشقا، دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرى ۋە سوتسىيالىزم دەۋرىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋر تۇرمۇشى يېزىلغان. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغىچە بولغان 100 نەچچە يىللىق دېموكراتىك ئىنقىلابىدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ جاپالىق قەھرىمانە كۈرەشلىرى، بولۇپمۇ ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇش كۈرىشى بۈگۈنكى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى بولدى. «قىزىل بايراق شەجەرىسى»، «قىزىل قىيا»، «ياشلىق ناخشىسى»، «لىڭزىشۇي»، «ئۈچ ئائىلىك كوچا»، «قىزىل قۇياش»، «جاۋۋۇ تۇمانلىرى»، «يەنئەن مۇداپىئەسى»، «تۆمۈر يول پارتىزانلىرى»، «پولات ئىستىھكام»، «خۇڭخۇنى قوغدىغۇچىلار»، «بوز دۆڭلۈكتىكى جەڭ» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئەنە شۇ كۈرەش تۇرمۇشى ھەرخىل شەكىللەر بىلەن ئەكس

ئەتتۈرۈلگەن. «لۇگشۇيگۇ»، «رەڭگا – رەڭ چىراق ئاستىدىكى پوست»، «ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدە قىسسە»، «شاڭخەي ئەتىگىنى»، «تېچلىق كۈنلەردە» قاتارلىقلاردا بولسا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقتىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت رېيال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

يېڭى جۇڭگونىڭ مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتى رەڭدار ۋە كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن يېزىلدى. مەيلى ھېكايە، رومان، پيېسا، سىنارىيە ئىجادىيىتى جەھەتلەردىن بولسۇن، مەيلى پوئېزىيە ياكى نەسرى ئەسەرلەر ئىجادىيىتى جەھەتلەردىن بولسۇن، گەرچە چېكىدىن ئاشقان سولچىل لۇشيەن ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئېغىر كاشىلىسىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئازاتلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ «4 كىشىلىك گۇرۇھ» بەربات قىلىنغاندىن كېيىن، گۈللىنىش شارائىتىغا ئىگە بولۇپ، مىسلىسىز مول مېۋە بېرىشكە باشلىدى، ھەممە ژانىرلارنىڭ مول-ھوسۇل ۋەزىيىتىنى ئاز گەپ بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تەس بولغىنى ئۈچۈن، پەقەت رومان، پوۋېست ئىجادىيىتى ئارقىلىق يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ نەقەدەر گۈللەنگەنلىكىنى كۆرسەتمەكچىمىز.

رومان، پوۋېست ئىجادىيىتىنىڭ نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك، لېكىن ئۇنى ئاسانلىقچە ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، روماننىڭ ھەجمى چوڭ كۆپ سىغىمچانلىققا ئىگە، ئۇنىڭدا كەڭ ھەم مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بەي كۆپ خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە زىددىيەتلەرنى ئېچىپ كۆرسىتىپ، كۆپلىگەن پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ، كەڭ تارىخىي كارتىنا ۋە كۈرەش سورۇنلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇخىل ژانىرنى يېڭى دەۋرىمىزدە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئىگەللەپ، زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ۋە قازانماقتا. مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئالدىدا رومان ئىجادىيىتىدە بىر يۇقىرى دولقۇن بارلىققا كەلگەن ئىدى. «يېڭى باتۇرلار»، «سەنلىۋەن»، «يەنئەن مۇداپىئەسى» قاتارلىق داڭدار رومانلار ئاشۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بۇ دولقۇننى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئەدەبىيات گۈلزارىنى چەيلەپ ۋەيران قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، 17 يىل ئىچىدە 100 نەچچە پارچە رومان يېزىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە رومان ئەڭ كۆپ يېزىلغان يىل – 1959 – يىل بولۇپ 32 پارچە يېزىلغان ئىدى. 1978 – يىلى 55 پارچە، 1983 – يىلى 110 پارچە رومان مەيدانغا كەلدى. 1977 – يىلدىن 1981 – يىلغىچە بولغان 5 يىل ئىچىدە 400 پارچىدىن ئارتۇق رومان يېزىلدى. 1982 – يىلدىن بېرى ھەر يىلى 100 پارچىدىن ئارتۇق رومان بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن رومانلاردىن: جۇ كېچىڭنىڭ «شۈيماۋ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى»، ياۋشۆيىننىڭ «باھادىر خان لىزىچېڭ» (2 – 3 – قىسىم)، مويىڭفېڭنىڭ «گېنېرال خىتاۋى»، لى گوۋېننىڭ «قىشتىكى باھار»، گۇخۇانىڭ «فۇرۇڭ بازىرى» قاتارلىقلار بار.

پوۋېست ئىجادىيىتىگە كەلسەك: «4 – ماي ھەرىكىتى» دىن كېيىن، يېڭى ئەدەبىيات گۈلزارىدا تۇنجى بولۇپ، «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» (1920 – يىلى) مەي-

دائىغا كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، رۇشەننىڭ «فېۋرال»، جاڭگۇاڭسىننىڭ «قىشقا ئىشتانلىقلار پارتىيەسى»، باجىننىڭ «دېڭىزنىڭ چۈشى»، دىڭلىڭنىڭ «سۇ»، جاۋشۇلىنىڭ «ليۇيۇسەينىڭ قوشاقلىرى» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە پوۋېستلار مەيدانغا كەلدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن بولسا، پوۋېست ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولغان بولسىمۇ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى 17 يىلدا يېزىلغان پوۋېست 100 پارچىگە يەتمىگەن.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى يېڭى سوتسىيالىستىك دەۋردە بولسا، پوۋېست ئىجادىيىتى مىسلىسىز گۈللىنىپ، مول مېۋە بېرىشكە باشلىدى. بۇ گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى تۆۋەندىكى مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

1977 - يىلى 12 پارچە، 1978 - يىلى 36 پارچە، 1979 - يىلى 84 پارچە، 1980 - يىلى 179 پارچە، 1981 - يىلى ۋە 1982 - يىللىرى ئىككى يىل ئىچىدە 1150 پارچە، 1983 - يىلى 800 پارچە، 84 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا 500 پارچە پوۋېست مەيدانغا كەلدى. ھازىر ھەر يىلى مەيدانغا كېلىۋاتقان پوۋېستنىڭ سانى 1949 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە بولغان 31 يىل ئىچىدە يېزىلغان پوۋېستنىڭ ئومۇمىي سانىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. بۇ نېمە دېگەن زور گۈللىنىش ـــ ھە! بۇنىڭ ئىچىدىكى ليۇشاۋتاڭ 1979 - يىلى نامى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىككى پارچە ھېكايىلار توپلىمى، 3 پارچە رومان يازغاندىن سىرت 20 نەچچە پارچە پوۋېست يازدى. ئۇ تېخىمۇ جاسارەتكە كېلىپ، 1985 - يىلدىن 1989 - يىلغىچىلىك 5 يىل ئىچىدە 4 پارچە رومان يېزىشنى پىلانلىدى.

پوۋېست ئىجادىيىتىدە «ئادەم ئوتتۇرا ياشقا بولغاندا»، «تيەنيۈنشەندىكى لەتىپە»، «جىنايەتچى لى تۇڭجۇڭنىڭ ھېكايىسى»، «قاتناش بەلگىسى بولمىغان دەريادا»، «كۆممەنەك» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇنەۋۋەر پوۋېستلار مەيدانغا كېلىپ، جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىدى.

يۇقىرىقىلارنى يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى دېمەي تۇرالمايمىز. ئۇ شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنگە يارىشا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

يېڭى جۇڭگونىڭ ئەدەبىياتىدا بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئېچىنىشلىق تەقدىر قىسمىتىنى، ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق كۈرەشلىرىنى، ھەر خىل زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى، چىقىش يولى ۋە ئېسىل ئەخلاقى پەزىلەتلىرىنى كىتابخانلارنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترەتكۈدەك قىلىپ ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، ماركسىزم - لېنىنىزملىق دۇنيا قاراش ۋە تۇرمۇش قارىشىنى ئەسەرلىرىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ يازغان.

بۇ ئەسەرلەر كىشىلەردە پرولېتارىياتچە دۇنيا قاراش ۋە توغرا تۇرمۇش كۆز قارىشىنى تىكلەشتە، جاپاغا چىداپ خەلق ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشتا، شەخسىي مەنپەئەتتىن كېچىپ، ئومۇم ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان ئالىيجاناب روھنى تىكلەشتە، ئېچىنىشلىق تەقدىرگە تەن بەرمەي، چىقىش يولى ئىزدىگەن ئىزدىنگۈچى خەلقلەرگە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئازادلىققا ئېرىشىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە زور تەربىيىۋى رولىنى جارى قىلدۇردى. جۈملىدىن «قىزىل قىيا»، «پارتىيە ئەزالىق بەدىلى» قاتارلىق سان - ساناقسىز ئەسەرلەر ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ شەخسىيىتىنى كۆزلىمەي، ئومۇم ئۈچۈنلا ياشاپ، جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان، دۈشمەننىڭ قىيىن - قىستاقلىرى، جەددى ھايات - ماماتلىق سىنىقلىرىدىمۇ ئىنقىلاب ۋە خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئەزىز جېنىنى قۇربان قىلىدىغان قەھرىمانلىقى ۋە ئوپتىمىزملىق روھىي خىسلىتىنى يارقىن تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ياشلارنى، شۇنىڭدەك كەڭ جەمئىيەتنى كوممۇنىزملىق روھتا تەربىيىلەشتە ئوبدان دەرسلىك بولۇپ قالدى. يېڭى سوتسىيالىستىك دەۋردە مەيدانغا كەلگەن «ئادەم ئوتتۇرا ياشقا بارغاندا» پوۋېستىدىمۇ، خىزمەتتە ئاكتىپ، تىرىشچان، ئۆز مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش روھىغا باي، ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىيلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقى پەزىلىتىنى تەسۋىرلەپ، ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلىپ تىكلىگەن.

يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش ۋە يېڭىلىقلار كىتابخانلارغا تونۇشلۇق بولالىغانلىقىمۇ، يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر.

يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتىدا ئالدىنقى 17 يىل ئىچىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىدا ئازادلىقتىن كېيىنكى خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى كۈرەش تۇرمۇشى يېزىلسىمۇ، كۆپچىلىكىدە يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى كۈرەش تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى. يېڭى سوتسىيالىستىك دەۋردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە كەلسەك، ئۆتمۈشتىكى كۈرەش تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرگە قارىغاندا ھازىرقى، يېڭى سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىمەيدۇ. بۇ تۇرمۇش كەڭ كىتابخانلارغا تونۇش بولغان، ئاڭلىغان ياكى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن تۇرمۇشتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى، تەھرىر دائىرىسىنىڭ كەڭ ھەم ئۆتكۈر بولۇشى سەۋەبلىك، جەمئىيەتتىكى يېڭى ئادەم، يېڭى ئىش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراش، يېڭى مۇناسىۋەت، يېڭى ئادەت، يېڭى قىياپەت، يېڭى سەۋىيەلەرنى چېلىقتۇرۇپ، رېئالىستىك مېتود بىلەن ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنى ئالغا ئىنتىلىشكە، يۇقىرى ئۆرلەشكە، ئۆزلىرىنى، جەمئىيەتنى بېيىتىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشقا ئۈندىگەن. دېمەك، يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتى، چەت ئەل ئەسەرلىرىدىنمۇ، جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەسەرلىرىدىنمۇ، ھەتتا جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىنمۇ، خەلققە، كىتابخانلارغا تونۇشلۇقتۇر. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەرلا ئەمەس، پېرسوناژلارمۇ كىتابخانلارغا يېقىن، تونۇش ۋە يېقىملىقتۇر. ئۇنى-

داق بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەينەك قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش، ئۆگىنىش ۋە تەر-بىيىلەش ئەھمىيىتىمۇ چوڭ بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتى تېخى ياش، پىششىغان بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئىرىشىپ ئۆزىنىڭ پارلاق ئالتۇن دەۋرىگە قەدەم تاشلىماقتا. ئومۇمەن قىلغاندا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدىكى يېڭى سەۋىيە، ئۇنىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەرىپىدىن نامايەن بولىدۇ.

شۇڭا ئۇ بىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ئاپىرىدە بولۇش، تەرەققىي قىلىش، تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش، يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدا بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتنى ۋە تەسىرى بار يازغۇچى ۋە ئەسەرلەر ھەم ئۇنىڭدىكى مۇھىم ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىش بىزنىڭ بىلىش دائىرىمىزنى كېڭەيتىشتە، ئالىي سەۋىيىمىزنى ۋە ئەدەبىي سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشتە، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات ئىشلىرىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشتا، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگەدۇر.

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: دوسىمىت ئىمىن راشىدىن)

# تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىكىسىغا دائىر بىر مەسىلە توغرىسىدا

ئابدۇرېشىت باھاۋۇدۇن

ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەرقانداق ئوقۇتۇش جەريانىدىكى پائالىيىتى ئومۇمەن ئېيتقاندا بىر خىل مەقسەتدارلىق پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېلىپ ئېيتايلى، ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر سائەتلىك دەرس ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان مەقسىدى ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئىچىدىكى قىيىن ۋە ئاسان نوقتىلار ھەققىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىسى، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تاللاپ ئالغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئوقۇتۇش جەريانىدا قانداق قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاش مەسىلىسى مەخسۇس نەزىرىيەۋى بىلىمىنى يەتكۈزۈش بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنى كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىشقا دىققەت قىلىش مەسىلىسى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى چوڭقۇر قېزىپ چىقىشقا كۈچ سەرىپ قىلىپ كىتاب ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا يۇكسەك دەرىجىدىكى مەقسەتدارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ مەسىلە شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ شۇ سائەتلىك دەرسىنىڭ ياخشى ئۆتۈلگەن-ئۆتۈلمىگەنلىكىگە باھا بېرىشنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

(1) تىل-ئەدەبىيات دەرسخانا ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلاردىن پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا سوئال سوراش ئىنتايىن مۇھىم ئوقۇتۇش ئۇسۇل مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سوئال سوراش ئۇسۇلى ئوقۇتۇش بىلەن ئۆگىنىش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىشقا ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۈتۈن دىققەت ئېتىبارىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيەتچانلىقىنى قوزغايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوقۇتقۇچى سوئال سوراش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، شۇ سائەتلىك دەرسنى ئۇنۇملۇك ئۆتۈشنىڭ ئۇسۇل قەدەم-باسقۇچلىرىنى تەڭشەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ-دە، ئوقۇتۇش پىلانىنى سۈپەتلىك ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئوقۇغۇچىلاردىن سوئال سوراشنىڭ ھەر تۈرلۈك ئۇسۇل ۋە شەكىللىرى بار. يەنى ئوقۇغۇچىلارنى مۇستەقىل مۇلاھىزىگە سالىدىغان سوئاللار، مەزمۇنلارنى ئارا سېلىشتۇرىدىغان پېرسوناژلار ئارا پەرق تېپىپ چىقىدىغان سوئاللار، زىددىيەت-توقۇنۇشلارنى

چەك تۇتۇپ تۇرۇپ دەرس تېكىستىنى ئىچىدىكى زىددىيەتلىك تەرەپلەرنى پاش قىلىشقا ئۈندەيدىغان سوئاللار، پەرسۇناژلار ئارا، ئابزاس، بۆلەكلەر ئارا مۇناسىۋەتلەرنى چەك تۇتۇپ تۇرۇپ تېكىستلارنىڭ ئالدى كەينىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەھلىل قىلىدىغان سوئاللار، ياخشى بىلەن يامان، چىن بىلەن ساختا، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇق سېلىشتۇرۇلغان ئەسەرلەردىكى پەرقلەندۇرۇش ئىقتىدارىنى سىنايدىغان سوئاللار، ئاساسى نەزەرىيىۋى ئۇقۇملارغا تەرىپ بېرىدىغان سوئاللار، مۇئەييەن ھۆكۈمنىڭ توغرا خاتالىقىنى ئايرىيدىغان سوئاللار، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرگە مىسال ئارقىلىق ئەتراپلىق ئانلىز يۈرگۈزۈش تەلەپ قىلىنىدىغان سوئاللار ۋاھاكازالار.... ئەمما يۇقىرىقىدەك سوئاللارنى ئۆز يولىدا تاللاش، شۇ سائەتلىك دەرسنىڭ ئوقۇتۇش تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇپ سوراش، بېرىلگەن جاۋابقا نىسبەتەن توغرا ئىنكاس بىلدۈرۈش، ئادىل نومۇر قويۇش، سوئالنىڭ تەلىپى، بېرىلگەن جاۋابنىڭ توغرا-خاتالىق دەرىجىسى ھەققىدە ئوقۇغۇچىلارغا ئىزاھات بېرىپ، زورۇر تولۇقلاش ئېلىپ بېرىشلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم مەسئۇلىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەلىق ئوقۇتقۇچىلىرى يۇقىرىقى مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلاردىن سوئال سوراشتىن بۇرۇن زورۇر تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلىشى كېرەك. مۇنداق تەييارلىق مېنىڭچە تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن ئويلىنىشقا باغلىق.

1-نىمىنى سوراش.

نىمىنى سوراش مەسىلىسى ئالدىن ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. بۇ مەسىلە مۇنداق تەرەپلەرنى: يەنى بېرىلگەن نەزەرىيىۋى بىلىمنىڭ ئۆزىنىلا سوراشمۇ ياكى تېمىدىن چەتنىگەنرەك سوئالنى سوراشمۇ، ھالقىلىق مەسىلىلەرنى سوراشمۇ ياكى ئادەتتىكى مەسىلىلەرنى سوراشمۇ، قىيىن نوقتىدىن سوراشمۇ ياكى ئاسان نوقتىدىن سوراشمۇ؟ بۇرۇنقى دەرس مەزمۇنلىرىنى مۇستەھكەملەش تەلەپ قىلىنىدىغان سوئالنى سوراشمۇ ياكى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە سوئاللارنى سوراشمۇ دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2-كىمدىن سوراش؛

دەرس ئوقۇتقۇچىسى مۇمكىن قەدەر سوئال سورايدىغان ئوقۇغۇچى ئىسمىنى دەرستىن بۇرۇن بېكىتىپ نىشانلىق ئوق ئېتىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق پىلانلىق ئىش قىلىشمۇ ماھىيەتتە بىرخىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى نىمىنى سوراش مەسىلىسى بېكىتىلگەن ئىكەن كىمدىن سوراش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. روشەنكى نىمىنى سوراش مەسىلىسى كىمدىن سوراش مەسىلىسىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، ئالاۋىلى: چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە، ئەمما جانلىق جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنىدىغان سوئاللارنى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن سوراپ، باشقا ئوقۇغۇچىلارنى قوشۇمچە قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. ئاساسلىق سوئاللار، ئۇنۋېرسال سوئاللارنى ئىلاجى بار ئوقۇغۇچى سەۋىيىسىنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە سوراش كېرەك. ئاز سانلىق ئوقۇغۇچىلار جاۋاب بېرىشكە قول

كۆتۈرگەندە، ھەم ئازسانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيەسىگە ۋاكالەتلىك قىلالايدىغان ئوقۇغۇچىدىن نوقتىلىق سوراش كېرەك. كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار قول كۆتۈرگەندە كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيەسىگە ۋاكالەتلىك قىلالايدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن تاللاپ سوراش كېرەك. ئازسانلىق ئوقۇغۇچىلار قول كۆتۈرگەندە ئوقۇتقۇچى سوبيېكتىپ قىياسقا تايىنىپ قول كۆتۈرگەنلەردىن باشقىلار جاۋاب بېرەلمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپلا قول كۆتۈرگۈزۈش ئارقىلىق جاۋاب بەرگۈچىنى بېكىتمىسە، ياكى كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار قول كۆتۈرسە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىغا بېقىپ ئادەم بېكىتمىسە بولمايدۇ. ئەكسىچە ئوقۇتقۇچى دىلىغا پۈككەن سان بىلەن ئەمەلى ئەھۋالنى ئۆز ئارا زىچ بىرلەشتۈرۈشى لازىم.

3-سوراش ئۇسۇلى:

ئىلمىي سوراش، كىمدىن سوراش مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن تەبىئىكى قانداق سوراش مەسىلىسى مەۋجۇت بولىدۇ. قانداق سوراش مەسىلىسىدە مۇنداق بىر قانچە نوقتىغا دىققەت قىلىش زۆرۈر:

1) سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولۇپ ئوقۇغۇچىلارغا بەلگىلىك مۇلاھىزە قىلىش ۋاقتى ئاجرىتىپ بېرىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى سورىلىدىغان سوئال قىسمەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئالدىن كۈتكەندەك تەبىئى تۇيۇلسا، يەنە قىسمەن ئوقۇغۇچىلارغا تاسادىپى تۇيۇلۇشى مۇقەررەر: ئوقۇتقۇچى شۇنى ئېگەللىشىكە دىققەت قىلىشى كېرەككى ئوقۇغۇچىلار ئارا سىنىپى مەيدان، دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئۆگىنىش ھەۋىسى، ئەدەبىيات-سەنئەت تەربىيلىنىشى، ھەتتا مىجەز-خۇلق جەھەتلەردە روشەن شەخسى پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق پەرقلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپماي قالمايدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرى تېز بولسا بەزىلىرىنىڭ ئاستا بولىدۇ: شۇڭلاشقا سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا ئالدىراپ سالدىراپ جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنسا قىسمەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئەقلىغە مۇۋاپىق جاۋاب ئالغىلى بولمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا مەلۇم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا بەلگىلىك مۇلاھىزە قىلىش ۋاقتى ئاجرىتىپ بېرىلسە ئالدىنقى سائەتلىك دەرسنى تەبىئى تەكرارلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. چۈنكى ئوقۇغۇچى شۇ بىر سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئالدىنقى دەرسنى قايتا ئەسكە ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

(2) سورالغان سوئال توغرا، ئوچۇق، رەت تەرتىپى ئېنىق، جاۋاب بېرىش تەلەپى ئايدىڭ بولۇشى كېرەك.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىدىن سوئال سورىغاندا ئۆز مەقسىتىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قانائەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن سورىغان سوئالنىڭ توغرا بولۇشىغا، جاۋاب بېرىش تەلىپىنىڭ ئايدىڭ بولۇشىغا، جاۋاب بېرىش رەت تەرتىپىنىڭ ئېنىق، ئوچۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇيەردىكى توغرا بولۇش، ئايدىڭ بولۇش، ئېنىق، ئوچۇق بولۇش دېگەنلەر شۇبھىسىزكى سورالغان سوئالنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشى، مۇجمەل تۇتۇق بولۇپ قېلىشى، ئۇنداق ياكى مۇنداق جاۋاب بەرسىمۇ بولىۋېرىدىغان بولۇپ قېلى-

شىغا قارىلىدۇ. مۇبادا سورالغان سوئاللار يۇقىرىقى تەلەپلەر بويىچە بولماي بىر ياغدىن بىر تاغدىن بولۇپ قالىدىكەن ئوقۇغۇچىلارنى قايمۇقتۇرۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىناۋىتىگە نوقسان يەتكۈزىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئوقۇتۇش تەلىپى ۋە مەقسىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ.

3) سورالغان سوئال مەلۇم قوزغىتىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى لازىم.

قوزغىتىش خاراكتېرىگە ئىگە سوئاللار ئارقىلىق ئوقۇغۇچى سوئالنىڭ تەلىپىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىگەللەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق سوئاللار كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىشىغا دەيدەكچىلىك قىلىشتەك پايدىلىق رولغا ئىگە. بولۇپمۇ تىل-ئەدەبىيات دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا بۇ نۇقتىغا سەل قاراشقا زادى بولمايدۇ. نەزەرىيىۋى بىلىملەردىكى ئۇقۇملارغا تەرىپ بېرىش، دەرس تېكىستلىرىدىكى ۋەقە، پېرسوناژلار، شارائىتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى تەھلىل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى سورىغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى پەرۋاز قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك قوزغىتىش خاراكتېرلىك سوئاللارنى سوراپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ دەرسكە بولغان قىزىقىش ھەۋىسىنى ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

(4) ئوقۇتقۇچى سوئال سورىغاندا ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەشكە، ئىلھاملاندۇرۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك.

سوئالنى سوراپ قويۇپ، جاۋابىنىڭ توغرا-خاتالىقىغا دىققەت قىلىپلا يېتەكلەشكە ئىلھاملاندۇرۇشقا دىققەت قىلماسلىق ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى روشەن نوقسان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (ئەلبەتتە ئىمتىھان سىناقلار بۇنىڭ سىرتىدا) ئالايلى بىر نەپەر ئوقۇغۇچى مەلۇم بىر سوئالغا نىسبەتەن تولۇق جاۋاب بېرىش تەييارلىقى بولسىمۇ نۇتۇق جەھەتتىكى قابىلىيەتسىزلىكىدىن دېمەكچى بولغان مەزمۇننى ئىپادىلىيەلمىسە قاراپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟ مېنىڭچە ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، ئازدۇر-كۆپتۇر ئىلھاملاندۇرۇپ قويۇش، ئوخشاشلا شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش ئارقىلىق كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش -يالغۇز تىل-ئەدەبىيات دەرسخانا ئوقۇتۇشىلا ئەمەس بەلكى ھەرقانداق دەرسخانا ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىقتۇر.

يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتا ئوقۇغۇچىلارنى سوئال سوراشتىن بۇرۇنقى زۆرۈر تەييارلىق باسقۇچلىرى بولۇپ ئۇلار بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالدا بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. نىشانلىق ئوق ئېتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن پەقەت مانا مۇشۇنداق پۇختا تەييارلىق قىلغاندىلا ئاندىن شۇ سائەتلىك دەرسنىڭ مەقسەت تەلىپىنى ئورۇنلىغىلى، ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئورتاق ۋەزىپىنىڭ ئەھدىسىدىن چىققىلى بولىدۇ.

(2)

تىل-ئەدەبىيات دەرسخانا ئوقۇتۇش مېتودى ئىچىدە ئوقۇغۇچىلاردىن سورالماقچى بولغان سوئاللارنى كۆزلۈل قويۇپ لايىھىلەش مەسىلىسى تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر مۇھىم تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئالدىنقى سائەتلەردە ئۆتۈلگەن باب-پاراگىراپلارنىڭ ئومۇمىي كەۋدىسىنى چىقىش نوقتىسى قىلىپ شۇ مەزمۇننىڭ ئوقۇتۇش مەقسىدى ۋە تەلىپىنى پۇختا ئىگىلەپ كۆزلۈل قويۇپ سوئال لايىھىلەش كېرەك. مەسىلەن: «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەرنى ئالايلى، بىزنىڭ شۇ ئەسەرنى ئۆتۈشىمىزدىكى ئاساسىي مەقسەت ئاQ دىن ئىبارەت تىپىك پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ئالاھىدىلىكىنى كەڭ-كۇشادە سۆزلەش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئىگىلىتىشتىن ئىبارەت. ئوقۇتقۇچى مانا شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاQ ئوبرازى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغان مۇنداق بىر قانچە سوئاللارنى لايىھىلىشى مۇمكىن: ① ئاQ نىڭ ئىنقىلابقا قاتنىشىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى نېمە؟ ② ئەگەر ئىنقىلاب غەلىبە قازانسا ئاQ نېمە قىلماقچى ۋە نېمىلەرگە ئىگە بولماقچى ئىدى؟ ③ ئىنقىلابنىڭ ئالدى-كەينىدە ئاQ ساقاللىق ۋاڭ ۋە شىياۋدى دېگەنلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولدى؟ ۋاھاكازالار... مانا مۇشۇنداق كۆپ قاتلاملىق، بىر-بىرىگە باغلانغان، ئۆز ئارا تۇتاشمىلىقى بولغان سوئاللارنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش جەريانىدا ئوقۇغۇچى ئۆز قىياسىدىكى ئاQ نى تېخىمۇ چۈشىنىدۇ. تېخىمۇ تولۇقلايدۇ. بۇ يەردىكى چۈشىنىش ۋە تولۇقلاش ماھىيەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاQ دىن ئىبارەت تىپىك پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ئالاھىدىلىكىدە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاQ ئوبرازىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ چۈشىنىشىگە قارىتىلىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق سوئاللارنى ئالدىن ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھىلىگەندە ئاندىن ئوقۇغۇچىنىڭ مۇلاھىزىسى جانلىق، ئەتراپلىق بولسا بولىدۇكى، ھەرگىز قالايمىقان بولمايدۇ. سوئال چېچىلاڭغۇ، تارقاق بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئوقۇغۇچىغا بىلدۈرمەكچى بولغان ئاساسىي مەزمۇن بىر-بىرىگە تېخىمۇ جىپسىلاشقان ۋە تېخىمۇ بېيىغان بولىدۇ.

يەنە شۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەككى، لايىھىلەنگەن سوئالنىڭ مۇشۇ بىر تەرتىپكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، سوئالنىڭ سىستېمىلىق بولۇشىغا سەل قاراشقا زادى بولمايدۇ. بۇنداق دېگەنلىكىمىز، سوئالنى ھەددىدىن زىيادە پارچە-پارچە قىلىپ تىتمەۋەتمەسلىك ھەم يەككە-يىگانە تۇمتاق ئوتتۇرىغا قويماسلىق كېرەك دېگەنلىكىمىزدۇر.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، تەھلىل قىلىشقا تېگىشلىك ئەسەرلەردىكى زىددىيەت-توقۇنۇشلارنى چىڭ تۇتۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشىنى قوزغايدىغان سوئاللارنى لايىھىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يەنە شۇ «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەرنى ئالايلى: ئاQ ئىنقىلاب قىلىمەن دەيدۇ ھەمدە ئىنقىلابقا

ھەمداشلىق قىلىدۇيۇ ياكى ئۇچۇن بەگزادەۋەخىنىملارنىڭ ئىسىل نەرسىلەرنى ئىلىشنى خىيال قىلىدۇ؟ ھەتتا شۇ نەرسىلەرنى ئۆزى تونۇشماي شەيتاۋدىغا تۇشۇتماقچى بولىدۇ؟ ئەسەردە ئاQ نى مۇشۇنداق تەسۋىرلەش توغرىمۇ يوق؟ مانا مۇشۇنداق سوئاللارنى سوراش ئارقىلىق ئەسەردىكى تۈپكى مەسىلىدىن ئوقۇغۇچىغا ئالدىن بىشارەت بېرىپ ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئەسەردىكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى بۇنداق زىددىيەتلىك تەرەپلەردىن پايدىلىنىپ، سوئال تۈزگەندە ئوقۇغۇچىلارنى ئەتراپلىق ئويلىنىشى، ئەسەر ئۈستىدە كونكرېت ئانالىز قىلىشقا يېتەكلىگىلى بولىدۇ.

دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا يەنە شەكلى ئۆزگەرگەن ئەگىتمە سوئاللارنى چىقىرىش ئارقىلىقمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىم ھەققىدىكى تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، كونكرېتنى ئەسەر تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتەرگىلى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق دېگەنلىكىمىز، چىقىرىلغان سوئال ھەر خىل بولۇشى، قىزىقارلىق ۋە يېڭى بولۇشى لازىم دېگەنلىكتۇر. بىزگە مەلۇم بىر خىل شەكىلدىن ھامان كۆپ خىل شەكىل ياخشىراق بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر خىل مەزمۇننى ھەر خىل شەكىل ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلاردىن سورىلىدىغان سوئال قىزىقارلىق ۋە يېڭى بولسا شۇ سوئال شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ تەپەككۇر جەھەتتىكى قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. مەسىلەن: ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دەرسلىكىدە تىپىك پېرسوناژنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە خېلى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى ھاللاردا بىر ئوقۇغۇچىدىن: تىپىك پېرسوناژنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق بولىدۇ؟ دېگەن سوئالنى سورىساقمۇ بولىدۇ. ئۆۋەتتى كەلكەندە بىلىنىسكىنىڭ ھەر بىر تىپ، كىتابخانلارغا نىسبەتەن قەدىناس ناتونۇشلاردۇر» دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىمىز؟ دېگەن سوئالنى سورىساقمۇ بولىدۇ. چۈنكى بىلىنىسكىنىڭ بۇ بىر جۈملە سۆزىدە تەكتىلەنگىنى يەنىلا ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تىپىك پېرسوناژ مەسىلىسىدۇر. چۈنكى كىتابخانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تىپىك پېرسوناژلار «تونۇش» تەك بىلىنىدۇ. چۈنكى ئورىيال مۇناسىۋەتلەردىكى مەلۇم ماھىيەتلىك، ئومۇملۇققا ئىگە، داۋاملىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئېچىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەردە گويا تونۇشىدىغاندەك تەسىراتنى قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىپىك پېرسوناژلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە «ناتونۇش»تۇر. چۈنكى ئۇ يازغۇچىنىڭ ئىنتىك بايقىشىغا ئاساسەن، ئىشلەنگەن بىر خىل مۇستەقىل ئىجادىيىتى بولۇپ، ئەسلى تۇرمۇشتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بولغاچقا، ئۇ كىتابخانلاردا «ناتونۇش» تەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. دېمەك، بىلىنىسكىنىڭ بۇ بىر جۈملە سۆزىدە تىپىك پېرسوناژلارنىڭ ئاساسلىق ماھىيىتى سۈرەتلەپ بېرىلگەندۇر. بۇ يەردە بىلىنىسكىنىڭ بۇ بىر جۈملە سۆزىنى توغرا تەھلىل قىلىپ چىقىش شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ تىپىك پېرسوناژنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بولغان چۈشەنـ

چىشىگە باغلىقتۇر. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ بىر جۈملە سۆزنى تەھلىل قىلىش جەريانىدا ئوقۇغۇچى تېمىك پىرسۇناژ ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا چىقىرىلغان سوئالنىڭ قىيىن ۋە ئاسان نۇقتىلىرىنى تەڭشەشمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى ئوقۇتقۇچى ئوتتۇرىغا قويغان سوئالغا ھەر قانداق ئوقۇغۇچى ئەستايىدىل كىتاب كۆرۈپ ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئەتراپلىق ئويلانماي تۇرۇپ جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئەكسىچە ھەر قانداق سوئالغا نىسبەتەن ئوقۇغۇچى جىددى ئويلىنىش، ئەسلەش ئارقىلىقلا جاۋاب بېرەلەيدۇ. مەيلى ئوڭاي سوئال بولسۇن ۋە ياكى قىيىن سوئال بولسۇن ئوقۇغۇچى بەرىبىر تەييارلىقسىز جاۋاب بېرەلىشى ناتايىن. بۇ يەردە قىيىن سوئالنىڭ ئوقۇغۇچى ئۈچۈن پايدىسىنى، ئوڭاي سوئالنىڭمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە يېتەرسىزلىكىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. سوئال قىيىن بولسا ئوقۇغۇچىلارنى كاللا ئىشلىتىپ، ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىشقا مەجبۇر قىلىشتەك ياخشى تەرىپىمۇ بار، يەنە بىر تەرەپتىن سوئال ئوڭاي بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئوقۇغۇچىلارنى ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندىمەي، بەلكى يادلىۋالغان تەرىپىنىلا دەپ بېرىپ، ئىشنى بولدى قىلىدىغان يامان ئۆگىنىش ئىستىلىغا ئادەتلەندۈرۈپ قويىدىغان تەرىپىمۇ بار.

مەسىلەن: «بەخت قىلەش» ھېكايىسىدىكى شىياڭلىن ھەدىنىڭ تىراگېدىيىلىك تەقدىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا چوڭقۇر چۈشەندۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان ھالدا ئوقۇتقۇچى مەلۇم ئوقۇغۇچىدىن: شىياڭلىن ھەدىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى سارالڭ دېيىشى بىزگە نېمىنى ئۇقتۇرىدۇ؟ ئاپتور مۇشۇنداق يېزىش ئارقىلىق باش تېمىنى ئېچىپ بېرەلەمدۇ يوق؟ دېگەن سوئالنى سورىسا، ئوقۇغۇچى بۇ سوئالغا جەزمەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ سوئالنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى نىسبەتەن چوڭ ھەم بىر قەدەر تۇمتاق ئوتتۇرىغا قويۇلغاچقا، ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ناھايىتى قىيىن تۇيۇلىدۇ - دە ئىنكاس ناھايىتى ئاجىز، جاۋاب ناھايىتى مۇجمەل بولۇپ قالىدۇ. يۇقارقى سوئالنىڭ ئورنىغا شۇ سوئالنىڭ مەقسەت تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر قانچە تارماق سوئاللار ئوتتۇرىغا قويۇلسا كېيىنكىسىنىڭ ئۈنۈمى ئالدىنقىسىنىڭ ئۈنۈمىدىن يۇقىرى بولىدۇ. مەسىلەن: ① شىياڭلىن ھەدە نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى سارالڭ دەۋالدى؟ ② نېمە ئۈچۈن ئاماۋنى بۆرە يەپ كەتكەندىن كېيىن شىياڭلىن ھەدە سارالڭ بولۇپ قالىدۇ؟ ③ ئاماۋنى بۆرە يەپ كەتمىگەن بولسا شىياڭلىن ھەدە سارالڭ بولۇپ قالاتتىمۇ يوق؟ ئۇنىڭ تەقدىرى بىر قەدەر ياخشى بولاتتىمۇ قانداق؟ مانا مۇشۇنداق بىر قانچە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان سوئاللار ئوتتۇرىغا قويۇلسا ئوقۇغۇچىلار دەرھال ئۆزلىكىدىن ئاكتىپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق شىياڭلىن ھەدىنىڭ بالىسىنى بۆرە يەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆزىنى سارالڭ دەۋالغانلىقىنى، ئەكسىچە رەھىمسىز جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنى بىر - بىرلەپ يۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بۇ جەم-

ئىيەتنىڭ بۇرۇندىن نەچچە ھەسسە ۋەھشى رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەنلىكتىن ئىبارەت مەركىزى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ شىياڭلىن ھەدىنىڭ تىرگەندىيەلىك تەقدىرىگە بولغان چۈشىنىشى تېيىزلىقتىن تىرەنلىككە تەرەققى قىلىدۇ.

دېمەك: لايىھىلەنگەن سوئالنىڭ قىيىن ۋە ئاسانلىق دەرىجىسى مۇۋاپىق تەڭشەلىپ ئىچقىلىغا مۇۋاپىق بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى نورمالنى ئۆزلەشتۈرۈشىگە پايدىلىق. ئەگەر قىيىن ۋە ئاسانلىق دەرىجىسىنىڭ قايسى بىرىگە ھەددىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ، يەنە بىرىگە سەل قارالسا ئوخشاشلا دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا كۆزلىگەندەك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

دەرسخانا ئوقۇتىشى ئارىلىقىدىكى سوئال سوراش ئۇسۇلىدا دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر مۇھىم مەسىلە سوئالنى پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارغا ئورتاق تاشلاش لازىم. سوئالنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن دەرھال جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلماي، پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى جىددى ھالەتكە سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. بۇ ۋاقىتتا ھەر بىر ئوقۇغۇچى مەندىن سوئال سورامدىكى دېگەن تەبىئى بېسىم ئارقىلىق سوئالنىڭ تەلىپى ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مۇشۇنداق جىددى ئويلىنىشقا مۇۋاپىق ۋاقىت بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئىسىم چاقىرىپ سوراش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغان ۋاقىتتا يەنە سورالغان سوئالنى ئاز سانلىق ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارغا ياكى ئاز سانلىق ناچار ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىۋالماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ئازسانلىق ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارىغۇلارچە ئۆزىنى يۇقىرى كۆرۈش كەيپىياتىنى ئۆستۈرۈپ قويۇش كېلىپ چىقىدۇ، ناچار ئوقۇغۇچى ۋە ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقى بوغۇلۇشقا ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا ئوقۇتقۇچى مۇمكىنقەدەر سوئالنى پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار ئالدىغا تاشلاپ شۇ سوئاللار ئارقىلىق ھەممە ئوقۇغۇچىنى ئۆزىگە چۈشلۇق نەپ ئالدۇرۇش مەقسەتكە يېتىش لازىم. بۇخىل سوئالنى ئومۇمى ئوقۇغۇچىلارغا ئورتاق تاشلاپ قويۇپ ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۇسۇلى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا نىسبەتەن ئىجادى رول ئىگىدۇر.

ئوقۇتقۇچى سوئال سوراشنىلا بىلىپ جاۋابىنى ئەستايىدىل تەكشۈرمەيدىغان ناچار ئىستىلىدىن خالى بولىشى لازىم. ئوقۇتقۇچى پەقەت ئوقۇغۇچىنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئەستايىدىل تەكشۈرگەندىلا ئاندىن بەرگەن جاۋابىنىڭ توغرا خاتالىق دەرىجىسى ھەققىدە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ مۇۋاپىق نومۇر بېرەلەيدۇ. جاۋابىنى ئەستايىدىل تەكشۈرمەسلىك ئوقۇغۇچىنىڭ بەرگەن جاۋابىغا نىسبەتەن خاتا ھۆكۈم قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىكنىڭ بىرخىل ئىپادىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. سوئالغا بېرىۋاتقان جاۋابىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش جەريانىدا ئوقۇتقۇچى ھەم ئوقۇغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تەرەپ مەسىلە بايقايدۇ، ئالدىنقى سائەتلىك دەرسنى تېخىمۇ تولۇقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئو-

قۇغۇچى قانچىكى ئەستايىدىل تىڭشىسا ئوقۇتقۇچىمۇ شۇنچىكى ئەستايىدىل تەپەككۇر قىلىشقا، ئانالىز قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى شۇ بىر سوئالغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر-بىرىگە دەپ بېرىپ دەرسخانىنىڭ نورمالنى ئىنتىزامىنى بۇزىدىغان يامان كەيپىياتلارنىڭمۇ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. سوئالنى سوراپ قويۇپ جاۋابىغا دىققەت قىلىنمىسا ئوقۇغۇچىلار ئوغۇرلۇقچە جاۋاب بېرىدىغان، ساختىپەزلىك قىلىدىغان يامان ئىللەتنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ. ھەتتا بۇ دەرسنىڭ ئىمتىھان-سىناقلىرىدىمۇ قورقماستىن كۆچۈرىدىغان، ھەر خىل چارىلار بىلەن ئىمتىھان، سىناققا تاقابىل تۇرىدىغان يامان ئۈگىنىش ئىستىلىكە ئادەتلىنىپ قالىدۇ.

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا دەرسخانا ئوقۇتۇشى جەريانىدىكى سوئال سوراشنىڭ بەلگىلىك ئۇسۇلى بار. ئەمما ئۇمۇمى بىردەك ئىتىراپ قىلغان، بىرلىككە كەلگەن مۇكەممەل ئەندىزىسى يوق. بۇنداق دېگەنلىكىمىز ئۆتمەكچى بولغان دەرسلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسى، بىلىم سەۋىيىسى، قاتارلىق ئەمەلىيىتىنى ئۆز-ئارا بىرلەشتۈرۈپ سوئال سوراش ئۇسۇلىنى جانلىق ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: شېرىپجان قاسىم)



# ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىم

مۇختار سوپۇرگى

ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ قوش ۋەزىپىسى — ئەدەبىيات ئاساسىي نەزەرىيەسىدىن بىلىم بېرىش، ئەدەبىيات ئاساسىي ئىقتىدار ۋە ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش، شۇنداقلا دەرس مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە بېرىشتىن ئىبارەت.

ئاساسىي نەزەرىيىۋى بىلىم بېرىش — ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، يېزىقچىلىق بىلىمى، ئەدەبىيات تارىخىي بىلىملىرى، لوگىكا بىلىمى، ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى بىلىمى ۋە ئىستىلىستىكا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش بولسا يۇقىرىقى نەزەرىيە بىلىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەرخىل ئەدەبىي ۋە سىياسىي نەزەرىيىۋى خاراكتېرلىك ماقالە، ئەسەرلەرنى ئوقۇپ تەھلىل قىلالايدىغان، بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ئادەتتىكى ماقالە-ئەسەرلەرنى يازالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە بېرىش بولسا تېكىستلەردىكى مەركىزى ئىدىيە ۋە پېرسوناژلار ئوبرازىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئوبراز ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا توغرا دۇنيا قاراش ۋە توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاقى پەزىلەت تەربىيىسى بېرىشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

يۇقىرىقى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە ئىشلارنى چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

1. ئوقۇتقۇچىلىقنى سۆيۈش ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى ئۇلۇغ كەسپ؛ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەمگىكى كونارماس مەزمۇنغا ئىگە. ئەپسۇسكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە ئوقۇتقۇچىلار جەمئىيەتتىكى ئەڭ تۆۋەن ئادەملەرگە ئايلىنىپ ئۆزىگە مۇناسىپ كەلمىگەن ھاقارەتلەرگە يولۇقتى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىر قىسىم كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىقنى تۆۋەن كۆرىدۇ. «باي بولغىلى بولمايدىغان، نان تەگمەيدىغان ھۈنەر» دەپ قارايدۇ. بۇنداق بىمەنە گەپ-سۆز ۋە قاراشلارنىڭ تەسىرىدە ياش ئوقۇغۇچىلاردا بۇ كەسپنى قىزغىن سۆيمەسلىك ياكى بۇنى ھەرەپلىك ئەمگەكنى كىشىگە ياخشىلىق قىلغىلى بولمايدىغان ئىش دەپ ياراتماسلىق ئىدىيىسىمۇ يوق ئەمەس.

بۇ خىل ئىدىيەۋى كەيپىياتلارغا بېرىلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنىڭ ئۆلمەس كەسپلىكى، بۇ كەسپنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنى ياراتقۇچى كەسپ ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىزچىل تەربىيە بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى ئەخلاقىدىن كونكرېت ساۋاقلارنى بېرىپ قانداق قىلغاندا ئۇنتۇلماس، ھەقىقىي ھۆرمەت ئىگىسى بولغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيىشى، كەسپىگە چوڭقۇر ئەقىدە باغلاپ ئادەم تەربىيەلەشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي بۇرچى دەپ تونۇشى لازىم. بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس، يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەنمىگەن سوئاللىرىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىش، تاپشۇرۇق-ماقالىلىرىنى قېتىرقىنىپ تەكشۈرۈپ ئېرىنمەي ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى ھەقىقىي ئۇستازلىق مېھرى بىلەن ئاسرىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي ھۆرمەتكە مۇناسىپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ چىققىلى بولىدۇ.

2. ئوقۇتۇشنى تېرىشىپ تەتقىق قىلىشى ۋە كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش لازىم.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى، ئوتتۇرا مەكتەپ باشقا پەنلىرىنى ياخشى ئوقۇتۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى.

ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېڭىلىنىشلار بولغاندىن باشقا، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان سەلبىي تەرەپلەرمۇ مەۋجۇت.

مەسىلەن: بېرەر تېكىستنى تەھلىل قىلىپ دەرس ئۆتكەندە پەقەت شۇ تېكىستتىكى ئالغا سۈرۈلگەن تۈپكى ئىدىيەۋى قاراشنى قىسقا بىر ئابزاسقا يىغىنچاقلاپ بېرىپلا كۇپايىلىنىپ ئۇنىڭ يېزىلىش جەھەتتىكى ۋە باشقا سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىشكە تېگىشلىك نۇقتىلارنى تاشلاپ كېتىش، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر دائىرىسى ۋە ئەتراپلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ جانلىق ئۆگىنىشنى بوغۇپ، ئۇلارنى يادىكەش بولۇپ قېلىپ ماھارەت يېتىلدۈرەلمەيدىغان يامان ئاقىۋەتكە قالدۇرىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە ھەر قايسى يىللىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ھەرخىل نەزەرىيە بىلىمى كىرگۈزۈلگەن. ئوقۇتقۇچى بۇ نەزەرىيە بىلىملىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى ئەتراپلىق قوراللاندۇرۇشتا كىتابتا (دەرسلىكتە) بېرىلگەن ئۈلگىلىك تېكىستلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىيە بىلىمىنى مۇستەھكەملىشى لازىم.

مەسىلەن: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ 3-قىسىم كىتابىدا دەسلەپ ماۋزېدۇڭنىڭ «ئۆگىنىشىمىزنى ئۆزگەرتەيلى» دېگەن مۇھاكىمە ماقالىسى بېرىلگەن. ئارقىدىنلا «دەلىللەشنىڭ ئۇسۇللىرى» دېگەن تېمىدا ئەدەبىي بىلىم بېرىلگەن. ئوقۇتقۇچى «ئۆگىنىشىمىزنى ئۆزگەرتەيلى» دېگەن تېكىستنى تەھلىل قىلىپ دەرس ئۆتكەندە، ئەسەرنى ئابزاس، بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان نوقتىئى نەزەرنى چۈشەندۈرۈش بىلەن چەكلەنسە مانا بۇ دەرس ئۈنۈملۈك دەرس بولا-

ماستىن مەقسەت تەلەپ تولۇق ئورۇنلانمىغان دەرس بولىدۇ. بۇ تېكىستنى سۆزلەپ چۈشەندۈرگەندە ئالدى بىلەن ئەسەردىكى نوقتىلىق نەزەرنى ئوقۇغۇچىلارغا ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش. ئاندىن مۇھاكىمە ماقالىلەردە نوقتىلىق نەزەرنى قايىل قىلىش كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يەنە قانداق ئامىللار بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئاخىر بۇ نوقتىلىق نەزەرنى قانداق ئىسپاتلىغان؟ ئىسپاتلاش ئۈچۈن قانداق دەلىللەرنى كەلتۈرگەن؟ ئەسەردىكى قايسى جايدا ئىستىلىق ئىسپاتلاش ئۇسۇلى قوللانغان؟ قايسى جايدا ئىنكاس ئىسپاتلاش ئۇسۇلى قوللانغان؟ ئىملەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ئۈچچىكە ئايرىپ تۇرۇپ سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ مۇھاكىمە ماقالىسى ۋە دەلىللەشنىڭ ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ئوقۇغۇچىلارغا بىر قەدەر سىستېمىلىق بىلىم بېرىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلار تېكىستنى ئوقۇپ چۈشەنگەندىن كېيىن مۇھاكىمە ماقالىلەردە نوقتىلىق نەزەر قانداق بولىدىغانلىقى، ئۇ نوقتىلىق نەزەرنى قانداق دەلىللىگەنلىكى، قانداق ئىسپاتلىغانلىقى توغرىسىدا جانلىق بىلىمگە ئىگە بولالايدۇ. بۇ بىر نوقتىنى ياخشى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنى باشتىن ئاياق ئۆزى سۆزلەپ چىقسا بۇنىڭ ئۈنۈمى ئانچە يۇقىرى بولمايدۇ، دەرس ۋاقتىدا ھەم ئوقۇتقۇچى ئۆزى تۈزۈۋالغان كانسېپىك ئاساسىدا ئەتراپلىق لېكسىيە قىلىشى ھەم ئوقۇغۇچىلارنى پىكىر يۈرگۈزۈشكە قوزغىشى لازىم.

بۇ يەردە پەقەت تېكىستنى ئالدىنقى سانەتتىكى ئەدەبىي بىلىمنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلدۇرۇپ، مەزمۇن جەھەتتىكى نوقتىلارنى تاشلاپ كېتىشكە ياكى ئانچىكى سۆزلەپ قويۇپلا باشقا نوقتىغا كۆچۈپ كەتسە بولامدۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلسا يەنە توغرا بولمايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ قوش ۋەزىپىسىنىڭ بىرسى — ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى-سىياسىي جەھەتتە تەربىيە بېرىشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات دەرسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە بېرىش، مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي دەرس ئارقىلىق بېرىلىدىغان ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە بىلەن روشەن ھالدا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەدەبىيات دەرسى ئارقىلىق ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە بېرىش، ئەسەر مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئوبرازلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بىز ئەسەردىكى مەركىزى ئىدىيەنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى، ئەمگەك ۋە ئەمگەكچىنى سۆيۈش تەربىيەسى بېرەلەيمىز. ئەسەردىكى ئىجابىي پېرسوناژلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ ياشاش، كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، سەممىي راستچىل پەزىلىتى، شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى توغرا دۇنيا قارىشى توغرىلىق ئەتراپلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرۈش يولى بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەيمىز. سەلبىي پېرسوناژلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ساختىلىق، يامان نىيەتلىك، ئاچكۆزلۈك، شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ كىشىنى قانداق يامان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىدىن ئىبارەت داۋلىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ،

ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشىدا يامان ئىشلاردىن يىرگىنىدىغان، ياخشى ئىشلارغا قىزىقىدىغان، ئەسكى ئادەملەرگە نەپرەتلىنىپ، ياخشى ئادەملەرگە ھەمداشلىق قىلىدىغان ئىدىيەنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ئارقىلىق يېتىدىغان مەقسەت زادى نېمە؟

ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ئارقىلىق يېتىدىغان مەقسەت — ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىيات ئاساسىدىن دەسلەپكى قەدەمدە بىلىم بېرىش ۋە ئەدەبىيات ئاساسىي ئىقتىدار ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش. ئاساسىي نەزەرىيە بىلىم بېرىش بولسا — ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، يېزىقچىلىق، لوگىكا، ئەدەبىيات تارىخى، ئىستىلىستىكا، ئۇيغۇر تىلى... قاتارلىقلاردىن ئوقۇغۇچىلارغا نەزەرىيە بىلىم بېرىشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئەدەبىيات ئاساسىي ئىقتىدار، ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش بولسا — ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلگەن ئاساسىي نەزەرىيەگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش، سۆزلەش، چۈشىنىش، تەھلىل قىلىش ۋە يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

قانداق قىلغاندا بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى دەرسخانا ئوقۇتۇشى بىلەن دەرستىن سىرتقى ئەمەلىي مەشىقنى چىڭ تۇتۇشى ۋە بۇ ئىككىسىنى ئۆز ئارا زىچ بىرلەشتۈرۈشى لازىم.

دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا تۆۋەندىكى 3 نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم.

1. دەرسخ ئوقۇتۇشىدا ئاساسىي بىلىم بېرىشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ئاساسىي بىلىم دېگەندە ئوقۇملارنىڭ مەنىسىنى تولۇق يېشىپ چۈشەندۈرۈش لازىم. ئەگەر بۇنوقتا ئېنىق چۈشەندۈرۈلمىسە ئاساسىي نەزەرىيەنى چۈشەندۈرۈشتە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ.

2. ئاساسىي نەزەرىيە ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ئەگەر ئاساسىي بىلىم بېرىش چىڭ تۇتۇلۇپ ئۇ، ئاساسىي نەزەرىيە دائىرىسىدە چۈشەندۈرۈلمىسە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي بىلىمگە بولغان تونۇشى تار دائىرىلىك ۋە يۈزەكى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئاساسىي نەزەرىيەلا سۆزلىنىپ ئاساسىي بىلىم بېرىلمىسە ياكى ئوقۇملار ئېنىق ئىزاھلانمىسا ئۇ ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەنى چۈشىنىشى قىيىنلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى چۈشىنىپ جانلىق ئۆگىنىشى يېتەرلىك بولمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ، دەرسنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى تېيىز بولۇپ قالىدۇ. دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا بۇ ئىككىسىنى ھەم پەرقلەندۈرۈپ ئۆتۈشى ھەم ئۆز ئارا باغلاپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىيە بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى لازىم

3. ئاساسىي ئىقتىدار ۋە ماھارەتنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ئاساسىي ئىقتىدار ۋە ماھارەت دېگىنىمىزدە — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەن ئاساسىي بىلىم ۋە ئاساسىي نەزەرىيە چۈشەنچىسىنى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش داۋامىدا ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭدىن ئەمەلىيەت داۋامىدا پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتىمىز. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي بىلىم ۋە ئاساسىي نەزەرىيە چۈشەنچىسىنى ئەمەلىي ئىقتىدار — ماھارەتكە كۆتۈرۈش مەسىلىسى ئوقۇتۇشتىكى ئەڭ ئاساسىي ھالقا. شۇڭا بۇ ھالقىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش

لازىم. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچى دەرس مەزمۇنىغا ماس بولغان ئەمەلىي مىسالنى كۆپلەپ ئىلىشى ۋە ئۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشۈنۈشلۈك قىلىپ ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بېرىش لازىم.

يەنە بىر تەرەپتىن دەرستىن سىرتتىكى ئەمەلىي مەشىقنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش پائالىيىتىگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ مەقسەت - تەلىپىنى تولۇق ئورۇنلىغىلى بولىدۇ.

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىن راشىدىن.)



# جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكى ھەققىدە بەزى ئىزدىنىشلىرىم

ئەنۋەر مەتروزى

مەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى» دەرسىنى بىر نەچچە يىل ئۆتۈش داۋامىدا، جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكى ھەققىدىكى كونا چۈشەنچىنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا، بەكمۇ چوڭقۇر بولۇپ كېتەلمىگەنلىكىنى، دۇچ كەلگەن بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەر ئارقىلىق ھېس قىلدىم. شۇڭلاشقا، مۇشۇ جەھەتتىكى ئۆزەمنىڭ چۈشەنچىلىرىنى كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

ھەممىگە مەلۇم، جۈملىدە ئىگىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى، ھالىتىنى، خۇسۇسىيىتىنى ئۇنىڭ كىم ياكى نېمە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدىغان جۈملە بۆلىكى خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ. (نەشىر قىلىنغان ھەر خىل دەرسلىكلەردە شۇنداق ئېلىنغان) ھازىرغىچە جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈملىرى باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، مىقدار سۆز ۋە پېئىللاردىن ئىبارەت دەپ قارالغان. بۇ كۆز قاراشنى تۆۋەندە كەسپداشلارغا بىر قىسىم مىساللار ئارقىلىق شەرھلەپ ئۆتمەكچىمەن:

1) ئوقۇغۇچىلار باغقا كۆچەت تىكتى. (ئابدىكېرىم باقى. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى» مىللەتلەر نەشرىياتى. 83 ـ يىل 12 ئاي) دېگەن مىسالدىكى «تىكتى» دېگەن بۇ پېئىل. «نېمە قىلدى» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ، ئىگىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى بىلدۈرگەن ھەم جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەن.

2) تىل ــ كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا پىكىرلىشىش، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىش ۋاسىتىسى. (تۇردى ئەخمەت «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ نەشرىياتى. 1981 ـ يىل.) دېگەن بۇ مىسالدىكى «ۋاسىتە» دېگەن ئىسىم. «نېمىسى» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ، جۈملە ئىگىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

3) ياخشى ئىش بىلەن ياخشى. (ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1986 ـ يىل.) دېگەن بۇ مىسالدىكى «ياخشى» دېگەن جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن سۈپەت «قانداق» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ، ئىگىسىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن.

4) تېپىلمىقىنىڭ تەرەپدارلىرى كۆپ. (ئابدىكېرىم باقى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى») دېگەن بۇ مىسالدىكى مىقدار سۆز «كۆپ»، «قانچىلىك» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ، شۇ جۈملىنىڭ ئىگىسىنىڭ سان جەھەتتىكى مىقدارىنى كۆرسىتىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا سان، ئالماشلارمۇ جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ ۋە

تەشكىللىگۈچىلىك رول ئوينايدۇ. بۇ جەھەتتە مۇنۇلارنىلا توختالساق كۇپايە.

دېمەك، يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن ئىبارەت بۇ بۆلىكى جۈملىنىڭ (نەسرى يول بىلەن تۈزۈلگەن) ئاخىرىدا كېلىپ، شۇ جۈملىدە تەشكىللىگۈچىلىك رول ئوينايدۇ. خەۋەرنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، ئۇ پۈتۈن جۈملىدىكى ئىگىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ياكى ئۇنىڭ كىم، نېمە ئىكەنلىكىنى، يەنە ئۇنىڭ قانداق، قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئورۇن جەھەتتىن سۈرۈشتۈرگەندە ئۇ جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ھازىرقى ماتېرىياللىرىمىزدا كۆرسىتىلىۋاتقان نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت.

ئەمدى ھازىر بىز تىلىمىزنىڭ گىراماتىكىسىدىن ئىبارەت بۇ پەن تەتقىق قىلىنىپ، مۇكەممەللىشىۋاتقان بىر شارائىتتا، جۈملىنىڭ باش بۆلىكى بولغان خەۋەرنى يەنىمۇ ئىنچىكە، ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، تۆۋەندىكىدەك يېڭى ئەمەلىيەتنى ئۇچرىتىمىز.

خەۋەر جۈملىدىكى ئىگىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى، ئۇنىڭ كىم، نېمە ئىكەنلىكىنى، قانداق، قانچە، قايسى ئىكەنلىكىنىلا كۆرسىتىپلا قالماستىن؛ بەلكى شۇ جۈملە ئىگىسىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى، كىمدە ئىكەنلىكىنى، كىمدىن، نېمىدىن ئىكەنلىكىنى، نېمىدە ئىكەنلىكىنى، نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى بىزگە مەلۇم بولۇپ قالدى. مەسىلەن: «ئاۋۇ كۆرۈنگەن ئۆي بىزنىڭ» دېگەن مىسالدىكى «بىزنىڭ» دېگەن بۆلەك جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، «ئۆي» دېگەن ئىگىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، مۇشۇ جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

«مېنىڭ ئاخشام يۈتتۈرۈپ قويغان قەلىمىم چوقۇم داۋۇتتا» دېگەن بۇ جۈملىنى ئالساق «داۋۇتتا» دېگەن بۇ بۆلەك يۇقىرىقى جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، «قەلىمىم» دېگەن شۇ ئىگىنىڭ بار بولغان ئورنىنى بىلدۈرگەن. شۇنداقلا مۇشۇ جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كەلگەن. «بىزنىڭ سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى خوتەندىن» بۇ جۈملىنى ئالساق، جۈملىدىكى «خوتەندىن» دېگەن بۇ بۆلەك يۇقىرىقى جۈملىدە خەۋەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، جۈملىدىكى «كۆپ قىسمى» دېگەن ئىگىنىڭ چىققان ئورنىنى كۆرسىتىپ كەلگەن. «مېنىڭ ئائىلەم ئاقسۇدا» دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملىدىكى «ئاقسۇدا» دېگەن بۆلەك «ئائىلەم» دېگەن ئىگىنىڭ ئورنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

«ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا لاياقەتسىز بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب — دەرسلەرنى ياخشى ئۆگەنمىگەنلىكىدە» دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملىدە «ئۆگەنمىگەنلىكىدە» دېگەن بۆلەك خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كېلىپ، «سەۋەب» دېگەن ئىگىنىڭ نېمە سەۋەبتىن بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلىپ ئۆتكەن مىساللاردىكى «جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكى» دەپ ئالغان بۆلەكلىرىمىز ئىگىلىك كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش قاتارلىق كېلىشلەر

بىلەن تۈرلەنگەن، قارىماققا ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى، ھالەت قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كەلگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە «خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى قانداق جايدا بولىدۇ» دېگەن نۇقتىنى تۇتقا قىلىپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى، ھالەت قاتارلىق بۆلەكلەردىن روشەن ھالدا پەرق قىلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا مىسال قىلىپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن جۈملىلەردىكى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكى بولۇپ كەلگەن «بىزنىڭ»، «سىزنىڭمۇ»، «ئاقۇدا»، «ئۆگەنگەنلىكىدە»، «داۋۇتتا»، «يەردە» دېگەن سۆزلەر ئەگەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلمەي ھەم پىكىرنىڭ تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرمەي، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا بۆلەكلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، شۇلارغا بېقىنىپ كەلسە، ئۇلار ئەگەشمە بۆلەكلىك ۋەزىپىسىنى يەنى ئېنىقلىغۇچى، ھالەت، تولدۇرغۇچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: «بىزنىڭ ئۆي ئەنە ئاۋۇ» دېگەن جۈملىدىكى «بىزنىڭ» دېگەن بۆلەك «ئۆي» دېگەن ئىگىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، شۇ جۈملىنىڭ ئىگىسىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ كەلگەن. ھەمدە ئەگەشمە بۆلەك ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن. «سىزنىڭمۇ مۇنداق كىتابىڭىز بار ئىكەن – ھە؟» دېگەن جۈملىدىكى «سىزنىڭمۇ» دېگەن بۆلەك «مۇنداق كىتابىڭىز» دېگەن بۆلەكنىڭ تەۋەلىكىنى ئېنىقلاپ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن. «بىزنىڭ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار كورلىدىن، ئاقسۇدىن، خوتەندىن كەلگەن» دېگەن جۈملىدىكى «كورلىدىن، ئاقسۇدىن، خوتەندىن» دېگەن بۆلەكلەر ئۆزىنى باشقۇرۇپ كەلگەن پېئىلدىن تۈزۈلگەن «كەلگەن» دېگەن خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئىش – ھەرىكەتنىڭ چىقىش ئورنىنى بىلدۈرۈپ، شۇ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن. «ئاقسۇدا مېنىڭ ئاتا – ئانام بار» دېگەن جۈملىدىكى «ئاقسۇدا» دېگەن بۆلەك جۈملىنىڭ خەۋىرى «بار» دېگەن باش بۆلەكنىڭ ئالدىدا كېلىپ، باش بۆلەككە بېقىنىپ جۈملىدە ئەگەشمە بۆلەك، ھالەت بولۇپ كەلگەن.

«تىرىشىپ ئۆگەنگەندە ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولغىلى بولىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «ئۆگەنگەندە» دېگەن ئەگەشمە بۆلەك جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكى بولۇپ كەلگەن «بولغىلى بولىدۇ» دېگەن باش بۆلەكتىن ئاڭلىتىلغان ئىش – ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىش – ئاشماسلىقى ھەققىدىكى سەۋەبنى بىلدۈرۈپ ھالەت بولۇپ كەلگەن. «داۋۇتتا مېنىڭ قەلىمىم بار»، «بۇ يەردە بىز دەم ئالىمىز» دېگەن يۇقىرىقى ئىككى مىسالنىڭ 1 – جۈملىسىدە «داۋۇتتا» دېگەن بۆلەك باش بۆلەك، ئىگىگە ئەگىشىپ، ئىگىدىن ئاڭلىتىلغان نەرسىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ، جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن. ئىككىنچى جۈملىدىكى «يەردە» دېگەن بۆلەك «ئالىمىز» دېگەن باش بۆلەك خەۋەرگە ئەگىشىپ، جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن ئوقۇلغان ئىش – ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى بىلدۈرۈپ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن.

يۇقىرىدا بىز كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ جۈملىدە ئىگەللىگەن ئورنىنى ھەم بىلدۈرگەن مەنىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن

سۆزلەر بىلەن باشقا ئەگەشمە بۆلەك ۋەزىپىسىدە كەلگەن سۆزلەرنىڭ يىغىندىسىدەك ئۆزىگە خاس روشەن خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن بىر - بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى سۆزلەر كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، جۈملىنى تەشكىللىگۈچىلىك رول ئويناپ، پىكىرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلسە، ئۇنى چوقۇم «جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكى» دەپ تەھلىل قىلىش كېرەك. شۇنداقلا جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكىگە بېرىلگەن تەبىرنى تولۇقلاپ، «جۈملىدە ئىگىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى، ئۇنىڭ كىم، نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ۋە كىمدە، نەدە، نەدىن، ئىش - ھەرىكەتنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، جۈملىدە تەشكىللىگۈچىلىك رول ئوينايدىغان باش بۆلەك خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ تەبىر بېرىش لازىم.

86 - يىل 6 - ئاي

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مامۇت سايىت)

# ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى بىلەن پاكۇلتېتلاردىكى ماتېرىيال بۆلۈملىرىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

مەتتوختى ئەخمەت

ھەممىگە مەلۇمكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ، ئىنپورماتسىيە دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ھەرمىللەت ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان، سوتسىيالىستىك پەن مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىدىغان، ئىجتىمائىي گۈزەل ئەخلاقنى تەشۋىق قىلىدىغان مۇھىم ئورۇن بولۇپ قالماستىن بەلكى كىتابىي بىلىملەرنى ئالماشتۇرىدىغان، تونۇشتۇرىدىغان، ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇستەھكەم مەدەنىيەت ئىستىھكامىغا ئايلانماقتا .

يولداش جۇلىن مۇنداق دەيدۇ: «كىتاب، ماتېرىيال ئاخبارات خىزمىتى — ئالىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق شەرتلەرنىڭ بىرسى. مۇبادا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، تەتقىقات خىزمىتىنى ھەقىقىي ئىزغا چۈشۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇھالدا كىتاب، ماتېرىيال، ئاخبارات ئىشىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى جەزمەن ھېس قىلىشىمىز كېرەك. ئوقۇتۇش، تەتقىقات خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ياخشى يولغا قويغان مەكتەپ كىتاب، ماتېرىيال، ئاخبارات خىزمىتىنى ھامان مۇھىم ئارقا تېرەك قىلىۋالىدۇ.» («تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ئالىي مەكتەپلەر كۇتۇپخانىلىرىنى ياخشى قۇرۇپ چىقايلى »).

ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى «مەكتەپ-كىتاب، ماتېرىيال ئاخبارات خىزمىتىنىڭ مەركىزى①،» ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرگە، ھەرقايسى پاكۇلتېتلارنىڭ كىتاب، ماتېرىيال، ئاخبارات توپلاش، رەتلەش، باشقۇرۇش، يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە يېقىندىن ياردەملىشىدۇ. مەكتەپنىڭ پۈتكۈل ماتېرىيال، ئاخبارات خىزمىتى كۇتۇپخانا بىلەن پاكۇلتېت ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ تىرىشچانلىقى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. ئەمما بۇ ھەر ئىككى ئورۇننىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى، خىزمەت مەزمۇنى ئۆزگىچە بولىدۇ.

1. رەھبەرلىك ئاپپارات قۇرۇلۇشى مەسىلىسى

مەكتەپ كۇتۇپخانىسى بىلەن پاكۇلتېتلاردىكى ماتېرىيال بۆلۈملىرىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مەكتەپ مۇدىرى، كۇتۇپخانا مەسئۇلى،

① — «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى خىزمەت تىياۋلىيسى»

پاكۇلتېتلاردىكى ماتېرىيال بۆلۈم ۋەكىللىرى، خوجىلىق باشقارمىسى ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان رەھبەرلىك ئاپپاراتى تەشكىللىنىشى كېرەك. بۇ رەھبەرلىك ئورگانى قەرەللىك يىغىن ئېچىپ ئوقۇتۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەر، كۇتۇپخانا ۋە ماتېرىيال بۆلۈم ئىشلەشكە تېگىشلىك بەزى قاتار خىزمەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تەھلىل ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىم. بۇ مەكتىپىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ.

2-باشقۇرۇش تەۋەلىك مەسىلىسى

ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ ئاساسلىق مۇلازىمەت ئوبيېكتى — ئوقۇتقۇچى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي مەكتەپلەر كۇتۇپخانىلىرىنىڭ خىزمەت تىياۋلىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى — شۇ خىل كەسىپكە ئائىت بولغان كىتاب، ژۇرناللارنى ساقلاش ۋە ئارىيەت بېرىش، مۇھىم كەسپىي ماتېرىياللىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، شۇ ئاساستا ئاخبارات، مۇلازىمەت ئىشىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت.» ماتېرىيال بۆلۈم دائىرە جەھەتتىن كىچىك، كەسپىي قاراتمىلىقى كۈچلۈك، كەسپىي ماتېرىياللار نىسپىي ھالدا مەركەزلەشكەن، كىتابخانىلار ئۈچۈن كۆپ قولايلىق، ماتېرىيالچىكىنىڭ ماتېرىياللارنى رەتلەش، تەرتىپكە سېلىشىمۇ ئاسان. كىتابخانىلار دائىرىسى ئىنتايىن تار، كىتابخانىلارنىڭ كۆپۈنچىسى شۇ كەسپىي ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشىنىڭ بىرىنچى سەپىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار بولغاچقا، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدۇ، شۇنداقلا قېرىنداش فاكۇلتېتلاردىكى ماتېرىيال بۆلۈملەر بىلەن ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشقىمۇ بەك ئەپلىك. ماتېرىيال بۆلۈم ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىدا رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. ئۇنداقتا ماتېرىيال بۆلۈمنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى قانداق بولۇش كېرەك؟ مېنىڭچە بولغاندا ھەرقايسى فاكۇلتېتلاردىكى ماتېرىيال بۆلۈم خادىملىرىنى مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىن كەسپىي جەھەتتە باشقۇرۇش، مەمۇرى جەھەتتە فاكۇلتېتلار ئۆزلىرى باشقۇرغان تۈزۈك. مەكتەپ كۇتۇپخانىسى ئۇلارنى باشقۇرغاندا زۆرۈر بولغان كىتاب، گېزىت ژۇرنال بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا كۇتۇپخانا ئىلمى ساۋادىنى چىقىرىشقا، ئوقۇتقۇچىلارغا ھەققىي يوسۇندا خىزمەت قىلىشقا يېتەكلەش لازىم. بولۇپمۇ ئوقۇتۇشتىكى مەسىلىلەر، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى قاتارلىق ئىشلارنى بىجىرەلەيدىغان ماھارىتىنى تىرىلدۇرۇشكە ياردەم قىلىش كېرەك. چۈنكى فاكۇلتېت ئاساسى قاتلام ئوقۇتۇش ئورنى، بىرىنچى سەپ، بۇيەردە يولۇققان مەسىلىلەر بىۋاستە ھالدا ئوقۇتۇشقا چېتىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ياردەمچى ۋاستىسى بولغان ماتېرىيال بۆلۈمنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

3-ماتېرىيال بۆلۈم خادىملىرىنىڭ ساپاسى

فاكۇلتېت ماتېرىيال بۆلۈملىرى خادىملىرىنى مەمۇرى جەھەتتىن فاكۇلتېت باشقۇرسىمۇ كەسپىي جەھەتتىن بىرتۇتاش باشقۇرۇلۇشى كېرەك. چۈنكى فاكۇلتېت ماتېرىيال بۆلۈملىرى «كىتاب ساقلاپ بېرىدىغان ئامبار» ئەمەس ياكى بولمىسا پاسسىپ ھالدىكى ئارىيەت بېرىش ئورنى ئەمەس، بەلكى ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلىدى-

غان، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇستازھەمياردەمچى بولالايدىغان، يولۇققان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلەيدىغان، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى تېپىپ بېرەلەيدىغان ئورۇن بولۇشى كېرەك. ئۇنداق ئىكەن، ماتېرىيال بۆلۈم خادىملىرى قەرەللىك ھالدا كۇتۇپخانا كەسپى ئۆگىنىشلىرىگە قاتنىشىپ، مەخسۇس تېمىدىكى كاتولوگ، ماتېرىيال ئىسمى كاپىيەنى، گېزىت ژورناللاردىن تېرمىلەر كاتولىگى، ماتېرىيال مەجمۇئەسى، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى، ئوقۇتۇش پىروگىراممىلىرى قاتارلىقلارنى ھازىرلاش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىمكانىيەت يار بەرگەندە كۇتۇپخانا بىرقىسىم كىتاب، گېزىت، ژورنال توپلاملىرىنى قاتلاپ ئارىيەت بېرىپ تۇرۇشى لازىم. شۇنىڭدەك، ماتېرىيال بۆلۈمىگە 4 ئاساسى پىرىنسىپتا چىڭ تۇرالايدىغان، كەسپى قابىلىيىتى يۇقىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولالايدىغان يولداشلارنى قويۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بىرىنچى سەپ مەخسۇس دائىرىدىكى كۇتۇپخانىنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ.

4ـ كەسپى خىزمەتلەرنى قەرەللىك ھالدا تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك.

يىلدا 4 قېتىم كۇتۇپخانا ۋە ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بويىچە تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك: 1ـ سىياسى ئەھمىيەت تەشۋىقاتى 2ـ كىتاب ژورنال تەشۋىقات خىزمىتى. 3ـ ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئوينىغان رولى 4ـ دائىملىق خىزمەت مۆلچەر ۋە پىلانى 5ـ سېتىۋېلىش خىزمىتى 6ـ كەسپى خىراجەت مەسىلىسى، 7ـ خادىملارنىڭ كەسپى ساپاسى 8ـ ئاممىنىڭ ئىنكاس، تەلەپلىرى. يۇقارقى نوقتىلار بويىچە مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ ياخشى تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بىرتەرەپ قىلىش، كۇتۇپخانا ۋە ماتېرىيال بۆلۈم خىزمەت سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمى ۋە كۇتۇپخانا خىزمەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىسى ئىنتايىن كۆپ.

5ـ قەرەللىك ھالدا مەخسۇس تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلەش يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش مەسىلىسى

كۇتۇپخانا ـ ئىنسانىيەت بىلىملىرىنىڭ خەزىنىسى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ بىلىمگە باي مەكتىۋى. قەرەللىك ھالدا مەخسۇس تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلەش ئاساسەن پەن ئۇچۇرلىرىنى ئالماشتۇرۇش، بىلىم تارقىتىش، ھەممە كىشىنى ۋەتەن خەلقى ئۈچۈن پەنگە يۈرۈش قىلىدىغان روھتا تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇخىل پائالىيەت كىتاب ـ ژورنال كۆرۈشكە قارىغاندا جانلىق ھەم قىزغىن بولىدۇ. كىتابخانىلار قوشۇنىنى كۆپەيتكىلى، تەڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئوقۇغۇچىلارنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا دەسمايە توپلاشقا ئۈندىگىلى بولىدۇ. بۇ كۇتۇپخانا ھەم ماتېرىيال بۆلۈملىرى ئۈچۈن ئەڭ جانلىق ئىلمى پائالىيەتتۇر.

دۇنيادىكى ھەرقانداق كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت ئالدى بىلەن كۇتۇپخانىدىن باشلانغانلىقىنى ھەممە كىشى ئېتىراپ قىلىدۇ. كوپېرنىك، گالىلى، فارابى، ئەبۇئىبنى سىنا، مەھمۇت قەشقەرى قاتارلىق ئۇلۇغ زاتلار، بۈيۈك بولۇغالار ئۆز ئىشلىرىنى كۇتۇپخانىلاردىن

باشلىغانلىقى ھەقىقەتكە ئايلانغان.

مەخسۇس تېمىدىكى ئىلمىي لېكسىيەلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشىدا پىروفېسسور، دوتسېنت، ماگىستىر، دوكتور، بىر قىسىم تەجرىبىلىك لېكتور ۋە جەمئىيەتتىكى دانىشمەنلەرنى ئايرىم، مەخسۇس سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىش كېرەك. مەخسۇس تېمىدا ئىلمىي لېكسىيە ئۇيۇشتۇرغاندا، سىياسىيلىككە ۋە ئىلمىيلىككە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىشىمىز، زۆرۈر تېپىلغاندا پاكۇلتېتلاردىكى ماتېرىيال بۆلۈملەر باشچىلىقىدا دائىرىسى كىچىك مەخسۇس تېمىدىكى ئىلمىي لېكسىيەلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشىمىز لازىم. كۇتۇپخانىلار مەيلى چوڭ ياكى كىچىك كۇتۇپخانا بولسۇن مەخسۇس تېمىدىكى ئىلمىي لېكسىيە سۆزلەش كەم بولسا بولمايدۇ. بۇ، كۇتۇپخانىچىلىقتىكى ئاساسلىق خىزمەت.

6-كىتابخانىلار ئۈچۈن قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش كېرەك.

مەيلى كۇتۇپخانا ياكى فاكۇلتېت ماتېرىيال بۆلۈملىرى بولسۇن كىتابخانىلار خىزمىتىنى قېتىرقىنىپ ئىشلىشى كېرەك. بۇيەردىكى مەسىلە-كىتابخانىلار پسىخىكىنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت. بۇ-خىزمەتنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئەپچىل يولى. كىتابخانىلارنىڭ نېمىنى ئوقۇشنى خالايدۇ، نېمىنى ئويلايدۇ، نېمىدىن بىزار بولماقتا دېگەندەك مەسىلىلەرنى بىر-بىرلەپ تەتقىق قىلىش كېرەك. ئالايلۇق، ياشلار، ياشانغانلار، ئەرلەر ئاياللارنىڭ كىتاب ژۇرنال كۆرۈش ئادىتى، ھەۋىسى، ئېھتىياجى ئوخشاش بولمايدۇ. يەنە ئالايلى، ماتېماتىكا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئەدەبىي ژۇرنال-گېزىتلار ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، خىمىيە كەسپىنى ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلار گۈزەل — سەنئەت رەسىمگە قىزىقىدىغان ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ، ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ كىتابخانىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ ھەرخىللىقى ئەنە شۇنداق ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەيلى كۇتۇپخانا ياكى ماتېرىيال بۆلۈم خادىمى بولسۇن كىتابخانىلار پسىخىكىسىنى ئىگىلەپ تۇرمىسا بولمايدۇ. كۇتۇپخانىچىلىق ئادەتتە مەقسەتلىك، نىشانلىق، دائىرىلىك بولغاچقا، كىتابخانىلارنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقى، نېمىگە قىزىقىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ چۈشىنىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، كىتاب ژۇرناللارنى ئارىيەتكە چىقىرىش، كىتاب-ژۇرناللار سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلاردا بۇخىل ئەھۋالنى نەزەردىن يىراقلاشتۇرماسلىق كېرەك.

7-ماتېرىيال بۆلۈملەر پائالىيەت خىراجىتى مەسىلىسى

ماتېرىيال بۆلۈم-كەسپىي ئايرىملىقى روشەن، دائىرىسى تار بولغان ئاساسىي قاتلام كۇتۇپخانىسى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بىۋاسىتە ھالدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتېرىيال بۆلۈملىرىنىڭ پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇش كېرەك. بۇيەردىكى ئاساسلىق مەسىلە-خىراجەتنىڭ يېتىشمەسلىكى. ھازىر ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە مۇنداق ئويلاۋاتىمەن: 1)مەكتەپ كۇتۇپخانىسى

بىر قىسىم دەرسلىك، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى، ژۇرناللارنى قاتلاپ ماتېرىيال بۆلۈملىرىگە ئارىيەت بېرىپ تۇرۇپ ماتېرىيال مەنبە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش. 2) مۇبادا ئىقتىسادى شارائىت يار بەرسە مەلۇم ساندا مەبلەغ ئاجرىتىپ ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ مۇقىم مۈلكى شەكلىنى ھاسىل قىلىش، 3) ماتېرىيال بۆلۈملەر جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، بىر قىسىم قىممەتلىك ھەم ئېھتىياجلىق بولغان كىتاب، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ ئېھتىياجلىق بولغان ئورۇنلارنى تەمىنلەش ئاساسىدا ئايلانما مەبلەغ توپلاش. 4) ئىقتىيارى، ئاڭلىق ھالدا ئىئانە توپلاش ئاساسىدا مەبلەغ يىغىش قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە بولامدۇ - يوق، يولداشلار ئويلۇشۇپ كۆرسە بولىدۇ.

8-ماتېرىيال بۆلۈملەرنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىلىرى

ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ماتېرىيال بۆلۈم شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان، بىرىنچىدىن كىتاب ماتېرىيالى يوق؛ ئىككىنچىدىن كىتابخانىسى يوق، ئۈچىنچىدىن خىراجىتى يوق، تۆتىنچىدىن ئىگىسى يوق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. بەزى ماتېرىيال بۆلۈملىرى مەجلىس ئاچىدىغان ئورۇنغا، ئامبارغا ئايلىنىپ قالغان، بەزى ماتېرىيال بۆلۈملىرىدىكى ئەسلىدىكى ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى يوقاپ كەتكەن، ھەرقايسى پاكۇلتېتلاردىكى ماتېرىيال بۆلۈملەر ھازىر ئاساسى جەھەتتىن پالەچ ھالەتتە تۇرماقتا. بۇخىل ئەھۋالنى تۈزىتىش ئۈچۈن ماتېرىيال بۆلۈملىرىنى تەرتىپكە سالماي بولمايدۇ. ماتېرىيال بۆلۈملىرىنى قانداق تەرتىپكە سېلىش كېرەك؟

1-ماتېرىيال بۆلۈم خادىملىرى قوشۇنىنى سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك.

ماتېرىيال بۆلۈمىگە سىياسىي ئىدىيىۋى ئەھۋالى ياخشى، ئاممىۋى ئاساسى ياخشى دوتسېنت ياكى تەجرىبىلىك لېكتورلاردىن قويۇش لازىم. بۇ ئىنتايىن ھالقىلىق مەسىلە.

2-ماتېرىيال بۆلۈملەر مۈلۈكىنى ئېنىقلاپ چىقىش بىلەن بىرگە كەم بولغان بۇيۇملارنى تولۇقلاپ بېرىش كېرەك. مەسىلەن: كىتاب جازىسى، پارتا، ئورۇندۇق قاتارلىقلار.

3-مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بۆلۈمى، كۇتۇپخانا، ماتېرىيال بۆلۈملەر بىرلىكتە پىلان تۈزۈپ كىتاب، ماتېرىياللارنى تولۇقلاش تەدبىرىنى مۇزاكىرە قىلىش لازىم.

4-ماتېرىيال بۆلۈم خادىملىرىنى قەرەللىك ھالدا مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ تەربىيىلىشىگە ھاۋالە قىلىش لازىم.

5-قەرەللىك ھالدا كۆپ تەرەپلىمە خادىملار قاتناشقان سېلىشتۇرۇپ باھالاش، تەقدىرلەش ۋە تەنقىدلەش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش كېرەك.

6-پاكۇلتېت رەھبەرلىكىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈملەرگە بولغان ھىمداشلىق ۋە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

9-ئاخىرقى سۆز

ئومۇمەن، كۇتۇپخانا بىلەن پاكۇلتېتلار ماتېرىيال بۆلۈملىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولىدۇ. ماتېرىيال بۆلۈملىرىنىڭ خىزمىتى ياخشى بولسا، كۇتۇپخانىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ. كۇتۇپخانا خىزمىتى ياخشى بولسا، ماتېرىيال بۆلۈم خىزمەتلىرى جانـ

لىنىدۇ. پاكولتېت ماتېرىيال بۆلۈملىرىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ھازىرقى شەرت-شارائىتتىن پايدىلىنىپ، تىرىشچانلىق ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىش كېرەك. ماتېرىيال بۆلۈملىرىنى جانسىز، ئامبارغا ئوخشاپ قالغان ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش نۆۋەتتە مۇھىم ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۆزى بىۋاستە تۇتۇپ ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلىدىغان بۇ مۇھىم ئورۇننىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: شېرىپجان قاسىم)



# تەسىرات ۋە يېزىقچىلىق

ئابدۇللا سۇلايمان

يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا، ئاۋۋال باش تېمىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. باش تېمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولسا، ئاپتورنىڭ باش تېما ھەققىدىكى ئىچكى پائالىيەت جەريانىدۇر. بۇ — باش تېما ئۆز ئىچىگە ئالغان تاشقى دۇنيادىكى تۈرلۈك شەيئىلەرنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان ماس ھالەتتىكى روھىي پائالىيەت بولۇپ، ئۇ ھېسسىي بىلىش ۋە ئەقلىي بىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن سۈزۈۋېلىنغان ئۇچۇر، شۇنداقلا ھېسسىيات بىلەن ئاسسىملاتسىيەلىشىش جەريانىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئەقلىي ئىدراكتۇر.

بىز ئالدى بىلەن ئىدراك ھەققىدە قىسقىچە توختىلايلى: ھەممىگە مەلۇمكى، ئوبيېكتىپ شەيئىلەر خىلمۇ-خىل بولىدۇ. ئىدراك قىلىنىدىغان ئاز ساندىكى شەيئىلەرنى، كۆز ئالدىمىزدىكى نۇرغۇن شەيئىلەر ئىچىدىن ئايرىۋېلىشىمىزغا، يەنى ئىدراك قىلىنىدىغان ئوبيېكتنى تاللىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئوبيېكتنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ناھايىتى ئېنىق ئىدراك قىلالايمىز. باشقا شەيئىلەر بولسا ئەنە شۇ ئوبيېكتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدۇ. ئىدراكتا ئوبيېكت بىلەن ئارقا كۆرۈنۈش ئۆز ئارا ئالمىشىشى مۇمكىن، مەسىلەن: ئوقۇتقۇچى دوسكىغا خەت يازغاندا، دوسكىدىكى خەتلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدراك قىلىنىدىغان ئوبيېكتى بولىدۇ. دوسكىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تامغا چاپلانغان خەت ۋە باشقا بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى ئارقا كۆرۈنۈش بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئوقۇتقۇچى خەرىتىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرگەن چاغدا، خەرىتە ئىدراك قىلىنىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ، دوسكا ۋە باشقا بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى ئارقا كۆرۈنۈشتىن بولۇپ قالىدۇ.

تاشقى تەسىر قىلغۇچى شەيئىلەر ئادەمنىڭ سەزگۈر ئەزالىرىغا تەسىر قىلغان چاغدا بۇ شەيئىلەر ئادەم مېڭىسىدە ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. بۇنى كونكرېت ئېيتساق نۇر ئادەم كۆزىگە چۈشكەندە ئادەم رەڭ ياكى يورۇقلۇقنى كۆرىدۇ: ئاۋاز دولقۇنى ئادەمنىڭ قۇلىقىغا تەسىر قىلغاندا ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. جىسىم بەدىنىگە تەككەندە، ئادەمگە ئىسسىق ياكى سوغۇق سېزىلىدۇ. يورۇقلۇق، ئاۋاز، ئىسسىق ۋە سوغۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تاشقى شەيئىلەردە بولىدىغان ئۆزىگە خاس ئايرىم ئالاھىدىلىكلەردۇر. بىز ھامان شەيئىلەرنىڭ ھەرخىل ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ، سېزىپ ئىدراك قىلىمىز. دېمەك: تاشقى شەيئىلەر ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلغان چاغدا، مېڭىدە بۇ خىل شەيئىلەرگە نىسبەتەن پەيدا بولغان مۇكەممەل ئىنكاس ئىدراكتۇر. بىز ئادەتتە ئېيتىپ يۈرىدىغان «كۆرۈش»، «ئاڭلاش»، «پۇراش»، «سىلاش» دېگەنگە ئوخشاش سۆز-

لەرنىڭ ھەممىسى، ئومۇمەن، نىسبەتەن مۇرەككەپ بولغان ئىدراك ھېسابلىنىدۇ. ئىدراك سەزگۈ ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان سەزگۈلەرنىڭ ئاددىيلا يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى ھەرخىل سەزگۈلەرنىڭ ئورگانىك ھالدىكى بىرىكمىسىدۇر. سەزگۈ بىلەن ئىدراك كىشىلەرنىڭ بارلىق بىلىملىرىنىڭ مەنبەسى، ئۇ ئەمەلى پائالىيەت داۋامىدا شەكىللىنىدۇ. ئەمەلى پائالىيەتتىن ئايرىلغان، ھەر تەرەپتىن قايتا-قايتا ئىسپات قىلىنمىغان ھالدا، ھەرقانداق شەيئىنى مۇكەممەل سېزىپ ئىدراك قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئالايلى: تۇغما قارىغۇ كىشىنىڭ كۆزى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ئېچىلغاندىن كېيىن دەسلەپتىلا ئۇ بېيكىتىپ شەيئىلەرنى مۇكەممەل ئىدراك قىلالمايدۇ. ئۇ جىسىملارنىڭ شەكلى، يىراق-يېقىنلىقىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمەيدۇ ۋە جىسىملارنىڭ ناملىرىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدە دۇنيا گويا گۇگۇم ھالىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ، باشقا كىشىلەرنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ياردىمى بىلەن بەزى جىسىملارنى كۆپ قېتىم كۆردى، بۇ جىسىملار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشقاندىلا، ئاندىن شەيئىلەرنىڭ پۈتۈن ئوبرازىنى بىلەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ناملىرىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، يۇقىرىدىكىلەردىن قارىغاندا يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدە ئاپتورنىڭ تەسىراتى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. چىمۋەر ئايالمۇ گۈرۈچ، گۆش، ياغ، سەۋزە قاتارلىقلار بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئوخشۇتۇپ پولو ئېتەشكە ئامالسىز قالغىنىدەك، يازغۇچى ئەگەر تۇرمۇشتىن ھەقىقى تەسىراتقا ئىگە بولمىغاندا ۋە بۇ تەسىراتلار ئاساسىدا ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈرمىگەندە يارامىلىق ئەسەر يازالمايدۇ. بۇنىڭدىن بىز تەسىراتنىڭ باش تېمىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئالدىنقى ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

تەسىرات يېزىقچىلىق ماتېرىياللىرىنى توپلاشنىڭ مۇھىم يولى ئىكەن، ئۇنداقتا روھى پائالىيەت ھېسابلىنىدىغان بۇ تەسىرات ئىچكى جەھەتتە يەنە چوڭقۇرلۇق، كۈچلۈكلۈك ۋە نازۇكلۇقتىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامغا بۆلىنىدۇ، بۇ ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل روھى قاتلام بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، شۇنداق ئۈچ قاتلاملىق روھى گەۋدە بولغاندىلا ئاپتور تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ مول يېزىقچىلىق ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولالايدۇ، تەسىراتنىڭ كۈچلۈكلىكىنى تەكىتلەش يېزىقچىلىق ماتېرىياللىرىنى توپلاشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىسا، تەسىراتنىڭ چوڭقۇرلىقىنى تەكىتلەش ئاپتورنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تۇرمۇشنى سۆيۈشىنى، ئاددى تۇرمۇش شارائىتىدا تۇرۇپ، ئۆزىگە ھەقىقى ھالدا تەسىر قىلغان خاتىرىلەر، ۋەقەلەر ۋە باشقا ئىنكاسلارنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ، تەسىراتنىڭ نازۇكلۇقىنى ئاپتورنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرىنى ئۆزى ئىپادىلەپ بەرمەكچى بولغان مەزمۇنغا ياكى پېرسوناژلىرىغا ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: لېۋ تولستوي «ئاننا كارېنىنا» رومانىدا لېۋىن بىلەن كىتىنىڭ مۇھەببىتىنى شۇنداق ماھىرلىق ۋە خاسلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەنكى، ئىككىيلەننىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى، پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى لوگىكىلىق ئاساستا ناھايىتى نازۇك ۋە تەبىئى ئىپادىلەنگەن، ئەمەلىيەتتە بۇ دەل تولستوينىڭ ھەقىقى مۇھەببەت تەسىراتى بو-

لۇپ، ئۇنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشىدىن ئىبارەت. بۇنداق نەپىس ۋە تەبىئىي ئىپادىلەش دەل تەسىراتنىڭ رولىدۇر.

پسىخولوگلارنىڭ كۆرسىتىشىچە تەسىراتنىڭ فىزىئولوگىك مېخانىزمى — ئالىي نېرۋا پائالىيەتلىرىنىڭ ۋاقىتلىق باغلىنىشىنىڭ شەكىللىنىشى، ساقلىنىشى ۋە ئەسلىگە كېلىشىدىن ئىبارەت. ھەرخىل ئۆز ئارا باغلانغان تەسىر قىلغۇچى نەرسىلەر چوڭ مېڭە پوستىدا ۋاقىتلىق باغلىنىش ھاسىل قىلىدۇ، ۋاقىتلىق باغلىنىش مېڭىدە بەلگىلىك ئىز قالدۇرىدۇ. كېيىن مەلۇم بىر تەسىر قىلغۇچى نەرسە كۆرۈنگەن چاغدا، بالدۇر قالغان ئىز ھەرىكەتكە كېلىپ ۋاقىتلىق باغلىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ چاغدا بىزنىڭ ئېسىمىزدا ئىلگىرى بېشىمىزدىن كۆچۈرگەن ئىشلار بارلىققا كېلىدۇ. بۇلارنى مىسال ئارقىلىق مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: بىز بىر كۇپلېت شېئىرنى يادقا ئوقىغاندا، شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسى ۋە ھەربىر سۆز بىزنىڭ تەھلىل قىلىش ئەزايىمىزغا ئارقىمۇ-ئارقا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىز بۇ شېئىرنى «كۇپلېتىنى»دائىم تەكرارلاپ تۇرغانلىقىمىزدىن، چوڭ مېڭە پوستىدا ۋاقىتلىق باغلىنىش پەيدا قىلىدۇ ھەمدە مېڭىمىزدە ئىز قالدۇرىدۇ، تەكرارلاش قېتىمى قانچە كۆپ بولسا، ۋاقىتلىق باغلىنىشتىن قالغان ئىز شۇنچە مۇستەھكەم بولىدۇ ۋە ئۇزاققىچە داۋام قىلىدۇ. كېيىن بىز مۇشۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنى ياكى ئايرىم مىسرالىرىنى كۆرگەن چېغىمىزدا، ئۆگىنىپ ئۆتكەن شېئىر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز ياكى بۇ شېئىرنىڭ باشقا كۇپلېتلىرىنى ئېسىمىزگە ئالىمىز.

ئەمدى يېزىقچىلىق ھەۋىسى بىلەن تەسىراتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلايلى: تەسىرات يېزىقچىلىق ھەۋىسىنى قوزغاشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ، يېزىقچىلىق ھەۋىسى — ئاپتورنىڭ تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئارزۇسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئارزۇ ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنداقتا يېزىقچىلىق ھەۋىسىنى قوزغىغۇچى تەسىرات ئامىللىرى قايسىلار؟

1) ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىش بىۋاسىتە ھالدا يېزىقچىلىق ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. باشتا تەھلىل قىلىنغاندەك تەسىراتنىڭ پەيدا بولۇشى بىر جەرياندىن ئىبارەت. بۇ جەريان ھېسسىي بىلىش ۋە ئەقلىي بىلىش ۋە ھېسسىيات قاتارلىقلارنىڭ بىرگەۋدىگە ئايلىنىش جەريانىدۇر. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزاسىغا بولغان ئىنكاسىنى ھېسسىي بىلىش دېگىنىمىزدە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىگە بولغان بىر پۈتۈن ئىنكاسىنى ئەقلىي بىلىش دەيمىز. ئەقلىي بىلىش تۈرلۈك ھېسسىي بىلىش ئاساسىدا بولىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ھېسسىي بىلىشنىڭ يىغىندىسى ئەمەس. بۇيەردە ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىشنىڭ بىۋاسىتە ھالدا يېزىقچىلىق ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ئامىل ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى مىسال ئارقىلىق تېخىمۇ كونكرېت چۈشەنگىلى بولىدۇ. لۇشۈن ئەينى يىللاردا قىزىل ئارمىيىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە نۇرغۇن ۋەقەلىكلەرنى ئاڭلىغان. ئۇرۇش بازىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەيدىغان خەۋەرلەرنىمۇ توپلىغان ھەمدە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قوراللىق ئۇرۇشىغا ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، لۇشۈندە ئۇرۇش ھەق-

قىدە ئەسەر يېزىش ھەۋىسى قوزغالغان. ئۇنىڭ سوۋېت يازغۇچىسى سېرافىموۋىچنىڭ «تۆمۈر ئېقىم» ناملىق رومانىدەك بىر ئەسەر يازغۇسى كەلگەن. بۇلار ئەلۋەتتە لۇشۇن ئەپەندىدىكى ھېسسىي بىلىش ماتېرىياللىرى ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇرۇش بازىلىرىغا بارمىغانلىقى ئۈچۈن، قىزىل ئارمىيىنىڭ تۇرمۇشىنى بىلمەيتتى. گەرچە ھېسسىي بىلىش ئارقىلىق قوزغالغان ھەۋەس بولسىمۇ ئۇنى ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىگە كۆتەرمىگەنلىكى ياكى ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش شارائىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەققىدىكى ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن يەڭگىللىك بىلەن قەلەم تەۋرەتمىگەن.

2) ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىرات پارتلاش خاراكتېرلىك يېزىقچىلىق ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىش بىۋاسىتە ھالدا يېزىقچىلىق ھەۋىسىنى قوزغىمىغاندىن باشقا يەنە ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىرات خۇددى يانار تاغقا ئوخشاش ئىچ-ئىچىدىن پارتلاپ يېزىقچىلىق ھەۋىسىنى قوزغايدۇ.

گومورو ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى «يەر ئانام» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنىڭ يېزىلىش جەريانىنى ئۈستىدە توختىلىپ: «〈يەر ـ ئانام〉 ناملىق شېئىرىم مېنىڭ 8-مەكتىپىمىزنى يىللىق تەتىلگە ئەمدىلا قويۇۋەتكەن چاغدا يازغان شېئىرىم ئىدى: شۇ كۈنى چۈشتىن ئاۋال فۇكاكو كۇتۇپخانىسىدا كىتاب ئوقۇۋاتقان چېغىمدا تۇيۇقسىز شېئىر يېزىش ھەۋىسى مېنى چۇلغىۋالدى. شۇھامان كۇتۇپخانىدىن چىقتىم ـ دە، كىيىشىم (ياپونچە ياغاچ كىيىش) نى سېلىۋېتىپ، يالىڭاياق بولۇپ، ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ، يولدا سۇنايلىنىپ ياتتىم. مېنىڭ «يەر ئانام» نى راستىنلا سۆيگۈم كېلەتتى، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشقۇم كېلەتتى، ئۇنىڭ يۈزىگە يۈزۈمنى ياققۇم كېلەتتى. ھازىر قارىساققا، بۇ قېتىم ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. لېكىن شۇ چاغدا مەندە راستىنلا شۇنداق بىر تەقەززالىق پەيدا بولغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بىر ھالەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، مەن ئۇنى تاماملىدىم. ئاندىن دەرھال ياتىقىمغا قايتىپ كېلىپ ئۇنى قەغەزگە يېزىۋالدىم» دېگەن ئىدى. («ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى» 394-بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1967-يىلى 7-ئاي 1-نەشرى)

ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىراتنىڭ پارتلاش خاراكتېرلىك ھەۋەس قوزغايدىغانلىقىنى تەبىئىي پەنلەردىكى خىلمۇ ـ خىل كەشپىيات ئىجادىيەت ۋە بايقاشلاردىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئەنگلىيىلىك ماتېماتىكا ئالىمى ھامىلتون ئۆزىنىڭ ئالگېبرادا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «تۆت نامەلۇملۇق تەڭلىمىلەر» نى قانداق بايقىغانلىقىنىڭ جەريانى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەتە 〈تۆت نامەلۇملۇق تەڭلىمىلەر〉 نىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 15 يىللىقى. ئۇلار، 1843 - يىلى 16 - ئۆكتەبىردە، ئايالىم بىلەن پىيادە مېڭىپ دوبلىنغا كېتىپ بېرىپ بىراۋخام كۆۋرۈككە كەلگىنىمدە دۇنياغا كەلگەن، يەنە تۇغۇلۇپ يېتىلگەن. دېمەكچىمەنكى: شۇ چاغ دەل ئەشۇ يەردە مەن پىكىر يولۇمنىڭ توك يولى ئۇلانغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن چىققان ئۇچقۇنلارنىڭ I ، J ، K لەردىن كېلىپ چىققان ئاساسى

تەڭلىمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم؛ مەن كېيىنمۇ ئۇلارنى شۇ چاغدا خاتىرىلىۋالغىنىمنىڭ ئۆز ئەينى بويىچە ئىشلەتتىم. ئەگەر شۇنداق بىر پۇرسەت يۈز بەرمىگەن بولسا مېنىڭ بەلكىم ئۇنىڭغا كەم دېگەندە ئون يىل (بەلكىم 15 يىل) ئەمگەك سەرىپ قىلىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن شۇ چاغدا تامامەن شۇنداق ئېيتىشىم مۇمكىن ئىدىكى، بۇ مەسىلە كەم دېگەندە مېنى 15 يىل چىرمىۋالغان مەسىلە، مانا شۇ يەردە ھەل بولدى. ئەمدى بىر ئاز ئەركىن نەپەس ئېلىۋېلىشىم مۇمكىن». شۇنداق، ئەگەر بۇ «مەسىلە» يەنى تەسىرات كەم دېگەندە ھامىلتونىنى 15 يىل چىرمىۋالغان بولسا، 1843-يىلى 16-ئۆكتەبىردىكى پارتلاش خاراكتېرلىك بايقاش ۋۇجۇتقا كەلمەيتتى. ئوبزورچىلار ۋە تولستويشۇناسلارنىڭ كۆرسىتىشىچە تولستوينىڭ «ئاننا. كارىنىنا»سى دەل مۇشۇ خىل پارتلاش خاراكتېرلىك يېزىقچىلىق ھەۋىسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن بىر كۈنى چۈشتە ئۇ سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ ئارام ئېلىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا ئاننا. كارىنىنا كۆز ئالدىغا كەلگەن — دە، يېزىشنى باشلىۋەتكەن. بۇ يەردە تولستوينىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىراتقا ئىگە بولغانلىقىنى ئېيتىش ھاجەتسىز.

ھېسسىي بىلىش ۋە ئەقلىي بىلىشنىڭ، شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىراتلارنىڭ يېزىقچىلىق ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ئامىللار ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە تەسىرات ۋە ھېسسىياتنى ئەستە ساقلاشنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

تولستوي «سەنئەتنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بىر ئادەمنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھېسسىياتنى باشقىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ھېسسىياتنى ئۆز كۆڭلىدە قايتىدىن ئەسكە ئېلىپ، مەلۇم تاشقى بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ» دېگەن ئىدى. (تولستوي «سەنئەت ھەققىدە» خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1978-يىل نەشرى 47-بەت) پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تولستوينىڭ بۇ مەشھۇر قائىدىسىنى مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: سەنئەت ھېسسىياتنى ئەسلەشنىڭ گۈزەللەشكەن ئىپادىسى. ئۇ ئۈچ باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى: ھېسسىيات خاتىرىسىنىڭ چوڭقۇرلىقى. ئىككىنچىسى: ھېسسىيات خاتىرىسىنى قايتا ئەسلەش، ئۈچىنچىسى: ھېسسىيات خاتىرىسىنى ئىپادىلەش. بۇ ئۈچ باسقۇچ ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇمكى ئالدىنقىسى تەسىرات جەريانىدىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆپ ۋە مەزمۇنلۇق بولۇشىنى، ئىككىنچىسى بۇ ماتېرىياللار ئىچىدىن ئەھمىيەتلىك ماتېرىياللارنى تاللىۋېلىشنى، ئۈچىنچى باسقۇچ تاللىۋېلىنغان ماتېرىياللار ئاساسىدا قەلەم تەۋرىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ھېسسىيات خاتىرىسىنى ئەسكە ئېلىشتا ھېسسىيات خاتىرىسىنىڭ چوڭقۇرلىقى ئاساس قىلىنىدۇ. ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇر بولۇشى دەل تەسىراتنىڭ نەتىجىسىدۇر. مەلۇمكى چوڭقۇر تەسىراتنىڭ ھېس خاتىرىسىگە ئۆزگىرىش جەريانى قانداقتۇ ئاددىي سەۋەپ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش جەريانى بولماستىن، ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان سىستېمىلىق ئۆزگىرىش جەريانىدىن ئىبارەت. ئاددەتتە ئاپتورنىڭ تەسىراتى ھېس خاتىرىگە ئۆزگىرىشى ئۈچۈن — يۈز بېرىش، تەسىراتنى تاللاش، چوڭقۇرلىشىش، بىرىكىشىدىن ئىبارەت ھە-

رىكەت جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. بۇنىداقتا ئەھمىيەتلىك تەسىراتلارنى — يەنە ئاپتورنىڭ بىۋاسىتە تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتى بىلەن ئەھمىيەتسىز تەسىراتلارنى — يەنى ئويلىمىغان يەردىن كېلىپ قالغان، ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل تەسىراتلارنى ئايرىشقا ماھىر بولۇش، ئاڭلىق ھالدا تونۇپ يەتكەن تەسىراتلارنى ئاڭلىقلىقتا تايىنىپ تاللاشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

ئەمدى ئاپتورنىڭ تەسىراتى قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىغاندا ئاندىن ھېسسى خاتىرىگە ئايلىنىدۇ؟ دېگەن سوئالنى چۆرىدەپ تەتقىقاتىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. مەلۇمكى تەسىراتنى ھېسسى خاتىرىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى — ھېسسى خاتىرىنى تۇراقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ھېسسىيات بىلەن ھېسسى خاتىرىنىڭ ھەمباغلىنىشلىق ھەم پەرقلىق ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. شۇنداق ئىكەن، ھەر قانداق تەسىراتنىڭ ھەممىسىلا ھېسسىياتنىڭ خوجايىنى بولالمايدۇ. ھېسسى خاتىرىنى تۇراقلاشتۇرۇشتا تەسىراتنىڭ شەرت قىلىدىغىنى تەسىراتنىڭ يېڭىلىقى، ئۇزاق مۇددەتلىكى، موللىقى ۋە پارتلاش خاراكتېرلىك بولىشىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ مېڭە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىسپاتلىدىكى، كىشىلەرنىڭ مېڭىسى بىر خىل ئۇچۇرنى كۆپ قېتىم تەكرار ساقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن (بولۇپمۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان يېڭى ئۇچۇرلارنى تېخىمۇ شۇنداق). بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇنداق يېڭى ئۇچۇرلارنى تېخىمۇ كۆپەيىپ، تۇراقلىشىپ ئۇزاق مۇددەت كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ساقلىنىدۇ. بۇ دەل يېڭى تەسىراتنىڭ ھېسسى خاتىرىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تەبىي ھالدا ئىلمى ئاساس يارىتىپ بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مانا بۇ قائىدە ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ باللىق دەۋرىدىكى ھېس خاتىرىسىنىڭ ئۆمۈربويى ئېستىن چىقمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. تەسىراتنىڭ يېڭىلىقى ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ ئېنىق بولىشىغا، شۇنداقلا تەسىراتنىڭ ئاپتور مېڭىسىدىكى نامەلۇملۇق ئالاھىدىلىكىنىڭ بولىشىغا باغلىق. بۇنداق نامەلۇملۇق ئاپتورنىڭ ئەستە قالدۇرۇش دەرۋازىسىنى بىرىنچى بولۇپ قاقىدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق بىر مىسالنى نەقىل كەلتۈرۈش مۇمكىن: چارلىز چاپلىن «ئۆزەمنىڭ تەرجىمىھالىم» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆيىمىزگە يېقىن بىر جايدا كوداڭ بولۇپ، ھېمىشە ئۆلتۈرىدىغان قويلارنى ھەيدەپ، ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشەتتى. بىر قېتىم بىر قوي قېچىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدىن كۈلۈپ كەتتىم. بىراق ھېلىقى قوينى يەنە تۇتۇۋېلىپ كوداڭغا ئېلىپ ماڭغاندا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپ ئۈن سېلىپ يىغلىغان ھالدا ئانامغا (ئۇلار قوينى ئۆلتۈرىدىغان بولدى!)» دېدىم. چارلىز چاپلىن 8 ياش ۋاقتىدىكى بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «... بۇ ئەھۋال ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئىشلىگەن كىنولىرىمدا تىراگىدىيە بىلەن كومېدىيەنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەشنى مەركىزى ئىدىيە قىلدىم. بۇ شۇ ئىشنىڭ تەسىرىدىن بولغانمۇ - قانداق؟» (چارلىز چاپلىن، «ئۆزەمنىڭ تەرجىمىھالىم» خەنزۇچە نەشرى

34 ـ 35 ـ بەتلەر). دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى بىر بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناتونۇش ۋە يېڭى تۇيۇلىدۇ ـ دە، شۇ بالىنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق قىزىقىش يەنە كېلىپ، دۇنيادىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن شەيئىلەرگە يېڭى تۇيغۇلارنى بېغىشلايدۇ. چارلىز چاپلىننىڭ تەسىراتى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەسىراتى يېڭىلىققا ئىگە. تەسىراتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكى تەسىراتنىڭ مول بولۇشىنى مەنىۋى ۋە ماددىي ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. تەسىراتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى ئاپتورنىڭ ئوخشاش زامان ۋە ماكاندا مەۋجۇت بولغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتكە قارىتا پەيدا بولغان تەسىراتنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى ئۇزۇنلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ھەممىمىز خاتىرىنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى بىر خىل ئۇزاق مۇددەتلىك ئەستە قالدۇرۇش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىنىمىزدە ئۇنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا قىسقا مۇددەتلىك ئەستە قالدۇرۇشتىن ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى رەت قىلالمايمىز. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئەلۋەتتە ئاپتور تەسىراتىنى دەسلەپتە پەيدا قىلغان نېرۋىنىڭ غىدىقلىنىشى ۋە ئەكسىيە قايتىشى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەۋرىنىپ ئايلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا تەسىرات ۋاقىتنىچە توختىغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا داۋاملىق دولقۇنسىمان شەكىلدە تەۋرىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئوخشاش سىگناللارنىڭ نېرۋا ئېلېمېنتىنىڭ ئايلانما يوللىرىدا تەۋرىنىش دولقۇنلىرى ئارقىلىق داۋاملىق مۇستەھكەملىنىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئەستە قالدۇرۇشنى ھاسىل قىلىدىغانلىقى تەھلىلىمىزدىن ئايانىدۇر.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا تەسىرلىنىش ئىختىدارى ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسىي شەرتى، ئۇسۇللىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمىز. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا تەسىرلىنىش ئىقتىدارى سىگنال قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. بۇ ــ ئاپتورنىڭ شەيئىلەردىن تەسىرلىنىش جەريانىدىكى تەسىرلىنىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پسىخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ يىغىندىسىدۇر.

تەسىرلىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئاساسى ــ پسىخىك تۈزۈلۈش بويىچە قارىغاندا ئادەتتە ھېسسىي بىلىش ۋە ئەقلىي بىلىشتىن سىرت يەنە ئېھتىياج، ئىرادە، ھېسسىيات ۋە قىزىقىش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېھتىياج ــ كىشىلەرنىڭ ئۆز قارىشى، ئۆز پىرىنسىپى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئىدىيىۋى خاھىشىنى، ئىرادە ـ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئىپادىلىنىدىغان، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رول ئوينايدىغان پسىخىك ھالەتىنى، ھېسسىيات ــ ئادەملەرنىڭ ئەتراپىدىكى رېئاللىققا ۋە ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى ئىنكاسىنى يەنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان مۇئامىلىسىنى، قىزىقىش ـ تەسىرلىنىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھېسسىيات ئامىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىز تەسىرلىنىش ئىقتىدارىنى باغلىنىشلىق تۈزۈلۈش) دەپ قارىساق، ئۇنىداقتا بۇ تۈزۈلۈش بىر قېتىمدىلا تاماملىنىدىغان جەريان بولماستىن، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان قۇرۇلۇش جەريانىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەت جەريانى-

دا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش ئارقىلىقلا كۆزىتىش نەتىجىسىدە يېڭى-ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغىلى، مول تەسىراتلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئاپتورنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنياغا قارىتا ئەھمىيەتلىك ۋە پىلانلىق ئەقلى بىلىشىدىن ئىبارەت بولغان كۆزىتىش ماھىيەتتە سەزگۈ ئەزا ئارقىلىق كۆزىتىش بولۇپ، سېنگال قوبۇل قىلىدىغان نەرسە ئادەملەرنىڭ سەزگۈ ئەزاسى بولماستىن، بەلكى سەزگۈ ئەزالارغا ئىگە بولغان ئادەملەردۇر. كۆزىتىشنىڭ باسقۇچ ۋە تەرتىپى بولىدۇ. كۆزىتىش ئادەمنىڭ بىلىمى ۋە تەجرىبىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بىر كىشىنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى قانچىكى مول بولسا، ئۇنىڭ شۇ جەھەتتىكى كۆزىتىش ئىقتىدارىمۇ شۇنچە ئۆتكۈر بولىدۇ. ئالايلى: يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىگە باي بولغان بىر پېشقەدەم دېھقان زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى بىر قۇر كۆزىتىپلا، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاساسى مەسىلىنى تۇتۇۋالالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئانچە خەۋەرى بولمىغان بىر كىشىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىشى ناھايىتى قىيىن.

مەيلى ئادەتتىكى (تاشقى) كۆزىتىش ياكى ئالاھىدە (ئىچكى) كۆزىتىش بولسۇن چوقۇم دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم كۆزىتىش ۋە تەپەككۇرنىڭ ئاساسى قىلىنىشى لازىم. ئاپتور ئىچكى كۆزىتىشتە ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئىچكى پائالىيىتىنى كۆزىتىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ روھى پائالىيىتىنى ئۆلچىشى لازىم. پەقەت ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆزىتىشكە ماھىر بولغان كىشىلەرلا تاشقى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى كۆزىتەلەيدۇ. بۇ ئاسان ئەمەس — ئەلۋەتتە. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئېڭى ئاشكارە، يوشۇرۇن ۋە ئاڭسىزلىق قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھېسسىيات ۋە بىر قىسىم تەپەككۇر پائالىيەتلىرى ئاڭسىزلىق ئىچىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىچكى سېزىم تاشقى سېزىمدەك تۇراقلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاپتوردا يۈكسەك ئاڭلىقلىق بولمىسا، ئىنچىكىلىك بىلەن پىلان تۈزۈلمىسە، كۆزىتىش مەقسىتى ئېنىق بولمىسا، سېكونت ئىچىدە ئالاي قېتىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان روھى پائالىيەتنى توغرا كۆزەتكىلى بولمايدۇ.

يېزىقچىلىق جاپا - مۇشەققەتلىك ئىجادىي ئەمگەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتوردا ئىرادە، مەقسەت، قەيسەرلىك، كەسكىنلىك ۋە ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇش شەرتلىرى ھازىرلانغان بولۇشى، يېزىقچىلىققا يېڭىدىن كىرىشكە ۋە ئىزچىل شۇغۇللىنىۋاتقانلاردا ئىقتىدار مەنبەئەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىجادىيەت كېلىماتىغا ماسلىشىپ، ئىجادىي قابىلىيىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، تەسىراتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئەدەبىي ئەسەرگە ئايلاندۇرالايدىغان ماھارەت بولۇشى لازىم.

تەسىراتنىڭ باش تېمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان ئاساس ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش، بىزنىڭ «ۋاستىلىق يېزىقچىلىق ماتېرىيال» لىرىنى «بىۋاستە يېزىقچىلىق ماتېرىيال» لىرىغا ئايلاندۇرۇش يولىدىكى روھى پائالىيەتلىرىمىزنى تېخىمۇ قىزغىنلىققا، تېخىمۇ زور ئىشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. كۆپ قاتلاملىق تەسىراتلارنى ئىنسانلارنىڭ ئىچكى پائالىيەت-

لىردىن ئىزدەيدىغان ۋە ئىچكى دۇنيادا تاللاپ پىششىقلايدىغانلا بولساق، يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىمىز پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبە ئارقىلىق كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجنى تولۇق قامداپ كېتەلەيدۇ.

1989 - يىل نويابىر

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتوختى ئەخمەت)

# تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

ئابلىمىت ئىمىن

جىسمانى ۋە ئەقلى جەھەتتىن نورمالنى ئۆسۈپ يېتىلگەن، شۇنداقلا ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ياشىغان ھەرقانداق ئادەم تىل ۋە تەپەككۇرگە ئىگە. تىل ۋە تەپەككۇرگە ئىگە بولۇش — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى بولۇپ، ئىنسانلار مۇشۇ بەلگىسى ئارقىلىق ھايۋانلار دۇنياسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ ھەم جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇپ تۇرالايدۇ. ئەگەر ئىنسانلاردا تىل ۋە تەپەككۇر بولمايدىكەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانلار تىل ۋە تەپەككۇرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش، بىر بىرىنى چۈشىنىش مەقسىتىگە يېتىپلا قالماستىن، بەلكى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، جەمئىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، ئىنسانلار تىل ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدۇ. تەپەككۇر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئوي پىكرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. تىل بولمايدىكەن تەپەككۇرمۇ بولمايدۇ، شۇنىڭدەك تەپەككۇر بولمايدىكەن تىلنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن تىل بىلەن تەپەككۇر بىر بىرىگە بېقىندۇ ھەم بىر بىرىنى شەرت قىلىدۇ.

تىل بىلەن تەپەككۇر بىر نەرسە ئەمەس، بۇ دېگەنلىك تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ ئورگانىك مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس، ئەمما تىل بىلەن تەپەككۇر زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغاچقا ئۇلارنى بىر بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ ئەلۋەتتە، تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، ئۆگىنىش خىزمەتلىرىمىزدە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ، تىل ئىلمى ۋە تەپەككۇر ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تىل دېگىنىمىز — بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە، ئىنسانلار كەم بولسا بولمايدىغان تەپەككۇر قورالى ۋە ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى قىلىپ ئىشلىتىدىغان تاۋۇش بىلەن مەنا بىرلىكتۈرۈلگەن بىر خىل بەلگە سىستېمىسىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇندىن تەدرىجى ئۆزگىرىش ئارقىلىق پەيدا بولغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىشى ئۇلۇغ سۈپەت ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇ جەرياندا ئەمگەك ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئورتاق ئەمگەك جەريانىدا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەتتە چوقۇم بىرلىككە كېلىش، بىر-بىرىگە ماسلىشىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. ئۇلار ئورتاق ئەمگەك قىلىش، ئورتاق ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا ئۆزئارا بىر نىمىلەرنى دېيىشكە مەجبۇر بولغان، شۇنىڭ بىلەن تىلنىڭ پەيدا بولۇش زۆرۈرىيىتى شەكىللەنگەن.

زۆرۈرىيەت بولۇپلا ئىمكانىيەت بولمىغان بولسا تىلنىڭ پەيدا بولىشى يەنىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمگەك ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئۆرە مېڭىشى ۋە پۇت قولىنىڭ خىزمەت تەقسىماتىنى ئېنىق ئايرىغاندىن كېيىن تىلنىڭ پەيدا بولۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى.

دېمەك ئەمگەك ئىنساننى ياراتتى، ئەمگەك تىلنى ياراتتى، ئەمگەك تىلنىڭ پەيدا بولۇش زۆرۈرىيىتىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى تىلنىڭ پەيدا بولۇش ئىمكانىيىتىنىمۇ ياراتتى.

تىل تەبىئىي ھادىسە بولماستىن بەلكى سىنىپلىققا ئىگە بولمىغان بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئومۇمەن ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلما دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ. تىل بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە ئىكەن، ئۇ قايسى تۈرگە مەنسۇپ؟ بىز تىل بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، تۆۋەندىكىدەك پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى روشەن كۆرۈپ ئالالايمىز:

بىرىنچى، ھەربىر ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزىگە خاس مۇۋاپىق ئۈستقۇرۇلمىسى بولىدۇ، بازىس ئۆزگەرگەندە ئۈستقۇرۇلمىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگىرىدۇ، ئەمما بازىس ئۆزگەرسىمۇ تىلدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئۈستقۇرۇلما بازىس ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ ھەم بازىس ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىدۇ. تىل مەلۇم بىر بازىس ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئەمەس، مەلۇم بىر سىنىپ تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغانمۇ ئەمەس، تىل جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا جەمئىيەتتىكى ھەر خىل سىنىپلار تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان بولۇپ ھەممە بازىسقا ھەممە ئۈستقۇرۇلمىغا ،شۇنىڭدەك، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۈستقۇرۇلما مەلۇم ئىقتىسادىي بازىس مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان دەۋرنىڭ مەھسۇلى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ، ئۇ شۇ بازىسنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشى بىلەن يوقۇلىدۇ، تىل بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، تىل بىرقانچە دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ئۇنىڭ ئۆمرى ھەرقانداق بازىسنىڭكىدىن، ھەرقانداق ئۈستقۇرۇلمىنىڭكىدىن ئۇزۇن بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئۈستقۇرۇلما ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى دەرھال توغرىدىن-توغرا ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ بەلكى بازىستىكى ئۆزگىرىش ئارقىلىق ۋاستىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تىل بولسا ئىشلەپچىقىرىشنى بىۋاستە ھالدا دەرھاللا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بازىسنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ. شۇنىڭ

ئۈچۈن تىلنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئۈستقۇرۇلمىنىڭكىدىن كەڭ بولىدۇ. تىل ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا ئوخشاش ھەرقايسى سىنىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا ئاساسەن، تىلنى ئىشلەپچىقىرىش قورالى قاتارىغا قويۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش قورالى ئارقىلىق ماددىي بايلىق ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدۇ، ئەمما تىل بىلەن ھېچ نەرسە ئىشلەپچىقىرىش مۇمكىن ئەمەس.

قىسقىسى، تىل باشقا ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ئوخشاش جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، لېكىن ئۇ بازىسقىمۇ ئوخشىمايدىغان، ئۈستقۇرۇلمىغىمۇ ئوخشىمايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە تېخىمۇ ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىرخىل ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر.

ھەرقانداق بىر نورماللىق ئادەم كەم دېگەندە بىر خىل تىلنى پىششىق بىلىدۇ، ھەم شۇ تىل ئارقىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزىدۇ. شۇڭا تىل ئالاقىلىشىش قورالى بولۇپلا قالماستىن بەلكى تەپەككۇر قىلىشنىڭمۇ قورالىدۇر.

تەپەككۇر ئىنسانلارغا خاس بولغان بىر تۈرلۈك يۇقىرى دەرىجىلىك پسىخولوگىيىلىك پائالىيەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ ئوبيېكتلەر ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ھەمدە ئوبيېكتىپ ئوبيېكتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر جەريان.

ئىنسانلارنىڭ بىلىش جەريانى ھېسسىي بىلىش باسقۇچى ۋە ئەقلىي بىلىش باسقۇچ دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ھېسسىي بىلىش باسقۇچى — ھېس، ئىدراك، تەسەۋۋۇر قاتارلىق شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ياكى جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى بىلىش جەريانى ھېسسىدىن باشلىنىدۇ، ھېسسىي بىلىش بىۋاستىلىك ۋە يۈزەكىلىكتىن ئىبارەت خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئادەمنىڭ سېزىش ئەزالىرى كونكرېت ئوبيېكتىپ بىلەن بىۋاستە ئۇچراشمىسا، كىشى مېڭىسىدە ھېس، ئىدراك، تەسەۋۋۇرلار ھاسىل بولمايدۇ. مەسىلەن ئالايلى، باغنىڭ ئىچىدىكى پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈل نۇرىنىڭ رولى ئارقىلىق كۆز پەردىمىزگە تەسىر قىلىدۇ، كۆز پەردىمىز نۇرنىڭ رولى ئارقىلىق قىزىل گۈل بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقاندىلا مېڭىمىزدە قىزىل گۈلنىڭ ئوبرازى ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر كۆزپەردىمىز نۇرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قىزىل گۈل بىلەن بىۋاستە ئۇچراشمىسا، قىزىل گۈل ئوبرازىنىڭ مېڭىمىزدە ھاسىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىز ھېسسىي ئىدراك ئارقىلىق ئوبيېكتنىڭ تاشقى شەكلىنىلا بىلەلەيمىزكى، ئەمما ماھىيىتىنى بىلەلمەيمىز، دېمەك، بۇ ھېسسىي بىلىشنىڭ يۈزەكىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئادەمنىڭ بىلىشى ھېسسىن باشلانغىنى بىلەن، ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدىلا توختاپ قالمايدۇ، كىشىلەر ئەمەلىيەت داۋامىدا ھېسسىي ماتېرىياللار ئۈستىدە سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش، يىغىنچاقلاش، ئابستراكتسىيىلەش، ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ مېغىزىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇ ئاساستا ئوبيېكتنىڭ ماھىيىتىنى، ئىچكى باغلىنىشىنى بىلەلەيدۇ، ئەنە شۇنداق يوللار ئارقىلىق ئوبيېكتنىڭ ماھىيىتىنى، بىلىش — بىلىشنىڭ ئەقلىي بىلىش باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ باسقۇچتىكى بىلىش پائالىيىتى تەپەككۇر

دەپ ئاتىلىدۇ. تەپەككۇر ھېس ۋە ئىدراكنىڭ ئاددىي يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى ھېسسى بىلىشتىن تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان يېڭى بىلىش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر تەپەككۇر ئارقىلىق ئوبيېكتنىڭ ماھىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلەيدۇ، شۇ ئارقىلىق رېئاللىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئەنە شۇنداق بولغاچقا تەپەككۇر بىزنى بىۋاستە كۆزەتمىگەن ئوبيېكتلاردىن خەۋەردار قىلىدۇ ھەم ۋەقەلەر تەرەققىياتى ۋە ئۆز ھەرىكىتىمىزنىڭ نەتىجىسىنى ئالدىن كۆرەلەيدىغان قىلىدۇ.

تەپەككۇر ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى، ئادەمنىڭ يېزىك پائالىيىتى. لېكىن تەپەككۇر ئىجتىمائىي ھادىسە-جەمئىيەتتىن تاشقىرى تەپەككۇر دېگەن نەرسە يوق. تەپەككۇر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە مەۋجۇت، چۈنكى تەپەككۇر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان. گەرچە ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا تەپەككۇر پائالىيىتى قىلىدىغان چوڭ مېڭىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن تەپەككۇر قىلىش يەنىلا ئىجتىمائىي تەربىيىنىڭ نەتىجىسى. ئەگەر بىر ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالسا، خۇددى سۆزلىيەلمىگىنىگە ئوخشاش تەپەككۇر قىلالمايدۇ. تەپەككۇر ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى بىلەن ئايرىلماس ھالدا چەمبەرچەس باغلانغان. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا پەيدىن-پەي راۋاجلىنىدۇ. مەسىلەن: 4 ـ 3 ياشقا كىرگەن بالا گەرچە سۆزلىيەلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى چوڭلارنىڭكىگە قارىغاندا تۆۋەنرەك بولىدۇ. داداشۇ بالىنىڭ ئاكىسىغا يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ بەردى دەپ قارايلى، ئۇ بالا ئاكىسىنىڭ يېڭى كىيىملىرىنى تالىشىپ، يىغلاپ دادىسىنى بىئارام قىلىدۇ. ئەمما ئۇ بالا ئاكىسىنىڭ كىيىمىنىڭ ئۆزىگە چوڭ كېلىپ قالىدىغانلىقىنى تەپەككۇر قىلىپ يېتەلمەيدۇ. مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەپەككۇر ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا راۋاجلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەپەككۇرنى ئىجتىمائىي ھادىسە دەپ قارايمىز.

تەپەككۇرنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ۋاسىتىلىكى، ئومۇملىقى ۋە تىل ماتېرىيالى بىلەن ئورگانىك باغلىنىشتا بولغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

تەپەككۇردا مەلۇم بولغان بىلىملەرگە ئاساسەن يېڭى ھۆكۈملەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغىلى بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ھېس ئىدراك ئارقىلىق بىۋاستە بىلىشكە بولمايدىغان ياكى تېخى بىلىنمىگەن نەرسىلەرنى بىلىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: ئوت بار يەردىن ئىس چىقىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم، يىراقتىن ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرسەك، ئەينى مەيدانغا بارماي شۇ يەردە يەنى ئىس چىقىۋاتقان يەردە ئوت بار دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز. تەپەككۇردا ئورغۇنلىغان ئايرىم ئوبيېكتلاردىن ئورتاق، ماھىيەتلىك نەرسىلەر ئايرىۋېلىنىپ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. شۇڭا تەپەككۇردا ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئومۇملۇق ھەم ماھىيەتتۇر. مەسىلەن، بىز مەلۇم بىر تۈردىكى ئايرىم ئوبيېكتنىڭ مەلۇم خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە بىلسەك، شۇ خىلدىكى ئوبيېكتنىڭ بارلىقىنىڭ شۇ خىل خۇسۇس-

پەتكە ئەكەلمىگەنلىكىنى ئومۇمۇملاشتۇرۇپ بىلەلەيمىز.

تەپەككۇرنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ تىل ماتېرىيالى بىلەن ئورگانىك ھالدا باغلىنىشلىق بولغانلىقى. تەپەككۇر تىل ماتېرىيالىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ تىل ماتېرىيالىغا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تەپەككۇر تىل ماتېرىيال ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ ۋە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. ھېس، ئىدراكلار ئۈچۈن تىل ماتېرىيالى ھاجەتسىز. چۈنكى ئوبيېكتنىڭ ئوبرازىنى توغرىدىن-توغرا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، تەپەككۇر بولسا ئۇنداق ئەمەس، تىل ماتېرىيالى بولمىسا، تەپەككۇر ئەسلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. مەسىلەن: «بۈگۈن ھاۋا نېمە دېگەن ئوچۇق، باغچىغا بېرىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋالايلى» دەپ ئويلىساق، بۇ تەپەككۇر قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ پىكىر پەقەت «بۈگۈن» «ھاۋا»، «نېمە دېگەن» «ئوچۇق» «باغچىغا» «بېرىپ» «خاتىرە سۈرەتكە» «چۈشۈۋالايلى» دېگەنگە ئوخشاش تىل ماتېرىيالى ئاساسىدىلا مېڭىدە ھاسىل بولىدۇ ۋە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. ھەر قانداق بىر تىلنىڭ ماتېرىيالى ئاساسىدا شۇ پىكىرنى قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما ھەرقانداق تىل ماتېرىيالىدىن پايدىلانماي تۇرۇپ، شۇ پىكىرنى قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، تەپەككۇر تىلدىن ئايرىلمايدۇ.

بىز تەپەككۇر تىلدىن ئايرىلالمايدۇ دېدۇق. گاس-گاچىلارمۇ ئادەم، ئەمما ئۇلار سۆزلىيەلمەيدۇ، ئۇنداقتا تەپەككۇر قىلالامدۇ يوق؟ گاس-گاچىلارمۇ تەپەككۇر قىلالايدۇ. چۈنكى گاس-گاچىلار نورمال ئادەمگە ئوخشاش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ساغلام مېڭىسى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى بار. ئۇلار گاس بولغانلىقى ئۈچۈنلا باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالماي، تىل ئۆگىنەلمەي قالغان. گاس-گاچىلارنىڭ ئاڭلاش سېزىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرسىلا ئۇلارمۇ گەپ قىلىشنى ئاستا-ئاستا ئۆگىنىۋالالايدۇ. چوڭ مېڭە ئادەمنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە قوماندانلىق قىلىدۇ. ئادەمنىڭ بارلىق ئەزالىرى چوڭ مېڭە تەرىپىدىن بىرتۇتاش باشقۇرۇلىدۇ. گاس-گاچىلار ئاڭلاش ئەزالىرى ئارقىلىق قوبۇل قىلالماي قالغان سىگناللارنى باشقا سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق تولۇقلىۋالىدۇ. قىسقىسى، گاس-گاچىلارمۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاڭلاش سېزىمىدىن باشقا سەزگۈ ئەزالىرى ساغلام بولغانلىقى ئۈچۈن ئوخشاشلا رېئال دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئابستراكت تەپەككۇرى تاۋۇشلۇق تىلدىكى سۆزلەرنىڭ ياردىمىدە ئەمەس، بەلكى كۆرۈش، پۇراش، تېتىش قاتارلىق سەزگۈلىرىنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى تىلشۇناسلىقتىكى مۇھىم مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، باشقا نۇرغۇن پەنلەرنىڭ تەتقىقات تېمىسىدۇر. تەپەككۇر بىلەن تىل ئايرىلماس باغلىنىش ئىچىدە تۇرىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ، بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، لېكىن ئۇلارنى بىر نەرسە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. تىل تەپەككۇر قورالى. ئادەم تىل ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدۇ. تەپەككۇر تىل ماتېرىيالى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. تىل بولمىسا، تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تەپەككۇر تىلدىن ئايرىلالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن تىلمۇ تەپەككۇردىن ئايرىلالمايدۇ، تىل پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ

قورالى، تەپەككۇر قورالى. ئەگەر تىل بولمىسا ئۇ ھالدا تىلنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالى ۋە تەپەككۇر قورالى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تىل بىلەن تەپەككۇر تەقدىرداش كېلىدۇ، ھەر قايسىسى قارشى تەرەپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ شەرتى قىلىدۇ.

گەرچە تىل بىلەن تەپەككۇر بىر نەرسە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەلۇم جەھەتتە ئوخشاشلىققا ئىگە: بىرىنچىدىن، تىلمۇ ئىجتىمائىي ھادىسە. سىنىپسىز تەپەككۇرمۇ ئىجتىمائىي ھادىسە، ئەگەر ئىنسان بالىسى تۇغۇلىشى بىلەنلا ئىنسان ئارىسىدا ياشىماي، ھايۋانات ئارىسىدا ياشىسا، تىلغا ئىگە بولمىغىنىغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلىشقا ئىگە بولالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، تىلمۇ تەپەككۇرمۇ سىنىپىي خاراكتېرغا ئىگە ئەمەس، ھەرقانداق بىر ئادەم مەيلى ئۇ قايسى سىنىپقا تەۋە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر مەلۇم بىر تىلدا سۆزلەيدۇ ھەم ئۆزى بىلگەن شۇ تىلدا تەپەككۇر قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، تىل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان، راۋاجلانغان، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ يوقۇلىشىغا ئەگىشىپ يوقۇلۇپ بارىدۇ. تەپەككۇرمۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان ۋە تەكەممۇللاشقان، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ يوقۇلۇشىغا ئەگىشىپ يوقۇلۇپ بارىدۇ.

تىل بىلەن تەپەككۇر يۇقىرىقى جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغان ئىككى خىل ھادىسە. بۇ پىكىرىمىزنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىلار ئارقىلىق ئاساسلاشقا بولىدۇ:

1. تەپەككۇر ئادەم مېڭىسىنىڭ بىر خىل قابىلىيىتى بولۇپ، ئۇ ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ئوبيېكت رىياللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان جەريانىدۇر. تىل بولسا، تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى سۆز ۋە جۈملىلەر بىلەن خاتىرىلەپ چۈشىنىشكە بولىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرىدىغان بەلگىلەر سىستېمىسىدۇر.

2. تىل روشەن مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە، تەپەككۇر مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس، چۈنكى تەپەككۇر ئادەم مېڭىسىنىڭ بىر خىل قابىلىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئومۇمەن ھەرقانداق نورمال ئادەمدە تەپەككۇر قابىلىيىتى بولىدۇ. تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى ۋە تەپەككۇر شەكىللىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تىلى خىلمۇ-خىل. تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بولىدۇ. بىراق ئۆزىگە خاس لوگىكىسى بولمايدۇ. تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغاچقا، تەپەككۇر نەتىجىلىرىنى تەرجىمە قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلى ئوخشاش بولمىغاچقا، تەرجىمە قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ.

3. تەپەككۇر ئادەم مېڭىسىنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتى، ئادەم مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتلەرنى بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانى، تىل بولسا، ئالاقىلىشىش، پىكىرلىشىش ھەم تەپەككۇر قىلىش قورالى.

4. تەپەككۇر لوگىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىدۇر. تىل بولسا، تىلشۇناسلىقنىڭ تەت-

قىقات ئۇيۈشكەندۇر. تىل تەتقىقاتىدا تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ پەرقىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى تىل قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئورنىغا، لوگىكىلىق كاتېگورىيىلەرنى گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ.

قىسقىسى، تىل ھەم ئالاقىلىشىش قورالى ھەم تەپەككۇر قورالى. بۇ ئىككى تەرەپ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، تەپەككۇردىن ئايرىلغان ھالدا پىكىر ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. پىكىر ئالماشتۇرۇش بولمىسا، ئالاقىلىشىش دېگەن يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئالاقىلىشىش ئېھتىياجى بولمىسا، تىلمۇ پەيدا بولمىغان بولاتتى، تەپەككۇر قورالى دەيدىغان نەرسىمۇ بولمىغان بولاتتى. مۇئەييەن بىر تىل ئالاقىلىشىش قورالى قىلىنمىسا، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا تەپەككۇر قورالى بولۇشى سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەپەككۇر بىلەن تىل ئايرىلماس باغلىنىش ئىچىدە تۇرىدۇ. ئادەمنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئادەمنىڭ تىلىنى قوللىنىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. شۇڭلاشقا تىلنى ئوبدان ئۆگىنىش ئادەمنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى دەيمىز.

(ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: شېرىپجان قاسىم)

1989-يىلى 12-ئاي

# جۇڭگو تارىخىدىكى مىللىي قەھرىمانلار مەسىلىسى توغرىسىدا

**ۋېي چەنجى**

جۇڭگو تارىخىدىكى مىللىي قەھرىمانلار مەسىلىسى، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامانىدىكى مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي كۈرەشلەردە مەيدانغا كەلگەن مىللىي قەھرىمانلار توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەردە زور ئىختىلاپلار ساقلانماقتا. بۇ مەسىلە ئەسلىدىنلا مۇرەككەپ، زىددىيەت توقۇنۇشى ئۆتكۈر تارىخىي ھادىسە بولغانلىقتىن، تونۇشنى بىردىنلا ئايدىڭلاشتۇرۇپ كېتىش ئاسان ئەمەس. شۇڭلاشقا تېزلىك بىلەن بىر پىكىرگە كېلىشنى قولغا كەلتۈرۈشمۇ قىيىن. مەن كۆپچىلىكنىڭ مۇلاھىزىسى ئاساسىدا ئالاقىدار بىرقانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا پىشمىغان قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

1. مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي كۈرەشلەردە مەيدانغا كەلگەن قەھرىمان كىشىلەرنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللىي قەھرىمانى دېيىشكە بولامدۇ يوق.

بۇ مەسىلە كۆپچىلىك تالاش-تارتىش قىلىۋاتقان ئاساسلىق نۇقتىلارنىڭ بىرى. بىر خىل پىكىردىكىلەرنىڭ قارىشىچە، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي كۈرەشلەردە مەيدانغا كەلگەن قەھرىمان كىشىلەرنى مەلۇم كونكرېتنى مىللەتنىڭلا قەھرىمانى دېيىشكە بولىدىكى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللىي قەھرىمانى دېيىشكە بولمايدۇ. پەقەت پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ چەت ئەللەرنىڭ مىللىي ئېزىشكە قارشى ھەققانىي كۈرىشىدە مەيدانغا كەلگەن قەھرىمان كىشىلەرنىلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللىي قەھرىمانى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ خىل قاراش كېڭىشىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

مەن بەزى يولداشلارنىڭ پىكىرىگە قوشۇلىمەن، يەنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ چەت ئەللەرنىڭ مىللىي ئېزىشكە قارشى كۈرەشتە مەيدانغا كەلگەن قەھرىمان كىشىلەرنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللىي قەھرىمانى دېيىشكە بولۇپلا قالماي، جۇڭگو تارىخىدا مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي ئېزىشكە، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشلەردە مەيدانغا كەلگەن قەھرىمان كىشىلەرنىمۇ ئوخشاشلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللىي قەھرىمانى دېيىشكە بولىدۇ.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېيىلىدۇ؟ جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى مەلۇم سۇلالە (ياكى مەلۇم سۇلالىلەر)گە تەۋە بولۇشى تامامەن ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرى بۇرۇنلا جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنى شەكىللەندۈرگەن. جۇڭگودىكى ھەرقايسى

مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋەتىنىمىز تارىخىنىڭ ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان بىر قىسمىدىن ئىبارەت. جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا بارلىققا كەلگەن مىللىي قەھرىمانلار، مەيلى قايسى مىللەت، قايسى سۇلالە مەيدانىدا تۇرغان بولمىسۇن، ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان؛ ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى ۋە شانلىق تۆھپىلىرى ئاللىبۇرۇنلا ئۆز مىللىتى كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىي مىراسىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللىي قەھرىمانى دەپ ئاتىلىشى ھەقلىق.

بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھىلەش ئۈچۈن مەن ئەڭ ياخشىسى كونكرېتنى بىر تارىخىي شەخس بىلەن باغلاشنى ئويلاۋاتىمەن. مۇزاكىرە داۋامىدا كۆپىنچىلىك دائىم ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان تارىخىي شەخس يۈفېيدىن ئىبارەت. تۆۋەندە مەن يۈفېيگە بېرىلگەن باھادا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قانچە مەسىلىگە قارىتا شەرھىلەش ۋە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشنى لازىم تاپتىم.

بەزى يولداشلار يۈفېينىڭ جۇرجىتلارغا قارشى كۆرۈشى پەقەت خەنزۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇڭلاشقا خەنزۇ مىللىتىنىڭ ۋەكىلى دېيىشكە بولىدۇ دەيدىكەن.

مۇنداق دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئىلمىمىزنىڭ كونكرېتنى ئەھۋالىدىن قارىساق، تارىختا يۈز بەرگەن مىللىي ئېزىشكە ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرغان قەھرىمان شەخسلەرنى ئەينى ۋاقىتتىكى بىر مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس، چۈنكى، جۇڭگو بىر كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، جۇڭگو تارىخىدا بارلىققا كەلگەن سۇلالىلەر قايسى بىر ھۆكۈمران مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بارلىققا كەلگەن بولمىسۇن، ئۇنىڭ دائىرىسى بىر مىللەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. شۇڭا يۈفېينىڭ جىن سۇلالىسىغا قارشى تۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەنلا بىز يۈفېينى پەقەت خەنزۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان دېيەلمەيمىز، چۈنكى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىدە خەنزۇلاردىن باشقا، يەنە كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بار ئىدى. يۈفېينىڭ ئەينى ۋاقىتتا جۇرجىت ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىشىغا قارىتا زەربە بەرگەنلىكىنى جەنۇبىي سۇڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ دېگىنىمىز تۈزۈك، شۇنىڭ ئۈچۈن يۈفېينى خەنزۇلاردىن كېلىپ چىققان مىللىي قەھرىمان دېيىشكە بولىدۇكى، خەنزۇلارنىڭلا مىللىي قەھرىمانى دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى يۈفېي ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرەشلەر، ئۇ قوغدىغان مەنپەئەت خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئۆز تەۋەلىكىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەن.

بەزى يولداشلار، يۈفېينىڭ جۇرجىتلارغا قارشى كۈرۈشىنى ئومۇمىي جەھەتتىن جۇرجىتلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان دېگىلى بولمىسىمۇ پەقەت خەنزۇلار ۋە بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ مىللىي قەھرىمانى بولىدۇ. لېكىن، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي قەھرىمانى دېيىشكە بولمايدۇ دېيىشىدۇ. بۇخىل قاراشنىمۇ كېڭەشىپ بېقىشقا بولىدۇ.

دەرۋەقە تارىختىكى جۇرجىت مىللىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى. لېكىن، يۆفېينىڭ جىن غا قارشى كۆرەش قىلىشى پۈتكۈل جۇرجىت مىللىتىگە قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش بولماستىن، پەقەت جۇرجىت ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكىتىگىلا قارىتىلغان. يەنە كېلىپ جۇرجىت ئاق سۆڭەكلىرى ئەسكەرلىرىنىڭ جەنۇبقا قاراتقان تاجاۋۇزى بىۋاستە جەنۇب سۇڭ چېگرىسىدىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىگە ئېغىر ئاپەت كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئوخشاشلا جۇرجىت مىللىتى خەلقىنىڭ ھاياتىي ۋە مال - مۈلكىگىمۇ ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرگەن. جۇرجىت ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىغا قاراتقان تاجاۋۇزى يەنىلا ئۇنىڭ ئىچكى جەھەتتە يۈرگۈزۈۋاتقان سىنىپىي ئېزىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش سىياسىتىنىڭ سىرتقا يامىرىغانلىقىدىن ئىبارەت. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى جۇرجىت مىللىتى خەلقلىرى ۋە جۇرجىت ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان باشقا بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ھوقۇقسىز ھەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئورۇندا بولۇپ، ھەممىسى جۇرجىت ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ بىۋاستە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار ئىدى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، جىن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سۇڭغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى، پەقەت جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىكى ئاممىۋى خەلقنىڭ باتۇرلۇق بىلەن زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغان بولماستىن، جۇرجىت مىللىتى خەلقىنىڭمۇ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. مەسىلەن: خەيلۇڭ پادىشاھ شەرقىي لياۋنىڭدىكى جۇرجىت قوشۇنلىرىنى جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىشقا ئېلىپ ماڭغاندا، شەنسۇڭغا بارغىچە تۈمەنلىگەن ئادەمنىڭ يېرىم يولدا قېچىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. جىن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى جۇرجىتلارغىمۇ ئوخشاشلا بالايى - ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان دېدۇق. ئۇنداقتا، يۆفېينىڭ جىنغا قارشى ئۇرۇشى بەلگىلىك دەرىجىدە جۇرجىت خەلقىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىگە ماس كەلگەن دېمەك، نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئەلۋەتتە ئۇرۇش بولغان ئىكەن ھەر ئىككى تەرەپتىن قۇربان بېرىش بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇشتىنمۇ ساقلانغىلى بولمايدۇ. لېكىن، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغىغان باش جىنايەتچى جۇرجىت ئاق سۆڭەكلىرى، يۆفېي يەنىلا ئۆزىنى قوغدىغۇچى، بۇ ھېسابنى قانداقلا بولمىسۇن يۆفېيگە ئارتقىلى بولمايدۇ. يەنە بەزى يولداشلار جۇرجىت مىللىتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى يۆفېينى ئۆزىنىڭ مىللىي قەھرىمانى دەپ ئاتاشنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، يۆفېينى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي قەھرىمانى دېيىشكە بولمايدۇ، دەيدىكەن.

بۇ مەسىلىدە مەن 2 نۇقتىدىن پىكىر قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن

ئالدى بىلەن، بىز دەۋاتقان مەلۇم تارىخىي شەخسنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللىي قەھرىمانى بولۇشى، بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پۈتۈن بىرگەۋدە ئىكەنلىكىگە قارى-

تىپ ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇمۇ يەنىلا ۋاقىتتا جەزمەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ھەر بىر كونكرېتنى ئەزاسىنىڭ تارىخىدىكى مىللىي قەھرىمانلار بولۇشى كېرەك دېگەن مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ يۇفېينى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قەھرىمانى دەپ ئاتىشىمىزدىن ئۇنىڭ ئوخشاشلا جۇرجىت مىللىتىنىڭمۇ تارىخىدىكى مىللىي قەھرىمانى دېگەن مەنا چىقمايدۇ. بۇ ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم. بىز جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن مىللىي قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىدىكى مىللىي قەھرىمانلار دېسەك بولىدۇ. لېكىن، تەتۈرسىچە جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىدىكى بارلىق مىللىي قەھرىمانلارنى جەزمەن ئوخشاش ۋاقىتتىكى جۇڭگودىكى ھەر بىر مىللەتنىڭ تارىخىدىكى مىللىي قەھرىمانى دېيەلمەيمىز. بۇنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن.

ئۇنىڭدىن قالسا، مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغىنىم، جۇرجىتلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى يۇفېينى جۇرجىت مىللىتىنىڭ مىللىي قەھرىمانى دەپ ئاتىمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار يۇفېينىڭ تارىخىي تۆھپىسىگە بېرىشكە بولغان باھانى تونۇپ قالالمايدۇ. يۇفېينىڭ جۇڭگو تارىخىدىكى قەھرىمانە شەخس ئىكەنلىكىنى يېپىپ قالالمايدۇ.

ئەلۋەتتە، سۇڭ، جىن لار تىركىشىۋاتقان چاغلاردا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان جۇرجىتلار ئاللا بۇرۇنلا يوقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۇشتلىرى خەنزۇلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن، كىملەرنىڭ ئۇلارنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىنى تېپىشىمىز تازا قىيىن. ھازىر جۇرجىتلارنىڭ پۇشتى دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغىنىمىز مانجۇلاردىنلا ئىبارەت. ئۇنداق ئەھۋالدا بىر مانجۇ مىللىتى تارىخىدىكى ۋەكىل كىشىدىن بىرنى تېپىپ، ئۇنىڭ يۇفېيگە قانداق باھا بەرگەنلىكىگە قاراپ باقايلى.

چىڭ سۇلالىسىدىكى چەنلۇڭ خاننى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بىز چەنلۇڭنىڭ يۇفېيگە ھەسسىلەپ چوقۇنىدىغانلىقىنى بىلىمىز، ئۇ چەنلۇڭنىڭ 4 - يىلى (1739 - يىلى) 11 - ئايدا ئېلان قىلىنغان خانلىق ئەسىرى «چەۋانداز ھەزرىتى يۇفېي ھەققىدە» دە يۇفېينى ماختاپ، «ساداقەتمەن، ئەقىل ئىگىسى ئىدى، كۆپنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇ باشلىغان لاۋۇ - لەشكەرلەر جەڭگە كىرسە دۈشمەنلەرنى تىرە - پىرەڭ قىلىۋېتەتتى، جەڭدە غالىب ئىدى، پاساھەتلىك لەشكەر بېشى، تەڭداشسىز سەركەردە ئىدى، ئەلەمگىمۇ، قەلەمگىمۇ قابىل، تەدبىرى كۈچلۈك، ساداقەتمەنلىك بابىدا بىرلا ئىدى، قەدىمدىن تارتىپ كۆپلىگەن داڭدارلار ئۆتكەن بولسىمۇ، يۇفېيگە يېتەلەيتتى» دەيدۇ ھەممە يۇفېي گەرچە چىنخۇي تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، خېلى بىر زامانلارغىچە ئۇنىڭ نام - شەرىپى، ئەل - يۇرت ئىچىدە يادلىنىپ، كۈنلەر، ئايلار ئۆتكەنسېرى ئۇلۇغلاندى» دەپ كۆرسىتىدۇ. چەنلۇڭنىڭ 15 - يىلى (1750 - يىلى) 9 - ئايدا ئۆزى تاڭيەندىكى يۇفېي «ساداقەت ئىبادەتخانىسى» غا قە-

دەم تەشرىپ قىلغان ھەمدە ئۇلۇغ قول ۋەزىرى لاۋفىڭچېنى ئالاھىدە ئەۋەتىپ «سەھرا خەتمى» ئۆتكۈزۈپ نەزىر - چىراق قىلدۇرغان. چەنلۇڭ يەنە بېغىشلىما مىسرا تۈزۈپ:

ئۆتمى نەچچە پەلۋانلار دوستۇرۇپ،
تۈگىمەس قىلماق بايان نام - شۆھرىتىن.
يەتمىگەي ھېچكىم ئاڭا قانچە قىلىپ.

نەچچە جەڭلەر ئىترىتىپ يەر ھەيۋەتىن. - دەپ يۈفېينى ماختىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، چەنلۇڭ خانىدىن ئىبارەت جۇرجىت ئەۋلادى ئەينى ۋاقىتتا يۈفېيگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەن. ئۇ يۈفېينىڭ «ساداقەت» ئىدىيىسىگە قارىتا يۈكسەك ئاپىرىن ئوقۇپ قالماستىن، بەلكى چىنگە قارشى كۈرەشىدىكى ھەربى ئىشلار تۆھپىسىنىمۇ تولۇقلاپ، مۇقىملاشتۇرۇپ بەرگەن.

بەزى يولداشلار تارىختىكى مەملىكەتىمىزدىكى مىللەتلەر كۈرەشلىرىدە بارلىققا كەلگەن مىللى قەھرىمانلار سۆزلەنسە (بولۇپمۇ يۈفېي مىسال قىلىنسا) مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا تەسىر يېتىپ قېلىشتىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆڭۈل ئاغرىتىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ، بۇنداق ئەندىشە قىلىشنىڭ بەلگىلىك يوللۇق تەرىپى بولسىمۇ، لېكىن ھاجىتىمۇ يوق. ئەينى يىللاردا چەنلۇڭ خانىنىڭ كۈچىنىڭ بېرىچە يۈفېيگە چوقۇنۇشى، ئاز سانلىق مىللەتنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىمىكەن؟ چەنلۇڭ خانىنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئاز سانلىق مىللەت كىشىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز كېرەكتە، ئەلۋەتتە. چەنلۇڭ خانىنىڭ ئەينى يىللاردا سەركەردە ھەزرىتى يۈفېيگە چوقۇنۇشى بىلەن بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە يۈفېيگە توغرا باھا بېرىشىمىزنى مەيدان، مەنبەئە جەھەتتىن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى كەلتۈرۈشىمىز پەقەت جۇرجىت مىللىتى ئەۋلادلىرىنىڭ يۈفېيگە قارىتا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغانلىقىنىڭ، پەسلەشتۈرۈدىغانلىقىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

چەنلۇڭ مانجۇلار جۇرجىتلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ يۈفېينى قەھرىمان دەپ مەدھىيىلەيدۇ دەيدىغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنداق بولسا، بىز جۇرجىتلار ئەۋلادى مەسىلىسىنى بىر ياقتا قالدۇرۇپ (چۈنكى مانجۇلاردىن باشقا، جۇرجىتلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىنى تاپقىلى بولمىغاچقا)سوڭ بىلەن جىن تىركىشىۋاتقان ۋاقىتتىكى جىنلىقلارنىڭ يۈفېيگە قانداق باھا بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى:

يۈفېي زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئىككىنچى يىلى (جەنۇبى سوڭنىڭ شاۋشىڭ 12- يىلى مىلادى1142-يىلى) سوڭ گاۋزۇڭنىڭ ئانىسى ۋېيشى بىلەن خۇيسوڭلىگىنىڭ جەسەت ساندۇقىنى جەنۇبقا ئېلىپ كېتىۋاتقان جىن سۇلالىسى ئەلچىلىرى لىن ئەندە جەنۇبى سوڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن يۈفېي ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن چاغدا، ئۇلار يۈفېينى «جاڭنەندە لەشكەر

باشقۇرۇشقا ئەپى بار ساداقەتمەندىن يۈفېيلا بار، ئۇ ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇپ قىلچىمۇ زىيان تارتىپ باققان ئەمەس» دەپ ماختاشقان ئىدى ھەمدە جەنۇبى سۇڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ يۈفېينى گۇناسىزلا ئۆلتۈرگەنلىكىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن ئىدى. يۈفېيگە قارىتا جىن سۇلالىسىدىكى ئايرىم ئەمەلدارلار يۇقىرى باھا بېرىپ قالماستىن، جىن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. مەسىلەن: جىن سۇلالىسىنىڭ بىر قېتىملىق يارلىق نامىسىدە «يۈەفېي تىترەتكەن دەپ جەنۇپ شىمالنى، نام ئالدى يۈفېي جەڭ تۆھپىسىدىن» دەپ مەدھىيىلەنگەن. كۆرۈشكە بولىدىكى ئەينى يىللاردا يۈفېي بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشقان جىن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ يۈفېينىڭ بىر قەھرىمان شەخس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

ئوخشاشلا ئازسانلىق مىللەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىللەردىكى سۇلالىلارمۇ يۈفېينى قەدىرلىگەن. مەسىلەن: موڭغۇل توتو باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «سوڭ تارىخى»دا يۈفېينى «ئەلەمدىمۇ قەلەمدىمۇ توشقان» بىر ئەۋلاد ئىدى دەپ ماختىغان. يۈەن سۇلالىسى شۈندىنىڭ دەل 9-يىلى (1349) يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ «يۈفېي ئادالەتنىڭ ھامىيسى ئىدى» دېيىشىمۇ بىر دەلىلدۇر.

راستىنى ئېيتقاندا، ئېلىمىز تارىخىدا ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى قەدىرلەيدىغان قەھرىمان كىشىلەر كۆپ بولۇپ، يۈفېينى مىسال قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. لياۋ سۇلالىسىگە قارشى جەڭدە غايەت زور تۆھپە ياراتقان سۇڭجاڭ، ياڭفېيلارمۇ «ئاتلىنىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۆزىنى، بىلدۈردى خوشنا ئەلگە ساداقەت، تىترىتىپ دۈشمەنلەرنى ھەرتەرەپتىن ئۆچمەس نامى، ئېغىزدىن كۆچۈپ ئېغىزغا» دېگەن باھاغا لايىق تارىخىي ئەزىمەتلەردۇر. ئۇلار پەقەت سۇڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىدىكى ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ قەدىرلىشىگىلا مۇۋاپىق بولۇپ قالماستىن، لياۋ سۇلالىسى خەلقلىرىنىڭمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

شۇلاردىن بىلىشكە بولىدىكى، تارىختا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇلۇغ تۆھپە قوشقان قەھرىمان كىشىلەر مەيلى قايسى مىللەتتىن كېلىپ چىققان بولمىسۇن ياكى قايسى سۇلالىگە مەنسۇپ بولمىسۇن ئومۇمەن جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق قەدىرلىشى ۋە ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشكەن. بۇنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر خىل ئېسىل ئەنئەنىسى، گۈزەل ئەخلاقى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق ئېسىل ئەنئەنە ۋە گۈزەل ئەخلاقنى بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئومۇملاشتۇرۇشىمىز، ۋارىسلىق قىلىشىمىز، جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. يۇقىرىدىكى بايانلارنى ئومۇملاشتۇرىدىغان بولساق، يۈفېيگە ئوخشاش ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ۋە تارىختا ئاللىبۇرۇنلا ھەرقايسى مىللەتلەر تەرىپىدىن جەزملەشتۈرۈلگەن تارىخىي شەخسلەرنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي قەھرىمانى دېيىشىمىز تولۇق ئاساسقا ئىگە.

ئوخشاشلا جۇڭگو تارىخىدىكى ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن كېلىپ چىققان قەھرىمان كىشىلەر، مەسىلەن: ئاگۇدا، چىڭگىزخان، نۇرخاچ، ۋۇباشى قاتارلىقلار، ئۇلارنىڭ پارلاق ئوبرازى ۋە تارىخى تۆھپىلىرىمۇ ئاللىبۇرۇنلا ئۆز مىللىتىدىن

ھالقىپ ئۆتۈپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي مىراسىغا ئايلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارمۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي قەھرىمانى بولىدۇ.

2-جۇڭگو تارىخىدىكى مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەر ئۇرۇشلىرىدا «تاجاۋۇزچىلىق» دېگەن سۆزنى قوللىنىشقا بولامدۇ يوق.

مۇزاكىرە داۋامىدا بىر خىل پىكىردىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئېلىمىز تارىخىدىكى مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي ئۇرۇشلارنى پەقەت ئادالەتلىك ۋە ئادالەتسىز، ئىلغار ۋە ئەكسىيەتچىل دەپلا پەرقلەندۈرۈشكە بولىدىكى، تاجاۋۇزچىلىق ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش خاراكتېرى بار دېگىلى بولمايدۇ، ھەمدە «تاجاۋۇزچىلىق» بىلەن «تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش» دېگەن سۆز كاپىتالىزم ئەۋجىگە چىققان مەزگىللەردە ھازىرقى زامان ھاكىمىيەت ئىگىللىگۈچى دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرىگە بېرىلگەن ھۆكۈم ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئۇقۇم. بىز كونكرېتنى تارىخىي شارائىتتىن ئايرىلىپ قالماسلىقىمىز، قەدىمكى دۆلەت بىلەن ھازىرقى دۆلەتنى، بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمى بىلەن سىرتقى قىسمىدىكى پەرقنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىكىمىز، ھازىرقى خەلقارا مۇناسىۋەت ئۆلچىمىنى قەدىمكى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي ئۇرۇشلارغا يۆتكەپ ئاپارماسلىقىمىز لازىم دەيدۇ.

بۇنداق ئاتاشنىڭ مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان تەرىپى بار. دەرۋەقە بىز تارىخىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا، كونكرېتنى تارىخىي شارائىتنى چىقىش قىلىش، قەدىمكى دۆلەتلەر بىلەن ھازىرقى دۆلەتلەرنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمى بىلەن سىرتقى قىسمىدىكى پەرقلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكلا، شۈبھىسىزكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تامامەن توغرا قىلغان بولىمىز. لېكىن بۇ يەردىكى مەسىلە «تاجاۋۇزچىلىق» بىلەن «تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش» سۆزى راستىنلا كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى ئۆرلىگەن مەزگىللىرىدە، ھازىرقى زاماندىكى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۇقۇممۇ؟ تارىختىكى مەملىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي ئۇرۇشلاردىلا «تاجاۋۇزچىلىق» ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش سۆزى ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈنلا ھازىرقى زامان خەلقارا مۇناسىۋەت ئۆلچىمىنى، قەدىمكى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي ئۇرۇشلارغا يۆتكەپ كەلگەنلىك دېيىلمەسە بولامدۇ يوق دېگەندىن ئىبارەت.

مېنىڭچە تېخى مۇنداق دېگىلى بولماس.

«تاجاۋۇزچىلىق» دېگەن سۆز ئېلىمىزدە قەدىمدىن تارتىپ بار بولۇپ، ئۇ قانداقتۇ كاپىتالىزم ئەۋجىگە چىققان مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۇقۇم ئەمەس. «كېيىنكى خەن نامە. كۆك رۇڭ قىسسى»دە «دەسلەپتە، ساۋ ساۋ تويى شەھرىگە باستۇرۇپ باردى، يۈەنشىنىڭ خوتۇن بالىلىرى كۆپ قېتىم تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىدى» دېيىلىدۇ. كۆرۈشكە بولىدىكى، قەدىمكى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇرۇشلار خاتىرىلىرىدە «تاجاۋۇزچىلىق»

سۆزى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن. مېنىڭچە، بىز «كېيىنكى خەن نامە» نىڭ ئاپتورى ئەينى ۋاقىتتا «تاجاۋۇزچىلىق» سۆزىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھازىرقى خەلقارا مۇناسىۋەت ئۆلچىمىنى قەدىمكى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇرۇشلارغا بۆتكەپ بارغان دېگىلى بولماس.

ئەمەلىيەتتە، «تاجاۋۇزچىلىق» بىلەن «تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش» سۆزىدىل «ئادالەتلىك» ۋە «ئادالەتسىز» سۆزلىرى بىلەن ئوخشاش بولغىنىدەك، ھازىرقى زاماندا خەلقارادىكى ئۇرۇشلارنىڭ خاراكتېرىگە، شۇنداقلا قەدىمكى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ خاراكتېرىگە نىسبەتەنمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ، چۈنكى، جۇڭگو تارىخىدىكى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ھەر قايسى سۇلالىلەر، مەيلى ئۇ قايسى بىر مىللەت ھۆكۈمرانلىقىدا قۇرۇلغان بولمىسۇن، ئەينى دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، قەدىمكى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغان قەدىمكى دۆلەت نەزىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بىر سۇلالىنىڭ ھاكىمىيەت ئىگىلەپ تۇرغان باشقا بىر سۇلالىگە چېقىلىشىدىن ئەلۋەتتە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى شەكىللىنىدۇ. دۇفۇ شېئىرلىرىدا «چېكى بار ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ، تېكلەنسە بەلگىلىك بولىدۇ. چېگرا-چېكى قان تۆكۈپ كۆپ سۈرسەدۇران، بولغۇسى تاجاۋۇزچىلىق» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى، قەدىمدىكى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى ھەر قايسى ھوقۇق ئىگىلىگۈچى دۆلەتلەر «تېكلەنسە بەلگىلىك بولىدۇ چېگرا-چېكى»لەر ئوتتۇرىسىدىكى «تاجاۋۇزچىلىق» بىلەن «تاجاۋۇزچىلىققا قارشى» ئۇرۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. قەدىمكى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇخىل بوزەك قىلىش بىلەن بوزەك قىلىنىش، تاجاۋۇز قىلىش بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ، ئاسانلىقچە ئىنكار قىلغۇدەك بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، قەدىمكى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار مەيلى قانداق مىللى تەركىپتىن تۈزۈلگەن بولمىسۇن، ھەممىسى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى «خوشنا بەگلىكلەر» ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بولۇپ، پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسىلىلەر، جۇڭگونىڭ چەتئەللەرگە قاراتقان ياكى چەتئەللەرنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئۇرۇشلىرى ئەمەس. بىز مەسىلىنى ئېنىق سۆزلىيەلىسەكلا ئىشىنىشكە بولىدىكى، «تاجاۋۇزچىلىق» سۆزىنى ئىشلىتىش بىلەنلا خاتاچۈشەنچە ۋە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقمايدۇ.

ئەلبەتتە، مېنىڭ مەقسىتىم، قەدىمكى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى ھەرقايسى سۇلالە ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ھەققىدە سۆزلەشكەندە جەزمەن «تاجاۋۇزچىلىق» ۋە «تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى «تاجاۋۇزچىلىق» سۆزىنى ئىشلىتىپ قويسىلا قەدىمكى دۆلەت بىلەن ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىنى، بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمى بىلەن سىرتقى قىسمىدىكى پەرقلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ھازىرقى زامان خەلقارا مۇناسىۋەت ئۆلچىمىنى قەدىمكى جۇڭگونىڭ

ئېچكى قىسمىدىكى مىللەتلەر ئۇرۇشىغا تەدبىق قىلىدى دېگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. مېنىڭچە ئېلىمىز تارىخىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر ۋەھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنى بايان قىلغاندا، تاجاۋۇزچىلىق بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، تالان - تاراج قىلىش بىلەن تالان - تاراج قىلىشقا قارشى تۇرۇش، بوزەك قىلىش بىلەن بوزەك قىلىشقا قارشى تۇرۇش، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، ئىلغارلىق بىلەن ئەكسىيەتچىلىككە ئوخشاش سۆزلەرنى تامامەن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

3. تارىختىكى ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانلارنى تىلغا ئالغاندا تاللاشقا، ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولامدۇ يوق.

بەزىلەر جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولغاچقا ۋەتەنپەرۋەر مىللىي قەھرىمانلارنى تىلغا ئالغان چاغدا تاللاش بولۇشى، ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشمۇ بولۇشى كېرەك. تاللىمىغاندا، ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمىگەندە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئارازلىق كېلىپ چىقىدۇ. كونكرېتنى ئېيتقاندا، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى سۆزلىگەندە سوڭ بىلەن يۈەن ئوتتۇرىسىدىكى، يۈەن بىلەن مىڭ ئوتتۇرىسىدىكى، مىڭ بىلەن چىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەم شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى ئازراق ئىشلىتىش، يازماسلىققا مۇمكىن بولسا يازماسلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك دېيىلسىلا يۆفېينى، ۋېنتىيەنشاڭنى ئېغىزغا ئېلىۋەرمەسلىك كېرەك دەيدۇ. يەنە بىر خىل پىكىردىكىلەر بولسا بۇنىڭغا قارشى پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، تاللاش ۋە ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش ئۇسۇلى خاتا دەپ قارايدۇ.

بۇ خۇسۇسىدە مەن 2 نۇقتىدىن پىكىر قىلماقچىمەن

ئالدى بىلەن تارىختىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىي قەھرىمانلىقنى سۆزلىگەندە تاللاشنى تەكىتلەش، ئەگىپ كېتىشنى تەكىتلىمەسلىكنى بىر خىل پرىنسىپ قىلىشاق دېگەن قاراشتىمەن. بىز بىلىمىز ھەر قاچان بىر تەشۋىقات ھامان بىر ئىجتىمائىي فۇنكسىيىگە ئىگە بولىدۇ. لېكىن تارىخىي ھادىسىلەر كۆپ ئەھۋاللاردا ھامان مۇرەككەپ يۈسۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بىز ئېلىمىز تارىخىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىي قەھرىمانلىق توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا، نېمىلەرنى سۆزلىشىمىز، نېمىلەرنى سۆزلىمەسلىكىمىزدە ئومۇمەن تاللاش بولۇشى لازىملىقى دېمىسەكمۇ چۈشىنىشلىك. ئەمەلىيەتتە مەيلى كىم بولسۇن، ئېلىمىز تارىخىدىكى ھەر قانداق بىر مەسىلىنى ئىزاھلىغان ۋاقىتتا سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇن، تارىخىي پاكىت قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇمەن تاللاش بولۇش لازىم. نېمىلەرنى تاللاش، نېمىلەرنى تاللىماسلىقتا ھەركىمنىڭ پىكرى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئۇنداق ئىكەن نېمە ئۈچۈن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش تەكىتلەنمەسلىكى كېرەك؟ چۈنكى، بۇ خىل ئاتاشنىڭ ئانچە ئىلمىيلىكى يوق بولۇپ، خۇددى ئەسلىدە سۆزلەشكە تېگىشلىك مەسىلە بولسىمۇ ئەگىپ كېتىشكە تېگىشلىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا سۆزلىمەي قويۇپ قويغاندەك بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز سۆزلەشكە

بولمىدىغانلا بولسا تېخىمۇ توغرا بايان قىلىپ، ھېچنەرسىنى ئەگىمەي ئۆتۈپ كەتمەسلىكتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن يالغۇز تاللاشنى تەكىتلەپ، ئەگىمەي ئۆتۈپ كېتىش دېگەن گەپنى يەنە قىلىۋەرمەسلىك كېرەك دەپ قارايمەن.

ئۇنىڭدىن قالسا مەن بىرقىسىم يولداشلارنىڭ پىكىرىگە قوشۇلىمەن. ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىي قەھرىمانلىقنى سۆزلىگەندە يۈەن، سۇڭ، مىڭ، چىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمدە شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئەگىمەي ئۆتۈپ كەتمەسلىك كېرەك. بەزى يولداشلار ئوتتۇرىغا قويغاندەك، بۇ مەزگىللەرنىڭ ھەممىسى دەل ئېلىمىز تارىخىدىكى تەرەققىيات ۋە بىرلىشىشنىڭ بىرقەدەر روشەن بولغان ھەم كەسكىنلەشكەن مەزگىللىرى. ئەگەر بۇ دەۋردىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تارىخى سۆزلەنمىسە ياكى ئاز سۆزلەنسە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىز تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئوينىغان كونكرېت رولىنى چۈشەندۈرۈشكە پايدىسىز بولۇپلا قالماي، تارىختىكى مىللىي قەھرىمانلىق ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئېنىق سۆزلەشمۇ قىيىن بولۇپ قالىدۇ.

ماۋجۇشى «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا كۆپلىگەن مىللىي قەھرىمانلار ۋە ئىنقىلاب داھىيلىرى بارلىققا كەلگەن، شۇڭلاشقا جۇڭخۇا مىللىتى يەنە بىر شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ۋە مۇنەۋۋەر تارىخىي مىراسلارغا ئىگە مىللەت» دەپ كۆرسەتكەن. ماۋجۇشى ئېيتقان «نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ» تەبىئىكى، سۇڭ بىلەن يۈەن ئارىلىقىدىكى، يۈەن بىلەن مىڭ ئارىلىقىدىكى، مىڭ بىلەن چىڭ ئارىلىقىدىكى ھەم شىنخەي ئىنقىلابىي دەۋرىدىكى مەزگىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزگىللەردە بارلىققا كەلگەن مىللىي قەھرىمانلار ۋە ئۇلار ئىپادىلىگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى، شۇنداقلا قەتئىي، ھەققانىيەتچىل روھ — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل تارىخىي مىراسلىرى. بىز ئۇنى ئوبدان يەكۈنلىشىمىز، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، تاشلىۋەتمەسلىكىمىز لازىم.

تيەنئەنمېن مەيدانىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان «خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارى» ئۈستىگىمۇ «1840-يىلدىن بۇيانقى ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن تارىخىي كۈرەشلەر جەريانىدا قۇربان بولغان خەلق قەھرىمانلىرى مەڭگۈ ھايات» دېگەن سۆز يېزىلغان. بۇيەردە دېيىلگەن ئالدىنقى 1840-يىل تەبىئىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى «خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارى» دا يادلىنىپ تۇرغانلار پەقەت «3 يىلدىن بۇيانقى» «30 يىلدىن بۇيان» قۇربان بولغان خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ تۆھپىلىرى بولماستىن، ئۇنىڭ ئىچىدە شىنخەي ئىنقىلابىي مەزگىلىدىكى قەھرىمانلارنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىمۇ بار. «خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارى» دا يۈكسەك باھا بېرىلگەن تۇرۇقلۇق بىزنىڭ ئەگىمەي ئۆتۈپ كېتىشكە نېمە ئاساسىمىز بار؟

ئەمەلىيەتتە، ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش ۋاستىسىنى قوللىنىش تارىختىكى مىللەتلەر مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولى ئەمەس. چۈنكى، ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش كىشىلەرنىڭ تارىختىكى مىللەتلەر مەسىلىلىرىنى توغرا تونۇشىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ. پەقەت ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا، ئېلىمىز تارىخىدىكى ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدىكى بايانلار ۋە بېرىلگەن باھالار توغرا بولسىلا، ئاندىن ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ھەقىقىي يوسۇندا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتكىلى، ھەقىقىي يوسۇندا سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى، ئېلىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. ھەتتا، يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ قائىدىنى قەدىرلىگى كىشىلەرمۇ بىلگەن. مەسىلەن: چىڭ سۇلالىسىدىكى چەنلۇڭخان مىڭ دەۋرى پۈتۈكچىسىنىڭ پادىشاھ دورگۇن ھەزرىتىنىڭ تارىخنى يېزىشتا ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئەيىبلەپ تولۇقلاشقا پەرمان قىلغان ھەم ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش ئادالەتسىزلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ قىلچە پايدىسى يوق، زىيىنى كۆپ دەپ تونۇغان.

دېمەك چىڭ ئوردا پۈتۈكچىلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن كىتاب-رىسالىلەردە، قۇرۇق گەپ كۆپ، ئەزىمەتلەرنىڭ ئىشى ئاز، پەدەز ھەم سۆرەتلەش بىلەن توشۇپ كەتكەن، ئاساسەن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكەن، شۇڭلاشقا چەنلۇڭخان قاتتىق غەزەپلەنگەن. ئۇ: «ئۇنداق قىلسا بولمايتتى، بۇ مىڭ پۈتۈكچىسى ئېغىر كۈنگە قالغاندىمۇ ھەقنى يازسا بولاتتى، قۇرۇق گەپنى يازمىسۇن، ساداقەتمەنلىك قەلبىنى تاشلىۋەتسە قانداق بولغاي؟ قۇرۇق گەپ قىلىپ خەسلىك قىلسا، كېيىنكىلەر نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ، يامان نىيەت سۆزگە ئارىلىشىپ قالسا ئالەم ماللىماتاڭ بولۇپ كېتىدۇ، شۇڭا ئەگىپ كەتمەسلىك كېرەك. ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ» دېگەن.

بۇ يەردە چەنلۇڭ خانىنىڭ پوزىتسىيىسى شۈبھىسىز توغرا بولۇپ، ئەينەك قىلىشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، چەنلۇڭ بىر فېئودال مۇھەتتىمكى پادىشاھ بولغاچقا مەيلى سوبيېكتىپ جەھەتتىن سۆزلىگەن بولسۇن ياكى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن سۆزلىگەن بولسۇن ئۇ تارىختىكى مەسىلىلەرگە قارىتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بويىچە پىكىر قىلىپ كېتىدۇ دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. پەقەت ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئىگىلىگەن بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىلا تارىختىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرماي، تارىخىي پاكىتلارنى قىرقىۋەتمەي، جۇڭگو تارىخىدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھال-

دا بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ.

«تارىخ ئىلمى ئايلىق ژورنىلى» نىڭ 89-يىللىق 2-سانىدىن.

ئابدۇرشىت قۇربان تەرجىمىسى

(تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: دوتسېنت شىرىپجان قاسىم)

«خوتەن سىفەن جۇەنكې ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش مۇھەررىر: ئابدۇللا تۇرسۇن (مەكتەپ مۇدىرى، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى)
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئابدۇللا مەتسىيىت (مەكتەپ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت)
ھەيئەت ئەزالىرى:
ئابدۇلئەھەت قۇربان (مەكتەپ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت)
مامۇت مۇھەممەت (دوتسېنت)، شىرپجان قاسىم (دوتسېنت)، ئۆمەرسىيىت (دوتسېنت)،
ئىمىن راشىدىن (دوتسېنت)، ئابدىلىم غېنى (لېكتور)، تۇرسۇن غېنى (لېكتور)، غۇلام قادىر
(دوتسېنت)، ھۇسەيىن روزى (لېكتور)، ماگورويى (دوتسېنت)
گېزىت-ژۇرنال تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى: شىرپجان قاسىم
گېزىت-ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەت توختى ئەخمەت
گېزىت-ژۇرنال تەھرىر بۆلۈم مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختار ئابدۇللاھاجى
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: شىرپجان قاسىم
كوررېكتور: گۈلشەن مامۇت.


پوچتا نومۇرى: 848000، تەھرىر بۆلۈم تېلېفون نومۇرى: 23479

خوتەن سىفەن جۇەنكې ئىلمىي ژۇرنىلى
1989 - يىلى 3 - سان (ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
和田师专学报（哲学社会科学版）
خوتەن سىفەن جۇەنكې مەكتىپى گېزىت - ژۇرنال
تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
خوتەن سىفەن جۇەنكې مەكتىپى
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
和田师专印刷厂印刷
1990-يىلى 5-ئاينىڭ 15-كۈنى نەشىردىن چىقتى